# 2010-يىل 4-

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال



# بۇلاق

源泉 (布拉克) • BULAK

ISSN 1005-0876
9 771005 087006 08>

## نەۋائى غەزەللىرىدىن

نى نەۋا ساز ئەيلەگەي بۇلبۇل گۈلىستاندىن جۇدا،
ئەيلەمەس تۇتى تەكەللۇم شەككەرىستاندىن جۇدا.
ئول قۇياش ھەجرىندە قورقارمەن فەلەكنى ئۆرتەگەي،
ھەر شەرارىكىم بولۇر ئول ئوتلۇغ ئەفغاندىن جۇدا.
دىلبە ھىجرانىدا چەككەيسەن فىغانۇ نالە كوپ،
جىسم ئىلە مۇنغان بولغان نەفەس جاندىن جۇدا.

ھەجر ئوتلۇمەن تەنىمنىش مۇندىن سوڭ ئەي گەردۇن مېنى
ئەيلەگىل جاندىن جۇدا، قىلغۇنچە جاناندىن جۇدا.
بولسا يۈز مىڭ جانىم ئال ئەي ھەجر، لېكىن قىلماغىل
يارنى مەندىن جۇدا، ياخۇد مېنى ئاندىن جۇدا.
ۋەسل ئارا پەرۋانە ئۆرتەنمەي، ھامانە بىلەكىم،
قىلغۇدەك مۇر سوبھ ئانى شەمئى شەبستاندىن جۇدا.
بەزمىدە سەنسىز بولۇپ ئەردى نەۋائى يارسىز،
بولماسۇن يارەبكى، ھەرگىز بەندە سۇلتاندىن جۇدا.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

31 - يىل نەشرى
ئومۇمىي 133 - سان



# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

يار ئۆيىدە ياتقاندۇ،
مېنى يەرگە ياتقاندۇ.
ۋاپادار مېنىڭ يارىم،
قانچە دەرتنى قاتقاندۇ.

ئىشىكنى ياپساقنى،
چالا قىلماي ئەرگۈم بار.
كۆڭلۈمدىكى شۇ يارغا،
جېنىمنى بەرگۈم بار.

گۈل بويىدا سۆزگەن بار،
سايىسى كۆلگە چۈشەر.
جامالى ئۇز جېنىمنىڭ،
دىماغى بىزگە چۈشەر.

باغنىڭ باغرىدا ئانار،
تۈپ، تۈپ يېرىدۇ گۈلىڭ.
يارىمنىڭ بويى زىلۋا،
قايرىپ سۆيگىلى نەيلىك.

سەن ئۇيەردە شاتۇتى،
مەن بۇيەردە شاتۇتى.
ئەجەب بۇ يامان ئىكەن،
يىراقتىكى يار ئوتى.

خىيال قىلىپ ئولتۇرسام،
ئالما چۈشتى قېشىمغا.
يارىم ئەجەب ئەسقاتتى،
كۆز چۈشكەندە بېشىمغا.

ئۆيلىرى گۈل ياقىسى،
ئەگىپ ئۆتەلمەيدۇ كىشى.
ئۆيلىرى خۇشبۇي جۇۋان،
ئۆلمەي ئۆزەلمەيدۇ كىشى.

سۆيدىلا گۈلدىكى ئاق نېرەن،
مېنىڭ سۆيىلامغانم كىيدۇ.
ساڭا كۆيگەن بولىۋان،
قانداق قىلسام سەگىيدۇ.

ئوۋچى باينىڭ ئوغلىمەن،
سايدا كىيىك ئوۋلايمەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى،
سۆيۈپ، سۆيۈپ قانمايمەن.

باتۇرجان ئابدۇۋەلى ئوغلان

# بۇلاق

2010 ـ يىللىق 4 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

مەئلۇماتۇل ـ ئافاق ........................ ئەمىنىددىنخان ھۇسەينىي ھىرەۋى (5)
مولla مۇھەممەدسەئىدنىياز تەرجىمىسى
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
ئەجمەلخان ھەبىبۇللا ھاجى
مىرئاتى شەرئ ........................................ **غىياسىددىن** (27)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات تۇرسۇنباقى
شېئىرلار ........................................ ھاجى ئىمىن يېڭىھىسارىي (38)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان روزىمۇھەممەت،
بۇۋىمەريەم شىرىپ خۇشتار

### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

فولكلور دېتاللىرىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئوبرازلىشىشى .................. يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق (46)
«جاھاننامە» داستانىدىكى ئوخشىتىشلار ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە .................. سەلىمئاي غاپپار (58)
كىلاسسىك بەدىئىي سەنئەتلەر ھەققىدە .................. ھۆرمەتجان فىكرەت (63)
ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئاناتولىيەدىكى تەسىرى .................. يۇسۇپجان ياسىن (73)

nurkitap.com

## مەشھۇر شەخسلەر


شائىر سۇپۇرگى سەنجەربى ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ئىلمى ئەمگەكلىرى ..................... ئابدۇقادىر سادىر (84)
ئەھمەد زىيائىي ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ........................ ئابابەكرى ئابدۇرەشىت (90)


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


شاھزادە سەمەر ۋە مەلىكە ئەختەر ......... نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئۇچقۇنچان ئۆمەر، ئەنۋەر ئابلەت شەيدائىي (97)
بېيت ـ قوشاقلار ........................................ نەشرگە تەييارلىغۇچى: بۇغدا ئابدۇللا (105)
رىۋايەتلەر .................................................. توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەدتوختى ئەھمەد (108)


※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: بوز يىگىت (رەسسام: مۇھەممەت ئابدۇرېھىم)

※ ※ ※


مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نېغمەت

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

نەققاش: نۇرئېلى نۇرمۇھەممەد



تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo.cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)

ئەممىددىنخان ھۇسەينى ھىردۋى

# مەئلۇماتۇل - ئافاق

مولال مۇھەممەدسەئىدنىياز تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
ئەجمەلخان ھەبىبۇللا ھاجى

## ئاجايىپ - غارايىپ قۇشلارنىڭ بايانى

ھىندىستاننىڭ تەيقەر دېگەن شەھىرىدە بىر خىل قۇش بار بولۇپ، ھەر كىمنىڭ ئۆيىدە بۇ قۇشتىن بولسا، ئەگەر شۇ ئۆيدىكى بىرەرسىگە زەھەر قوشۇلغان تاماق بېرىشنى قەستلىسە قۇشنىڭ نەزەرى ئۇ تائامغا چۈشكەن ھامان تائام ئۇيۇپ تاشقا ئايلىنىپ قالىدىكەن. ئەگەر بۇ تاشنى ئېزىپ جاراھەتكە سۈرۈلسە ساقىيىدىكەن. بۇ قۇش تەيقەر دېگەن يەردىن باشقا ھېچ يەردە يوق ئىكەن.

ھىندىستاننىڭ بەمرۇقىن دېگەن شەھىرىدە بىر خىل قۇش بار ئىكەن. ئەگەر ئۇ چۆل - جەزىرىلەردە ئۆلۈپ قالسا، تۇمشۇقىنىڭ يېرىمى كېمىنىڭ ئورنىدا بولىدىكەن، خالايىق ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ دەرياغا كىرىدىكەن.

ئاستىرئاباد دېگەن شەھەردە پاختەككە ئوخشاش بىر خىل قۇش بار بولۇپ، باھار كۈنلىرىدە پەيدا بولىدىكەن، بىر توپ قۇشلار ۋە قۇشقاچلار ئەگىشىپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا دان ۋە يېمەكلىك ئەكىلىپ بېرىدىكەن. كۈن كەچ بولغاندا مەزكۇر قۇش ئۆزىگە ئەگىشىپ يۈرگەن قۇشقاچتىن بىرنى تۇتۇپ يەيدىكەن. ئەتىسى يەنە بىرىگە نۆۋەت كېلىدىكەن. يىلبويى شۇنداق ئۆتىدىكەن.

غۇر ۋىلايىتىدە بىر خىل قۇش بار بولۇپ، سەمەندەر دەپ ئاتىلىدىكەن چاشقانغا ئوخشايدىكەن. ئوتقا كىرسە ئوت كۆيدۈرمەيدىكەن. ئوتتىن چىقسا ئاۋۋالقىدىنمۇ ساپ، پاكىز بولۇپ چىقىدىكەن. بىراۋ ئۇنىڭ قانىتى بىلەن قىلىنغان سەللىنى ھەزرىتى جاھانگىر پادىشاھقا ھەدىيە قىلغانىكەن، سەللە كىر بولۇپ قالسا، ئوتقا تاشلىسا ساپ ۋە پاكىز بولىدىكەن.

مەغرىب ۋىلايىتىدە قارۇن دېيىلىدىغان بىر خىل قۇش بار بولۇپ، ھەمىشە كېمىگە ئەگىشىپ ئۇچۇپ يۈرىدىكەن. كېمە غەرق بولىدىغان ھالغا يەتسە ياكى دېڭىز ھايۋانلىرىدىن بىرەرسى كېمە ئەھلىگە زەرەر

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا.

يەتكۈزمەكچى بولسا، بۇ قۇش بىر قېتىم ئاۋاز چىقىرىدىكەن. كېيىندىكىلەر ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يۇك - تاقلىرىنى تاشلاپ كېمىلىرىنى توختىتىپ مۇداپىئەلىنىشكە كىرىشىدىكەن.

ھەرەم بىلەن مىنا چېگراسىدا بىر خىل قۇش بار بولۇپ، نورۇز كۈنى ئۇ قۇش كىشىلەر ئارىسىغا كىرسە، كىشىلەر بۇ يىل مەككىدە قەھەتچىلىك بولىدىكەن دەپ بىلىشىدۇ. بابىل ۋىلايىتىدىمۇ شۇنداق بولىدىكەن.

«ئاجايىبۇل - مەخلۇقات» دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، بىر خىل قۇش بار بولۇپ، ھەر يىلى ئاشۇرا كۈنىدە ھەزرىتى ئىمامى ھۇسەين — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ مۇقەددەس قەبرىسىگە كېلىپ ئەتىگەندىن كەچكىچە يىغلايدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن غايىب بولۇپ كېتىدىكەن. بىر يىلغىچە ھېچكىم ئۇنى كۆرمەيدىكەن.

تورلىغاي دېيىلىدىغان بىر خىل قۇش بار بولۇپ، ئەركەك چىشى بىر جۈپ تورلىغايدىن قايسىبىرى ئۆلۈپ كەتسە، ھايات قالغىنى ئۆلگىچە باشقا تورلىغاي بىلەن جۈپلەشمەيدىكەن.

بەزى باياۋانلاردا خازىن دېيىلىدىغان بىر خىل قۇش بار بولۇپ، چوڭلۇقى پىلغا تەڭ كېلىدىكەن. بەزىدە دەريا بويلىرىدا يۈرۈپ ئادەم ۋە چوڭ - كىچىك ھايۋانلارنى ئوۋلايدىكەن.

مىسىر باياۋىنىدا «باغىس» دېيىلىدىغان بىر خىل قۇش بار ئىكەن. ئۇنىڭ 30 قۇيرۇقى بار بولۇپ، يىلدا 30 باچكا چىقىرىپ چوڭ قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئىشى يۇشۇرۇنۇپ تۇرۇپ چوڭ - كىچىك ھايۋانلارنى ئوۋلاشكەن.

زەنگى ۋىلايىتىدە بىر خىل قۇش بار بولۇپ، كافۇر دەرىخى ئۈستىگە تۇخۇم قويىدىكەن. يىلان ئۇنىڭ تۇخۇمى ۋە باللىرىنى قەستلىمەكچى بولسا، بۇ قۇش كېلىپ تۇخۇمىنى يىلاننىڭ كۆزىگە قاتتىق ئۇرىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن يىلان كور بولىدىكەن، تۇخۇمى سۇنمايدىكەن. بالىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، تۇخۇمنىڭ شاكىلىنى بالىسىنىڭ ئەتراپىدا قويۇپ قويىدىكەن. يىلان ئۇنى «تۇخۇم» دەپ بىلىپ قۇش بالىسىغا زەرەر يەتكۈزەلمەيدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۆگىقۇش چىشىسى بىلەن جۈپلەشكەندە چىشىسى ئابى مەنىسىنى قۇلىقىدىن ئالىدىكەن، تۇخۇم چىقارغاندا ئېغىزىدىن كەلتۈرىدىكەن.

نۇر تېغىدا ئۆزى كىچىك بىر خىل قۇش بار بولۇپ ئۆزى كىچىككەن، ئالتۇن - كۈمۈشكە ناھايىتى ھېرىسمەن ئىكەن. قانداق يەردە ئالتۇن - كۈمۈش بايقىسا دەرھال ئېلىپ قاچىدىكەن ۋە ئۇۋىسىغا ئېلىپ بېرىپ ئوت - خەسلەرنىڭ ئارىسىغا يۇشۇرۇپ قويىدىكەن. كۆپىنچە خەلقلەر ئۇنىڭ ئۇۋىسىنى ئاختۇرۇپ ئالتۇن - كۈمۈش تېپىپ ئالىدىكەن.

بەربەر ۋىلايىتىدە ۋاپادار قۇش (باۋافا) دېيىلىدىغان كىچىك قۇشلار بار ئىكەن. خالايىق ئۇلارنى ئۆيلىرىدە ساقلاپ بېقىشىدىكەن. بىرىنى قەپەستە ئېلىپ قېلىپ قالغىنىنى چۆلگە ھەيدىۋەتسە، ئۇلار دەشتى - چۆللەردە يۈرۈپ دان تېپىپ يەپ كەچتە ئىگىسىنىڭ ئۆيلىرىگە ئۇچۇپ كېتىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئۇنى ۋاپادار قۇش دەپ ئاتاشقانىكەن.

«ئاجايىبۇد - دۇنيا» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، بۈركۈت بالىسىنى تۇخۇمدىن چىقارغاندىن كېيىن، بالىسىنى چۆلدە قويۇپ ئۆزى ئۇچۇپ كېتىدىكەن. فانۇس ئاتلىق بىر قۇش كېلىپ بۈركۈت باللىرىنى

تاكى چوڭقۇپ ئۆزى ئۇچۇپ جىنىنى ساقلىغۇدەك بولغۇچە باقىدىكەن. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، فانۇس قۇش قېرىپ ئۇچالمايدىغان بولۇپ قالغاندا بۇركۇت بالىلىرى كېلىپ ئۇ ئۇۋلاپ ئۇنى تاكى ئۆلگەنگە قەدەر باقىدىكەن.

تۈركىستان ۋىلايىتىدە «ئەبۇ ھارۇن» دېيىلىدىغان بىر خىل قۇش بار بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق سايرايدىكەن. كىچىچە ئۇخلىماي تا كۈندۈز بولغۇچە ناھايىتى يېقىملىق سايرايدىكەن. نۇرغۇن خەلق ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشىپ خۇش ئاۋازىدىن ھوزۇرلىنىپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىشىدىكەن.

بەربەر ۋىلايىتىدە بىر خىل قۇش بار بولۇپ، ئاشلىق قىممەت بولىدىغان يىلىدا بىر خىل سايرايدىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ سايرىشىغا قاراپ بۇ يىل ئاشلىق قىممەت بولىدىكەن دەپ بىلىشىدىكەن. ئاشلىق ئەرزان بولىدىغان يىلىدا يەنە بىر خىل سايرايدىكەن. بۇنىڭدىن كىشىلەر بۇ يىل ئاشلىق ئەرزان بولىدىكەن دەپ بىلىدىكەن.

چىنماچىن ۋە ھىندى ئاراللىرىدا رۇخ دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قۇش بار ئىكەن. بۇ قۇش ناھايىتى چوڭ بولۇپ، چاغچىلىدا بىر پىلنى كۆتۈرۈپ ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىنماچىن ئاراللىرىنىڭ بىرىدە مەزكۇر قۇش دەريادىن بىر كېمىنى ئېلىپ تاشلىغانىكەن. كېمە ئەھلى كېمىدىن تۆكۈلۈپ تىرىپىرەڭ بولۇشۇپ كەتكەن. شۇ ھالەتتە ئۇلار بىر دانە نۇرلۇق گۈمبەزنى كۆرۈشكەن. يۈگۈرۈپ بېرىشسا، مەزكۇر قۇشنىڭ تۇخۇمى ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكى 100 گەزدىن ئارتۇق كېلىدىكەن. ئۇلار تاش بىلەن كۇچەپ ئۇرۇپ تۇخۇمنى سۇندۇرغان. ئۇلار كېمىگە چىقىپ تۇرۇشىغا مەزكۇر قۇش ھاۋادا بالايىئەزىمدەك پەيدا بولغان ۋە چاڭگىلىدا بىر تاغنى كۆتۈرۈپ كېمە ئەھلى ئۈستىگە تاشلاش ئۈچۈن كېمە ئۈستىگە كېلىپ تۇرغان. كېمە ئەھلى تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ بالانى كۆرۈپ ھەممىسى دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشقان. خۇدايىتائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ شامالغا ئەمر قىلغان. شامال دەرھال كېمىنى يەنە بىر تەرەپكە ئېلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن قۇش چاڭگىلىدىكى تاشنى كېمە ئەسلىي تۇرغان ئورۇنغا تاشلىغان. تاغ پارچىسى دەرياغا چۈشۈپ كېمە ئەھلى ساق قالغان. ئۇلار دېڭىزدا بىر ئاي يول يۈرگەن بولسىمۇ تاغ پارچىسىنى دېڭىزغا تاشلاشتىن ھاسىل بولغان دولقۇن توڭگەن نۇقتىغا يېتىپ بارالمىغان.

بەزى كىتابلاردا بايان قىلىنىشىچە، ھىندى ئاراللىرىدا قەقنۇس دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈرلۈك قۇش بار بولۇپ، مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرىدىكەن. مىڭ يىلدىن كېيىن، چۆلگە ئوتۇن توپلاپ ئۆتكەن ئۆمرىگە كۆپ ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ يىغلايدىكەن. چۆلدىكى قۇشلار ئۇنىڭ نالە ـ زارىدىن پەرۋانىدەك توپلىنىدىكەن. شۇ چاغدا ھېلىقى قۇش قاناتلىرىنى كۈچلۈك تەرزدە بىرىنى بىرىگە ئۇرىدىكەن. بۇ چاغدا قاناتلىرى ئارىسىدىن بىر پارچە ئوت چىقىپ ئوتۇن ئۈستىگە چۈشۈپ قەقنۇس ئوتۇن بىلەن بىرگە كۆيۈپ كۈل بولىدىكەن. كۈلىدىن بىر دانە تۇخۇم ھاسىل بولىدىكەن، مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن، تۇخۇمدىن قەقنۇس بالىسى چىقىپ ھاۋادا پەرۋاز قىلىدىكەن. ئۇمۇ ئۆمرىنى دەسلەپكى قەقنۇستەك ئۆتكۈزىدىكەن.

«تارىخى پەرغانە» دېگەن كىتابتىن نەقىل قىلىنىشىچە، «زەئدىيىە مۇتەررەدە» دېيىلىدىغان بىر خىل قۇش بار بولۇپ، ئادەمگە ئوخشاش ساقال ـ بۇرۇتى بار ئىكەن، يۈزى ئادەمنىڭ يۈزىگە ئوخشايدىكەن. ئۆزى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، قاناتلىرى ھەر خىل رەڭلەر بىلەن رەڭلەنگەنىكەن. ئۇ ئەنقا دەپمۇ ئاتىلىدىكەن.

ئەزالىرى كۆپ قۇشلارغا ئوخشايدىكەن. ئەزىز بىللاھ بىننى مۇئىز ئەسمە ئىلى دېگەن كىشى ئۇنى يانلىرىغا كەلتۈرگەنىكەن.

## ئاجايىپ ـ غارايىپ دەرەخلەرنىڭ بايانى

شام شەھىرىگە يېقىن بىر باياۋاندا تۈدرى دەرىخىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر چوڭ دەرەخ بار بولۇپ، كېچە بولغاندا يوپۇرماقلىرى ۋە شاخلىرىدىن خۇددى چىراغقا ئوخشاش نۇر يېنىپ خەلققە يورۇقلۇق بېرىدىكەن. قاراڭغۇ كېچىلەردە يورۇقلۇقى كۈچىيىدىكەن. كىشى ئۇ دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى تۇتسا قولنى كۆيدۈرمەيدىكەن. يوپۇرمىقى دەرەختىن ئاجرىتىلسا يورۇقلۇق بەرمەيدىكەن.

تەبەرىستاندا بىر خىل ياغاچ بار بولۇپ، تەبەريي تىلىدا «مەمىزەر» دېيىلىدىكەن. قاراڭغۇ كېچىلەردە ئوت يېقىلسا چىراغدەك يورۇقلۇق بېرىدىكەن.

ھىندىستاندا بىر خىل گىياھ بار بولۇپ، ئادەم قولىنى ئۇنىڭغا يېقىن كەلتۈرسە ئادەمدىن قېچىپ يەرگە چاپلىشىۋالىدىكەن. بىراۋ قولىنى ئاستىدىن يېقىن كەلتۈرسە ئۈستىگە قاچىدىكەن. ھىندى ھۆكۈمالىرى ئۇنى «ئادەمدىن قاچقۇچى گىياھ» دەپ ئاتىشىدىكەن.

ھىندىستاندا بىر خىل دەرەخ بار بولۇپ، ئۈستىگە تۆتى قۇشلار ئۇۋا سالىدىكەن. كىشىلەر ئۇنى كېسىش ئۈچۈن تىغ سالسا قان ئاقىدىكەن.

ھىندىستاندا بىر خىل دەرەخ بار بولۇپ، كىشى ئۇنىڭ بەرگىنى ئۈزسە بۇرنىدىن قان ئاقىدىكەن. ياغىچىنى ئوتقا سالسا ئوت كۆيمەيدىكەن.

ھىندى شەھەرلىرىدە بىر خىل دەرەخ بار بولۇپ، «ئەنارى ئەۋاكەش» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ مەشرىق تەرەپتىكى مېۋىسى ناھايىتى تاتلىق ۋە لەززەتلىك، مەغرىب تەرەپتىكى مېۋىلىرى ناھايىتى ئاچچىق بولىدىكەن.

مىسىر چېگراسىدا بىر خىل ئۆسۈملۈك بار بولۇپ، چىراغقا سېلىنسا پىلىككە ئوخشاش كۆيۈپ يورۇقلۇق بېرىدىكەن. شامغا ئوخشاش كۆيىدىكەن.

ھەزرىمەۋت ۋىلايىتىدە كىشىلەر يەردىن چاقچۇق قاچىلارنى تاپقان بولۇپ، ئىچىدە بۇغداي باشاقلىرى بار ئىكەن، ھەر بىر باشاق بىر جىڭ كېلىدىكەن. باشاقنىڭ ھەر بىر دېنى تۇخۇمدەك چوڭلۇقتا ئىكەن.

سەرەندىپ شەھىرىدە بىر خىل بۇغداي بار بولۇپ، ھەربىر غىلاپتا ئىككىدىن دان بار ئىكەن.

بىلادىمىن دېگەن شەھەردە بىر دەرەخ بار بولۇپ، قۇربانلىق ئېيىدىن باشلىنىپ تۆت ئاي ئۇنىڭدىن سۇ ئاقىدىكەن، باياۋانلار، كۆللەر ئۇنىڭ سۈيى بىلەن توشىدىكەن، تۆت ئاي ئۆتۈپ كەتسە، بۇ سۇ توختاپ قالىدىكەن.

مىسىر شەھىرىدە قوغۇن ناھايىتى چوڭ ۋە تاتلىق بولىدىكەن. ھەرقانداق كۈچلۈك تۆگىمۇ ئىككى قوغۇننى كۆتۈرەلمەيدىكەن.

ئىستەخر دېگەن شەھەردە بىر خىل ئالما بار بولۇپ، چوڭ تۆگىنىڭ لوكىسىدەك چوڭلۇقتا بولىدىكەن.

ناسىرە دېگەن شەھەردە بىر خىل تۇرۇنجى (جۇزە) دەرىخى بار بولۇپ، مېۋىسى ئايال كىشىنىڭ

سۈرىتىدە بولىدىكەن، پۇت ـ قوللىرى ئادەمنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا ئوخشايدىكەن، پەرجىنىنىڭ ئورنى ئوچۇق ئىكەن، ئىككى ئەمچىكى بار ئىكەن.

ھىرات شەھىرىدە ھەر يىلى مەغرىب تەرەپتىكى خالايىق ئەسرى دېگەن دەرەخنى يەيدىكەن. ئۇ يەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ شەھۋىتى غالىب بولۇپ، ئەرلىرىگە چېقىلىدىكەن، ھەر يىلى شۇنداق داۋام قىلىدىكەن.

بەسرە ۋىلايىتىدە خورما ۋاقتىدا كۆپلىگەن قاغىلار خورما دەرەخلىرىگە توپلىنىشىدىكەن. بۇ چاغدا خورما دەرىخىنىڭ ھەممىسىدە قارا مەلۇم بولىدىكەن. ئەمما ئۇلار بىر تال خورمىغا زەرەر يەتكۈزمەيدىكەن. بىرەر تال خورما ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ كەتسە، يەرگە كۆمۈپ قويىدىكەن.

روز دېگەن شەھەردە بىر خىل تەك (ئۈزۈم دەرىخى) بار بولۇپ، بىر يىلى ئۈزۈم بەرسە، يەنە بىر يىلى باشقا مېۋە بېرىدىكەن. ئۇ «مېۋەئى ۋىدا» دەپ ئاتىلىدىكەن.

ئەندەلۇس شەھىرىدە بىر خىل ئۈزۈم بار بولۇپ، بىر ساپىقى 25 جىڭ كېلىدىكەن.

يەنە شۇ شەھەردە بىر خىل زەيتۇن دەرىخى بار بولۇپ، بىر كۈن گۈل ئېچىلسا، يەنە بىر كۈن گۈل ئېچىلمايدىكەن.

خارەزم ۋىلايىتىدە بىر خىل تاۋۇز بار بولۇپ، سوغىرىش لازىم ئەمەسكەن. چۈنكى، ئەتىياز (باھار) دا يانتاقنىڭ يىلتىزى يېرىلىپ تاۋۇز ئۇرۇقى ئۈچىگە سېلىنىپ ئۈستىگە ئازراق تۇپراق يېپىتىلىپ يەرگە كۆمۈپ قويۇلىدىكەن. ئۇرۇق ئۈنگەندىن كېيىن، يانتاق يىلتىزىدىن قۇۋۋەت تېپىپ ناھايىتى شېرىن ۋە لەززەتلىك بولىدىكەن.

«تۇھفەتۇل ـ غەرايىب» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، تۈرك شەھەرلىرىنىڭ بىر يېرىدە خەلق بىر خىل داننى تېرىيدىكەن، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى گىياھلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇپ تاشلايدىكەن. تېرىلغان دان ئۈنۈپ مېۋىسى مەي باغلىغاندا پوستى ئاجراپ ئىچىدىن كالىنىڭ موزىيى چىقىدىكەن ۋە ئورۇۋېتىلگەن گىياھلارنى ئوتلايدىكەن. گىياھلار تۈگىگەندە موزايمۇ كۆچكە تولىدىكەن. ئۇ يەردىن چىقىپ باشقا يەرگە بېرىپ ئوتلايدىكەن. ئۇنىڭ ھەممە ئەزاسى بار ئىكەن، پەقەت قۇيرۇقىلا يوق ئىكەن.

غور ۋىلايىتىدە بىر خىل دەرەخ بار بولۇپ، قۇياش ئولتۇرغاندا بىر ئادەم قولىغا داس ئېلىپ مەزكۇر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىدىكەن، كەنت كىشىلىرىمۇ ئۇ يەرگە توپلىنىشىدىكەن. ھېلىقى ئادەم قولى بىلەن داسقا ئۇرۇپ قۇلىقىنى داسقا يېقىپ چىققان ئاۋازنى ئاڭلايدىكەن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدىن خەۋەر بېرىدىكەن. بۇ داس بىلەن بېرىلگەن خەۋەرنىڭ ھەممىسى راست چىقىدىكەن.

بەنى ئىسرائىل باياۋىنىدا ئىككى تۈپ دەرەخ بار بولۇپ، يوپۇرماقلىرى قۇش سۈرىتىدە ئىكەن. يوپۇرماقلىرى 40 كۈندىن كېيىن تۆكۈلۈپ كېتىدىكەن.

بەربەر شەھىرىنىڭ چېگراسىدا بىر خىل دەرەخ بار بولۇپ، يوپۇرماقلىرى ئۈششاق تاشقا ئوخشايدىكەن. يوپۇرماقلىرىنى تائامغا ئارىلاشتۇرۇپ بىرەر ئادەمگە يېگۈزسە، ئۇ كىشى بىر ئايغىچە ساقسىز بولىدىكەن. شۇ ئاي تۈشمىغۇچە ھەرقانچە داۋا قىلسىمۇ ساقايمايدىكەن، شۇ ئاي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ قالىدىكەن.

بەزى يۇرتلاردا بىر خىل دەرەخ بار بولۇپ، ھەرقانداق سوغۇق كۈنلەردە ئادەم ئۇنىڭ ئاستىدا ياتسا، سوغۇق تەسىر قىلمايدىكەن؛ ياز كۈنلىرىدە ئۇنىڭ ئاستىدا قالسا، سوغۇقتا توڭۇپ ئارام ئالالمايدىكەن.

مۇغۇل دىيارىدا «نەجۋا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دەرەخ بار بولۇپ، ناھايىتى چوڭ ئىكەن. 700 دىن ئارتۇقراق شېخى بار ئىكەن. ھەربىر شېخى گۈلگە ئوخشايدىكەن. دەرەخ ئاستىغا ئوت قالانسا، دەرھال يامغۇر ياغىدىكەن.

ھىندىستاندا بىر خىل دەرەخ بار بولۇپ، مېۋىسى ئادەمدەك ھەرىكەت قىلىدىكەن، ئەمما سۆزلىيەلمەيدىكەن. يوپۇرمىقىدىن «ۋاق» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن «دەرەختى ۋاق» دېيىلىدىكەن.

غور شەھىرىدە بىر خىل دەرەخ بار بولۇپ، ھەر يىلقى مېۋىسى چايان ۋە باشقا چاققۇچى ھاشاراتلارغا ئوخشايدىكەن. تۇتسا، قولنى چاياندەك چاقىدىكەن.

ئەندەلۇس پادىشاھىنىڭ بىر بېغى بار بولۇپ، ئىچىدە تۈرلۈك دەرەخلەر بار ئىكەن. مېۋىلىرىنىڭ بەزىسى ئەر كىشىنىڭ سۈرىتىگە، بەزىلىرى ئايال كىشىنىڭ سۈرىتىگە ئوخشايدىكەن. ھەيزدىن ئايرىلغان قېرى ئايال ياكى قېرى ئەر كىشى بولسۇن ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يېسە، دەرھال ياشلىق ھالىتىگە قايتىپ يىگىت بولىدىكەن، يۈزلىرى ياشلىق ۋاقتىدىكىدەك جۇلالىق، بەدىنى كۈچلۈك بولىدىكەن.

## ئالەمدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ دەريالار ۋە ئۆلاردىكى چوڭ ھايۋاناتلارنىڭ بايانى

چىن دەرياسى «بەھرى ھىركەند» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، چوڭقۇرلۇقىنى خۇدادىن ئۆزگە ھېچ كىشى بىلمەيدىكەن. ئېيتىلىشىچە، بىر كۈنى ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر دەريانىڭ تېگىنى كۆرمەكچى بولۇپ دەرياغا چۈشكەن. شۇ ئەسنادا، ئۇ بىر پەرىشتىنى كۆرگەنىكى، ئۇ: «ئەي خىزىر، قاياققا بارىسىز؟» دەپ سورىغان. خىزىر ئەلەيھىسسالام: «بۇ دەريانىڭ چوڭقۇرلۇقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن چۈشتۇم» دېگەن. پەرىشتە جاۋابەن: «ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇپانلىرىدا بۇ دەرياغا بىر تاغ چۆكۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ھازىرغىچە چۆكۈۋاتقان بولسىمۇ تېخى دەريا تېگىنىڭ ئۈچتىن بىرىگىمۇ چۈشۈپ بولالمىدى. ھالبۇكى، مەزكۇر تاغنىڭ چۆككىنىگە تۆت مىڭ يىل بولدى» دېگەن. خىزىر ئەلەيھىسسالام پەرىشتىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ دەرياغا چۈشۈشتىن يانغان.

يەنە نەقىل قىلىنىشىچە، بىر كۈنى بىر غەۋۋاس دەرياغا چۈشۈپ بىرەر نەرسە تېپىپ چىقماقچى بولۇپ دەرياغا چۈشۈپتۇ. سۇنىڭ تېگىگە چۈشۈپ سۇ ئادىمىدىن بىرنى تۇتۇپ چىقىپتۇ. شەھەردىكى بارلىق خەلق ئۇنى كۆرگىلى توپلىشىپتۇ. ئەمما، بۇ سۇ ئادىمىنىڭ قىلغان سۆزىنى ھېچكىم چۈشىنەلمەپتۇ. كىشىلەر مەسلىھەتلىشىپ: «ئۇنى ئۆيلەپ قويساق، ئۇنىڭدىن بىر بالا تۇغۇلسا، ئۇ دادىسىنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بىزگە بايان قىلىپ بەرسە، دادىسىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى» دېگەن قارارغا كېلىشىپتۇ ۋە ئۇنى ئۆيلەپ قويۇپتۇ. نەچچە زاماندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇنى تۇغۇپتۇ. بالىسىمۇ چوڭ بوپتۇ. شۇ چاغدا، كىشىلەر بالىسىنى دادىسىدىن ئايرىپ: «داداڭ نېمە دەيدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بالىسى دادىسىنىڭ دېگەنلىرىنى خالايىققا چۈشەندۈرۈپ: «دادام: ‹بىز سۇ خەلقىنىڭ قۇيرۇقىمىز ئارقىمىزدا ئىدى، بۇ خەلقنىڭ قۇيرۇقى يۈزىدە ئىكەن، ئەمما

باشقا ئەزالىرىمىز ئوخشاشكەن، دەيدۇ» دەپتۇ. بالا يەنە ئىتنى كۆرسىتىپ: «ئۇنىڭ يەنە بىر سۆزى شۇكى، ئۇ: ‹چوڭ نەرسىنىڭ قۇيرۇقى ئاز، كىچىك نەرسىنىڭ قۇيرۇقى كۆپ، ئۆزۈن ھەم كۆچلۈكرەك ئىكەن دەيدۇ›» دەپتۇ. بالا يەنە تۆزنى كۆرسىتىپ: «ئۇ: ‹بىز سۇ خەلقى ئارىسىدا ئەزىز، قىممەتلىك نەرسە بۇ يەردە خار، ئېتىبارسىز ئىكەن. سۇ خەلقى ئىچىدە ھوشۇق چوڭلۇقىدىكى تۆزنى مۆشتۇمچە ئالتۇنغا ئالىدۇ. ئۇ يەردە لەئل ـ جاۋاھىراتلار ۋە مەرۋايىتلارنى بۇ يەرنىڭ سايلىرىدىكى تاشچىلىك كۆرمىمىز، ئەمما بۇ يەردە بەكمۇ ئېتىبارلىق ئىكەن› دەيدۇ» دەپتۇ. بالا يەنە ئەرلەرنىڭ ساقىلىنى كۆرسىتىپ: «بۇ يەردىكى خەلقنىڭ قۇيرۇقى يۈزىدە ئىكەن» دەپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نىل دەرياسىدا تىمساھ بەزىدە «نەھەڭ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ھايۋان بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق تىغ كار قىلمايدىكەن. داۋاملىق يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلايدىكەن. بىرەر نەرسىنى ئوۋلاپ يېگەندىن كېيىن، گۆشى چىشىنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ قالسا، ئۇ يەر قۇرتلايدىكەن. بۇ چاغدا تىمساھ بىئارام بولۇپ، دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ ئېغىزىنى ئېچىپ تۇرسا، قۇدرىتى ئىلاھى بىلەن ئۇچار قۇش كېلىپ تىمساھنىڭ ئېغىزىغا كىرىشى بىلەن قۇرتلار تىمساھنىڭ چىشىدىن چۈشۈپ كېتىدىكەن. شۇ ئەسنادا، تىمساھ ئېغىزىنى يۇمسا، كىرگەن قۇشلارنىڭ ئۈستىخانلىرى خۇددى يىڭنىگە ئوخشاش تىمساھنىڭ تامىقىغا سانجىلىپ بىر ئۇچى چوققىسىدىن، يەنە بىر ئۇچى ئېڭىكىدىن چىقىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن تىمساھ ئېغىزىنى ئاچالمايدىكەن. ئەمما، ئىچىگە كىرگەن قۇش ساق ـ سالامەت ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەزى دەريالاردا ئۇزۇنلۇقى 120 گەز، كەڭلىكى 12 غۇلاچ كېلىدىغان بېلىقلار بار ئىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۇ ئېتى لايدا ئىرغاڭلاپ لاي بەدىنى بىلەن بېلىقنىڭ ئۆتەر يولىغا كېلىپ تۇرىدىكەن، بۇ چاغدا (غايەت زور) بېلىق دەرياغا بويىغا كېلىپ ئېغىزىنى ئېچىپ تۇرىدىكەن. قۇشلار كېلىپ بېلىقنىڭ ئېغىزىنى تازىلىغىلى تۇرغاندا سۇ ئېتى ئېغىزىنى ئېچىپ تۇرغان بېلىقنىڭ قارنىغا كىرىپ بېلىقنى پارە ـ پارە قىلىپ يەپ تويغاندىن كېيىن، دەرياغا كىرىپ كېتىدىكەن. ئۇ تىمساھنىمۇ شۇنداق ھالاك قىلىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەزى دېڭىزلاردا سۇر دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل بېلىقلار بار بولۇپ، ئادىمىزاتقا دوستلۇق ئىپادىلەيدىكەن. كېمىچىلەر دەريادا كېمە ھەيدىسە، بۇ بېلىقلار كېمىچىلەرگە ھەمراھ بولىدىكەن. سۇ ھايۋانلىرى كېمىچىلەرنى قەستلىسە، ئۇلارنى دەرھال يۇتىدىكەن. كېمە دەرياغا غەرق بولۇپ كەتسە، كېمىگە چۈشكەنلەر ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ ئۈستىگە ئېلىپ دەريا قىرغىقىغا چىقىرىپ قويىدىكەن.

«ئەجايىبۇل ـ مەخلۇقات» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، دەريادىكى ھايۋانلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى چوڭ ئىكەن. مەسىلەن، ئۇنىڭدا بىر خىل ھايۋان بار بولۇپ، چوڭ ھايۋانلار ئۆلۈپ قالسا ئۆلۈكىنى دەريا قىرغىقىغا تاشلايدىكەن. بۇ ھايۋاننىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكى ئىككى پەرسەڭ كېلىدىكەن. رەڭگى يولۋاسنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىكەن. ئىككى قانىتى بېلىقنىڭ قانىتىغا، قۇلاقلىرى پىلنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدىكەن. بېشىدا ئىككى مۈڭگۈزى بار بولۇپ، ئىككى كۆزى قەسىر ۋە راۋاققا ئوخشايدىكەن. گەردىنىدە ئالتە دانە يىلان بار بولۇپ، ھەربىر يىلاننىڭ چوڭلۇقى بىر مۇنارچىلىك كېلىدىكەن. بۇ

ھايۋاننىڭ ئىسمى «تەنىن» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ دەرياغا كىرسە، دەريا مەۋج ئۇرۇپ تەۋرەيدىكەن.

«ئەجائىبۇل ـ مەخلۇقات» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، بىر كۈنى بابۇل ئەبۋاب دېگەن يەرنىڭ پادىشاھى دەريا شىكارىغا چىقىپ ناھايىتى چوڭ بىر بېلىق تۇتقان. ئۇنىڭ قورسىقىدىن بىر ساھىبجامال كېنىزەك چىققان. ئۇنىڭ كۆڭلىكى تىزىدا ئىكەن. ئۇ ئىككى قولى بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ كۆپ يىغلىغان. بىر سائەتتىن كېيىن ئۆلۈپ قالغان. «تارىخى مەغرىب» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بۇ رىۋايەتنى تەستىقلىغان.

## ئاجايىپ ـ غارايىپ ئېقىنلارنىڭ بايانى

تەبەرىييە دېگەن شەھەردە بىر ئېقىن بار بولۇپ، ناھايىتى چوڭ ئىكەن. سۈيىنىڭ يېرىمى ناھايىتى سوغۇق بولۇپ، مۇز توڭلاپ تۇرىدىكەن، يېرىمى ناھايىتى قىزىق بولۇپ، خام گۆش سالسىمۇ پىشىدىكەن. بۇ ئىككى خىل سۇ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدىكەن. شەھەر ئەتراپىدىن يىراققا ئېلىپ بېرىلسا، سوۋۇپ قالىدىكەن.

«تۆھفەتۇل ـ غەرايىب» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، مەكران دېگەن يەردە بىر ئېقىن بار بولۇپ، ئۈستىگە كۆۋرۈك سېلىنمىغانىكەن. قانداق ئادەم بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتسە، كۆڭلى ئاينىپ قەي قىلىدىكەن.

بەسرە بىلەن ئەھۋاز شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدا بىر ئېقىن بار بولۇپ، ناھايىتى چوڭ ئىكەن. ئۇ يەردە ناھايىتى ئېگىز مۇنار بار بولۇپ، ئېرىقنىڭ سۈيى توختاپ قالسا، مۇنارنىڭ ئۈستىدىن دۇمباق، نەينىڭ ئاۋازىدەك ئاۋازلار چىقىپ سۇ يەنە ئاقىدىكەن. بۇنىڭ ھېكمىتىنى ھېچ كىشى بىلمەيدىكەن.

«تۆھفەتۇل ـ غەرايىب» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، تەبەرىييە شەھىرىدە بىر ئېقىن بار ئىكەن، ئۇنىڭ بويىدا لوقمان ھېكىمنىڭ مۇبارەك قەبرىسى بار بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم ئۇنى 40 كۈن ئۇدا زىيارەت قىلسا، ماھىر تېۋىپ بولىدىكەن.

ئەزەربەيجاننىڭ كەنتىدە بىر ئېقىن بار بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم ئۇنى پىيادە كەچكەندىن كېيىن، پۇتىنى تۇغىدىغان ئايالنىڭ قورسىقىغا قويسا، ئايال دەرھال تۇغىدىكەن.

ھەمەداننىڭ فەرھاد دېگەن يېرىدە بىر ئېقىن بار بولۇپ، كەڭلىكى 20 گەز، چوڭقۇرلۇقى سەككىز گەز كېلىدىكەن. قانداق ئادەم زىرائىتىنى زىيادە سۇغارماقچى بولسا، ئارتۇق سۇ يەرگە سىڭىپ كېتىپ ئۇ يەردىن تۆت پەرسەڭ يىراقلىقتىكى يەر ئۈستىدە پەيدا بولىدىكەن.

## ئاجايىپ ـ غارايىپ قۇدۇقلارنىڭ بايانى

راھى جاھان ۋىلايىتىدە بىر قۇدۇق بار ئىكەن. ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، ئىچىگە ئارغامچىلار تاشلىنىپ سىناق قىلىنغان بولسىمۇ تېگى بىلىنمىگەن. ئۇنىڭدىن داۋاملىق لىپمۇلىق سۇ ئېقىپ چىقىپ زىرائەتلەر سۇغىرىلىپ، تۈگمەنلەر ماڭدۇرۇلىدىكەن.

«تۆھفەتۇل ـ مەشارىق» دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، ئىراق تاغلىرىنىڭ بىرىدە بىر قۇدۇق بار بولۇپ، چوڭقۇرلۇقىنى ھېچ كىشى بىلمەيدىكەن. شەھەر خەلقى قۇدۇق ئەتراپىغا يىغىلىشىپ داپ، غىجەكلەرنى چېلىشىپ نەغمە قىلىشسا، قۇدۇق تېگىدىن ناھايىتى يېقىملىق كۈيلەر ئاڭلىنىدىكەن، ئۇنىڭ يېقىملىقلىقىدىن كىشىلەر مەستى ـ مۇستەغرەق بولۇشىدىكەن. ئەمما، بۇ كۈيلەرنىڭ ماھىيىتى مەلۇم

بولمايدىكەن.

ھەمەدان شەھىرىدە بىر قۇدۇق بار بولۇپ، تېگى مەلۇم ئەمەس. ھەمەدان پادشاھى ئۇنىڭ تېگىنى بىلىش ئارزۇسىدا ھەمەدانغا قاراشلىق بارلىق ئۆيلەردىن ياغاچ، تاش، كېسەك ۋە باشقا بارلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ قۇدۇققا تاشلىغان، ئەمما تېگى پەقەتلا بىلىنمىگەن. بىر يىلدىن كېيىن، قىتان ۋىلايىتىدىن بىرمۇنچە كارۋان ھەمەدانغا كەلگەن، پادشاھ ئۇلارغا قارىسا رەڭگىرويلىرى خۇددى زەپەردەك سېرىق ئىكەن. پادشاھ ھەيران بولۇپ، ئۇلاردىن سەۋەبىنى سورىغان، ئۇلار: «دىيارىمىزدا ئاجايىپ بىر ئىش بولدى، سۈيىمىزگە ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان سامان ئارىلىشىپ كېلىۋاتقان بولۇپ قالدى، بىز شۇ سۇدىن ئىچىمىز، شۇ سەۋەبتىن رەڭگىمىز مۇشۇنداق سارغىيىپ قالدى، بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچ كىشى بىلەلمىدى» دېگەن. پادشاھ شۇ چاغدا: «ھەمەداندىكى ھېلىقى قۇدۇقنىڭ تېگىدىكى سۇ قىتان ۋىلايىتىگە بارىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان.

### ئاجايىپ ـ غارايىپ ئاراللارنىڭ بايانى

بىر ئارال بار بولۇپ، ئۇنىڭدا پەقەت ئەر كىشى يوق ئىكەن. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاياللار ئىكەن. بۇ ئارالدا بىر خىل دەرەخ بار بولۇپ، ئاياللار مېۋىسىدىن يېسە ھامىلىدار بولىدىكەن. بۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى دائىم قىز تۇغىدىكەن.

سەتايىل ئارىلى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئارال بار بولۇپ، ئادەملىرى سۆزلىيەلمەيدىكەن. بۇ ئارالدىن ئاق قەلەمفۇر چىقىدىغان بولۇپ، يېگەن ئادەمنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى ئاقارتماسلىق ۋە قېرىتماسلىقتەك خاسىيىتى بار ئىكەن. سودىگەرلەر بۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن كۆرۈشمەي تۇرۇپ سودا قىلىشىدىكەن. يەنى سودا قىلىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، سودىگەرلەر ماللىرىنى دەريا لېۋىگە ئېلىپ كېلىپ قويۇپ كېتىدىكەن ۋە مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن قايتىپ كېلىدىكەن. ئەگەر ئارالنىڭ ئادەملىرى سودىگەرلەرنىڭ مۇددىئاسىدىكىدەك مىقداردا قەلەمفۇر قويۇپ قويغان بولسا، تېخى ياخشى؛ ئەگەر قويۇپ قويغان قەلەمفۇرلىرى ئاز بولسا، سودىگەرلەر رازى بولمىسا، قەلەمفۇرنى ئالماي قايتىپ كېتىشىدىكەن. بۇ چاغدا ئارالنىڭ ئادەملىرى سودىگەرلەر رازى بولغۇدەك قەلەمفۇرنى قوشۇپ قويۇپ قايتىدىكەن.

بىر ئارال بار بولۇپ، خەلقىنىڭ ھەممىسى گەرچە ئادەملەرگە ئوخشىسىمۇ، ئەمما قاناتلىرى بار ئىكەن، قاناتلىرى بىلەن ئۇچۇپ يۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ باشلىرى ئاتنىڭ بېشىغا، بۇرۇنلىرى پىلنىڭ خارتۇمىغا ئوخشايدىكەن.

شۇ ئەتراپتا يەنە بىر ئارال بار بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى ئاياللار ئىكەن، ئۇلار ھاۋا ۋە شامالدىن ھامىلىدار بولىدىكەن.

### ھەرخىل ئاجايىپ ـ غارايىپلارنىڭ بايانى

ئەمما كۆپ ئاجايىباتلار مەخپىيدۇر.

چىن شەھىرىدە بىر تۈگمەن بار بولۇپ، تۆۋەنكى تېشى چۆرگىلەيدىكەن، ئۈستىدىكى تېشى جىم تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇنى بىلەن كېپەكى ئايرىلىپ چىقىدىكەن، يەنى تاسقاشقا ھاجەت چۈشمەيدىكەن.

مىسىر چېگراسىدا بىر بۇتخانا بار بولۇپ، ئىچىگە پانۇسلار ئېسىقلىق ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ

ئۇستىگە ئالتۇن خوراز قويۇلغان بولۇپ، تۇمشۇقىغا پىلتە ئۆتكۈزۈكلۈك، قورسىقىغا لىق ياغ قاچىلانغىلىق ئىكەن. پانۇسلارنىڭ بىرەرسى ئۆچۈپ قالسا، ئالتۇن خوراز تۆۋەنلەپ پانۇسنى يورۇتۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ھېكمىتى مەلۇم ئەمەس.

يەمەن ۋىلايىتىدە ئاتلىق كىشىنىڭ سۈرىتىدە بىر ھەيكەل بار بولۇپ، ھەر يىلى رەجەب، رامىزان، زۇلقەئدە، زۇلھەججە ئايلىرى كىرسە ئۇنىڭدىن تاتلىق سۇلار ئېقىپ چىقىپ يەمەن خەلقىنىڭ كۆللىرىنى توشقۇزىدىكەن، بۇ سۇلار يەنە بىر يىلغىچە يېتىدىكەن.

ھەزمۇت مەۋەت شەھىرى بىلەن ئۇممان دېڭىزى ئارىلىقىدا بىر دەريا بار بولۇپ، سودىگەرلەر ئۇ يەرگە كەلسە پالاننىڭ ئوغلى، پۇستاننىڭ مېلى ئۇنچە پۇلغا سېتىلىدۇ، مۇنچە پۇل كېلىدۇ دەپ باھا بېكىتكەن ئاۋاز ئاڭلىنىدىكەن. ئۇممان شەھىرىگە كىرسە شۇ باھادىن بىر تەڭگە كەم ياكى زىيادە بولمايدىكەن.

ھىندى شەھىرىدە بىر كەنت بار بولۇپ، ئۇنىڭدا مىستىن ياسالغان بىر تۆۋرۈك بار ئىكەن. ئۇستىدە مىستىن ياسالغان بىر قۇش، ئالدىدا بىر بۇلاق بار ئىكەن. ئاشۇرا كۈنى بولغاندا بۇ قۇش خۇدايىتائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانى بىلەن قاناتلىرىنى ئېچىپ تۇمشۇقىنى بۇلاققا تەگكۈزۈپ سۇ ئىچىدىكەن. بۇ چاغدا تۆۋرۈكتىن بىر يىل يەتكۈدەك سۇ ئېقىپ چىقىدىكەن.

ھىندستان شەھىرىدە بىر جاي بار بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر خىل قويلار بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئالتە قۇيرۇقى بار بولۇپ، بىرى كەينىدە، بىرى كۆكرىكىدە، ئىككىسى مۈرىسىدە، ئىككىسى يوتىسىدا ئىكەن.

بەزى يەرلەردە بىر خىل يىلانلار بار بولۇپ، بىراۋنى چاقسا، چېقىلغۇچى ھەرىكەت قىلالماي، ئەقلىدىن ئادىشىدىكەن. ئۇ كىشىنى تاختىغا باغلاپ سۇغا تاشلىسا سۇ ئۇنى شىپاخانىغا ئېلىپ بارىدىكەن، شىپاخانىدا داۋالىنىپ ساقىيىدىكەن. نەچچە مۇددەتتىن كېيىن ئەزالىرى ساق ھالەتتە ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىدىكەن.

يەنە مەزكۇر زېمىندا قىزىل ئالتۇن پارچىلىرى ئارىلاشقان بىر خىل قۇم بار ئىكەن. ئۇ يەردىكى چۈمۈلىلەر ئىتتەك چوڭلۇقتا بولۇپ، قۇياش چىقىپ ھاۋا قىزىغاندا بۇ چۈمۈلىلەر ئۆۋۈلىرىگە كىرىپ كېتىدىكەن. شۇ چاغدا خالايىق كېلىپ مەزكۇر چۆلنىڭ قۇملىرىدىن ئالدىراش ئېلىشىدىكەن.

شۇئىبە دېگەن جاينىڭ دەريا قىرغىقىدا ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى يۇشەئ ئەلەيھىسسالام بىر بېلىقنى كاۋاپ قىلىپ يېرىمىنى يەپ، يېرىمىنى قالدۇرۇپ كېتىشكەن. قالغان يېرىمى تىرىلىپ دەرياغا چۈشكەن. ھازىر بۇ بېلىقنىڭ نەسلى ناھايىتى تولىدۇر. ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ يېرىمى باردۇر. بۇ بېلىقلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر گەزدىن ئارتۇقراق.

مىسىردا بىر قەدىمىي شەھەر بار بولۇپ، نىل دەرياسىنىڭ مەشرىق تەرىپىگە جايلاشقان. بۇ شەھەر خەلقىنىڭ يامان قىلمىشلىرىنىڭ شۇملۇقىدىن خۇدايىتائالا ئۇلارنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولۇپ، ھازىرمۇ تاش ھالىتىدە ئىكەن. ئۇ يەرگە ھازىرمۇ بارغىلى ھەم كۆرگىلى بولىدىكەن. ئاياللىرى ئەرلىرى بىلەن ئۇخلاپ ياتقان، قاسساپلار پىچاقلىرى بىلەن گۆش كېسىۋاتقان، كىچىك باللار بۆشۈكلىرىدە يېتىۋاتقان ھالەتتە قېتىپ قالغانىكەن. ھەتتا تونۇردىكى نانلارغىچە تاشقا ئۆزگەرگەنىكەن.

ناسىرە دېگەن كەنتتە بىر مەسچىت بار بولۇپ، كىمكى ئىچىگە كىرىپ يالغان قەسەم ئىچسە، بىرەر ئەزاسى دەرھال قۇرۇپ قالىدىكەن.

«تۆھفەتۇل ـ غەرايىب» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، نەسۋى دېيىلىدىغان بىر جايدا بىر توگمەن بار بولۇپ، ئىگىسى: «ھەزرىتى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن توختىغىن» دېسە توختايدىكەن. «يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن چۆرگەلگىن» دېسە چۆرگىلەيدىكەن.

مەلۇم جايدا بىر تىلسىمات ئۆي بار بولۇپ، مۇساپىرلار ئۇ يەردە ئۇخلىسا، كەلگۈسىدىكى ھەممە ئىشلارنى چۈشىدە كۆرىدىكەن.

«جامىئۇل ـ ھېكايە» ناملىق كىتابتا كەلتۈرۈلۈشىچە، لەنىتى نەمرۇدنىڭ دەۋرىدە ئۇنىڭ ھۆكۈمالىرى يەتتە شەھەردە يەتتە تىلسىمات بەرپا قىلغان.

بىرىنچى تىلسىماتتا ئۆردەكنىڭ سۈرىتى بار بولۇپ، ئۇ شەھەرگە مۇساپىر كىرسە، ئاۋاز چىقىرىدىكەن. شەھەر خەلقى بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىكەن.

ئىككىنچى تىلسىمات بىر دۇمباق بولۇپ، بىرەرسىنىڭ نەرسىسى يوقاپ كېتىپ بۇ دۇمباقنى ئۇرسا: «نەرسەڭنى پالانى ئوغرى ئېلىپ كېتىپ پۇستانى يەردە قويۇپ قويدى» دەپ سادا كېلىدىكەن.

ئۈچىنچى تىلسىمات بىر ئەينەك بولۇپ، بىراۋنىڭ ئادىمى سەپەرگە كېتىپ قايتىپ كەلمىسە، ئۆلۈك ـ تىرىكلىكى، راھەت ياكى جاپادا ئىكەنلىكى مەلۇم بولمىسا، ئۇنىڭغا قارىسا مەلۇم بولىدىكەن.

تۆتىنچى تىلسىمات بىر كۆل بولۇپ، لەنىتى نەمرۇد ھەر يىلى بىر قېتىم ئۇنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ مەي، گۈلاپقا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا قۇيىدىكەن. بۇ كۆلگە مەسئۇل كىشىلەر بار ئىكەن. ھەر كىشىنىڭ قاچىسىغا بۇ كۆلدىكى نەرسىلەردىن قويۇپ بەرسە، ئۇ كىشى ئىچىدىكەن، ئاندىن يەنە قويۇپ بېرىلىدىكەن.

بەشىنچى تىلسىمات مەلۇم جايدا چوڭقۇر، لىق سۇ قاچىلانغان كۆل بار بولۇپ، پادشاھ ھۆكۈم قىلماقچى بولسا، بۇ كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ داۋا قىلغۇچى بىلەن داۋا قىلىنغۇچىنى چاقىرىپ كېلىپ سۇغا كىرىشكە بۇيرۇيدىكەن. راست ئېيتقانلار سۇغا چۆكمەيدىكەن ۋە غەرق بولمايدىكەن؛ يالغان ئېيتقانلار بولسا سۇغا غەرق بولۇپ كېتىدىكەن.

ئالتىنچى تىلسىمات بىر چوڭقۇر ئازگال بولۇپ، ئۇنىڭغا نەمرۇدنىڭ باشقۇرۇشىدىكى شەھەرلەرنىڭ رەسىملىرى سىزىلغانىكەن. شەھەر خەلقىدىن كىمكى نەمرۇدنى دۈشمەن تۇتۇپ ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشسا، ئۇنىڭ قىلمىشلىرى شۇ شەھەرنىڭ سۈرەتلىرى ئىچىدە مەلۇم بولىدىكەن. بۇ چاغدا نەمرۇد قارشىلاشقان شەھەرلەرگە مەزكۇر ئازگالنىڭ سۈيىنى قويۇپ بېرىپ ھالاك قىلىدىكەن.

يەتتىنچى تىلسىمات شۇكى، نەمرۇد تۇرغان مەملىكەت پادشاھىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر دەرەخ بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا ھەرقانچە كۆپ خەلق تۇرسىمۇ ھەممىسىگە سايە بېرىدىكەن.

خۇدايىتائالا لەنىتى نەمرۇدقا شۇنچە كۆپ نازۇ نېمەتلەرنى بەرگەن بولسىمۇ يەنىلا ئاسىيلىق قىلىپ ئىلاھلىق داۋاسى قىلغان.

بۇنىڭغا ئوخشاش ئاجايىباتلار تولا بولۇپ، قىسقارتىلدى.

## ئاز كۆرۈلگەن ئاجايىپ ـ غارايىپلارنىڭ بايانى

ئەھمەد غەففارىي ـــ ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي ـــ «نىگارىستان» دېگەن كىتابىدا جامىئۇت ـ

تەۋارىخ دېگەن كىتابىدا «ھەببۇس ـ سىيەر» دېگەن كىتابقا ئېلىنىغان مۇنداق نەقىلنى كەلتۈرىدۇ: ھەزرىتى جەئفەر بەرمەكى زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئالىمنىڭ بىلەن ۋەتىنى بەلختىن سۈرگۈن قىلىنىپ شام شەھىرىگە يۈزلەنگەن. ئۇ زامانلاردا شام پادىشاھلىقىنىڭ ھوقۇقى بەنى ئۇمەييە جەمەتىنىڭ تەسەررۇپىغا ئۆتكەنىدى. بىر كۈنى ئىمامى جەئفەر بەرمەكى پادىشاھ سۇلايمان ئىبنى ئەبدۇل مەلىكنىڭ مەجلىسىگە كىردى. ئۇنى كۆرۈپ پادىشاھنىڭ چىرايى ئۆزگەردى ـ دە: «ئۇنى دەرھال مەجلىستىن چىقىرىۋېتىڭلار!» دەپ ئەمر قىلدى. ئارقىدىن پادىشاھ مەجلىس ئەھلىگە قاراپ: «بۇ كىشىدە زەھەر بار ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى مەجلىستىن چىقىرىۋەتتىم» دېگەن. مەجلىس خەلقى ئۇنىڭدىن: «ئىمامى جەئفەر بەرمەكى دېگەن كىشىدە زەھەر بارلىقىنى قانداق بىلدىلە؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «دۈمبەمگە ئىككى مونچاق تېڭىقلىقتۇر. مەجلىسىمگە زەھەر بار ئادەم كىرسە، مونچاق دۈمبەمدە مىدىراشقا باشلايدۇ. ئۇ ھازىرمۇ دۈمبەمدە ھەرىكەتلىنىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. مەجلىس ئەھلى بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن جەئفەردىن: «سىزدە زەھەر بارمۇ؟» دەپ سورىغان. جەئفەر: «ئۈزۈكۈمدە زەھەر بار، دۈشمەندىن تەشۋىشلەنگەندە لازىم بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ چاغدا زەھەر بىلەن مونچاقنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇشتۇرغاندا، ھەر ئىككىسى پارچىلىنىش دەرىجىسىگە يەتكەن. مەجلىس ئەھلى بۇنىڭدىن تەئەججۈپلەنگەن.

«ئەيسەر» ناملىق كىتابتا ئېيتىلىشىچە، ھىندى پادىشاھلىرىدىن بىرى ھەزرىتى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىيگە ئاي سۈرەتلىك بىر قۇشنى يادنامە قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇ قۇشنىڭ خاسىيىتى شۇكى، مەجلىسكە نەسەبلىك كىشىدىن بىرەرسى كىرسە، كۆزىدىن ياش ئاقىدىكەن. بۇ ياشنى تاشقا تېمىتىپ ئاندىن كېيىن تاشتىن قىرىپ ئېلىپ بۇ قىرىندىنى ھەرقانداق جاراھەتكە سەپسە ساقىيىدىكەن.

«تارىخى تەبەرى» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، ھىجرىيە 164 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىدا، ئەھدى مەھدىيدە كۈندۈزى كۈننىڭ زەررىچىلىك نۇرىمۇ قالماي تۇتۇلۇپ ئالەم گويا زۇلمەت قاراڭغۇ كېچىدەك ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇنداق ۋەقەنى ئالەمدە ھېچكىم بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

قەدىمكى زاماندا بەرتىناس پادىشاھنىڭ ئىككىنچى يىلى (بۇ يىل رۇم قەيسىرىنىڭ ئۈچىنچى يىلى دېيىلىدۇ) ھەزرىتى رەسۇلۇللا ــ ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي ــ ئۇلۇغ روھلىرىدىن مەدەت يېتىپ شىمالىي قۇتۇپنىڭ ئەتراپىدا بىر يورۇقلۇق پەيدا بولۇپ قاراڭغۇلۇق كۆتۈرۈلگەن. ئاخشىمى يەنە ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە قاراڭغۇ بولغان. كېچىسى ئاسماندىن كۈل ياغقان. بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچ كىشى بىلەلمىگەن.

سۇلايمان جەئفەردىن: «بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىرنەرسىنى كۆرگەنمۇ؟» دەپ سورىغان. جەئفەر: «كۆرگەن» دېگەن. سۇلايمان: «قانداق كۆرگەن؟» دەپ سورىغاندا، جەئفەر: «بىر كۈنى نەخشەبنىڭ ھاكىمى جەيھۇن دەرياسى بويىدا ئولتۇرغانىدى، قولىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكى سۇغا چۈشۈپ كەتتى. يېنىدىكى خىزمەتكارلىرىنىڭ ئۇنىڭغا كۆپ ئىچى ئاغرىدى. ھاكىم: ‹ھېچ ۋەقەسى يوق›، دەپ دەرھال خەزىنىچىسىنى چاقىرتتى ۋە ئۇنىڭغا: ‹ئەي خەزىنىچى، خەزىنىدىن پالانى ساندۇقنى ئېلىپ كەلگىن›، دەپ بۇيرۇدى. خەزىنىچى: ‹خوپ›، دەپ دەرھال بېرىپ ساندۇقنى ئېلىپ كېلىپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر دانە بېلىق بار ئىكەن. ئۇ بېلىقنى سۇغا تاشلىدى. بېلىق دەريادا بىر سائەتچە يۈرۈپ ھېلىقى

ئۆزۈكنى تېپىپ چىقتى». سۇلايمان جەئفەردىن بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ۋە نەخشەب ھاكىمىغا: «نەخشەب ھاكىمىنىڭ شۇنداق بىر نەرسىسى بار دەپ ئاڭلىدىم، ماڭا ئەۋەتىپ بەرسە، كۆرۈپ باقسام» دەپ كىشى ئەۋەتتى. ئۇ نەخشەب ھاكىمىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ بىلىقنى ئېلىپ كېلىپ سۇلايمان (پادىشاھ) نىڭ ھۇزۇرىدا قويدى، مەزكۇر ئىش ھەقىقەتەن راست ئىكەن. نەقىل قىلىنىشىچە، خۇسرەۋ پەرۋىز پادىشاھ بىر ياقۇت ئەنگۈشتىرىنى دەرياغا چۈشۈرۈپ قويۇپ مەزكۇر تەدبىر بىلەن قولغا كەلتۈرگەن. قالغىنىنى ئاللا بىلىدۇ.

كەشمىر ۋىلايىتىنىڭ ھىلاكۇن دىيارىدا ھۈسەين بەگخاننىڭ ھىمايىچىسى ئەلى مەردانخان ھاكىم بولغان زامانلاردا ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكى 20 گەز، قېلىنلىقى تۆت گەز ئەتراپىدا قار ياغقان.

فىردەۋس ئاشىيانە تەختكە ئولتۇرۇپ توققۇزىنچى يىلى دەۋلەتئاباد دېگەن يەردىن دارۇلخىلافەت (پايتەخت)كە كەلگەن. مەزكۇر پادىشاھنىڭ زامانىسىدا «ئىقبالنامەئى جاھانگىرىي» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇئتەمىدخان بەخشىگەرلىك (ھازىرقى بوغالتىرلىق) خىزمىتىنى تۇتاتتى. ئۇ پادىشاھقا: «مەن توققۇز ياشقا كىرگەن چىرايلىق بىر قىزنىڭ پاكىز، ئومىاق بىر ئوغۇل تۇغقىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم» دەپ خەۋەر مەلۇم قىلغان. ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئۇ ئىككى يېرىم ياشقا كىرگەندە ئەمچىكى كۆتۈرۈلۈپ، يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭغا ھېچ بىر ئەر يېقىنلىق قىلماي ھامىلىدار بولغان ۋە سەككىزىنچى يىلى بىر ئوغۇل بالا تۇغقان.

جەننەت ماكان ھەزرىتى پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغانىنىڭ 24 ـ يىلى مەلۇم يەردە كۈچلۈك شامال چىققان. ھاۋانى توزان قاپلاپ زۇلمەت قاراڭغۇ بولغان. گۈلدۈرماما سادالىرى ھەر تەرەپتە ياڭراپ قاتتىق يامغۇ ياغقان. ئارقىدىن ئاسماندىن بىر جىلغ، بىر يېرىم جىڭ ئېغىرلىقتا گۆش ياغقان.

فىردەۋس ئاشىيانىنىڭ زامانلىرىدا «دارۇل ـ خەير» دېيىلىدىغان يەردىكى بىر بۆزچىنىڭ خوتۇنى بېشى، كۆزى، بۇرنى شىرغا ئوخشايدىغان، قالغان ئەزالىرى ئادەمنىڭ ئەزالىرىغا ئوخشايدىغان بىر قىز بالا تۇغقان.

ئەۋرەڭئاباد دېگەن يەرنىڭ ئەتراپىدا بەرەھمەن قوۋمىدىن بىر ئايال مۇسۇلمان بولغان. بۇ ئايال بىر سەييىدزادىگە (خوجا ئوغلى) تېگىپ نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ھامىلىدار بولغان، يېرىم سائەتتىن ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن، بالىنىڭ ۋاقتى توشۇپ بويىدىن ئاجراپ تۇغۇلغان. بىر ئوغۇل، تۆت قىز تۇغقان. ئۇلاردىن بىر قىز قىلىپ، قالغانلىرى ئۆلۈپ كەتكەن.

كەشمىر ئەتراپلىرىدىكى دالان تېغى دېيىلىدىغان يەردە بىر سۇپا ياسالغان. تومۇز كۈنلىرىدە ئۇنىڭ تاش تۈرۈسىدىن خۇددى تەردەك تامچە ـ تامچە سۇلار تېمىپ دەرھال مۇزلايدىكەن، ئارقىدىنلا ئۇنىڭدا ئادەم ئەزالىرىنىڭ سۈرەتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلايدىكەن، 17 كۈندىن كېيىن تامچىلاردىن ئادەمنىڭ قىياپىتى تولۇق شەكىللىنىپ بولىدىكەن. يەنى ئادەمنىڭ قول، پۇت، كۆز، بۇرۇن، قۇلاق، باش، چاچ، بارماق ۋە تىرناقلىرىغىچە شەكىللىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە 17 كۈندە مەزكۇر ئادەم سۈرەتلىك مۇزلارنىڭ ئەسىرىمۇ قالمايدىكەن.

ھەزرىتى ئەمىر خاقانى تەختكە ئولتۇرۇپ سەككىزىنچى يىلى رامزان ئېيىدا ئاسماندىن چوغدەك چوڭ بىر يۇلتۇز كۆلگە چۈشكەن، چۈشۈشى بىلەن تەڭ كۆل سۈيى ئىككى سائەتچە ۋاراقلاپ قايناپ، بۇسلار كۆتۈرۈلگەن.

جەننەت ماكانلىق ھەزرىتى پادىشاھقا شۇنداق ئەرز قىلىنىدىكى، فەرەڭ مەملىكىتىدە پورتىگالغا يېقىن يەردە ئاسماندا نەچچە كۈن ئۇدا قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز چىقىپ بىر كۈنى يەرگە چۈشكەن، يۇلتۇزنىڭ چۈشىشى بىلەن تەڭ شۇ كەنتكە قاراڭغۇلۇق چۈشۈپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئايرىغىلى بولمىغان. تاكى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە شۇنداق ئۆتكەن. خالايىق داد ـ پەريادلىرىنى پەلەككە يەتكۈزگەن. ئۈچ كۈندىن كېيىن قۇياش چىقىپ قاراڭغۇلۇق كۆتۈرۈلگەن.

جەننەت ماكان ھەزرىتى پادىشاھ تەختكە ئولتۇرۇپ توققۇزىنچى يىلى پەرگەنە دېگەن يەردە ئەتىياز مەھەلدە ئاسماندىن ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكى ئالتە گەز كېلىدىغان بىر پارچە چوڭ ئوت چۈشكەن. ئۇنىڭ ھەممە ئەتراپى قۇيۇندەك ھەركەتلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ، شۇ يەردىكى دەل ـ دەرەخ، ئادەمىزات، ھايۋاناتلارنى، ئومۇمەن ئۇچرىغان ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

## يەرنىڭ قاتتىق تەۋرەپ يېرىلغانلىقى

جەننەت ماكان ھەزرىتى پادىشاھنىڭ تەختكە ئولتۇرۇپ 14 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى مىندىران دېگەن جاينىڭ ئەتراپىدا يەر شۇنچىلىك قاتتىق تەۋرىگەنكى، يەر يېرىلىپ ئۇزۇنلۇقى 50 گەز، كەڭلىكى ئىككى گەز كېلىدىغان بىر ھاڭ پەيدا بولغان. شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى 500 گەز كېلىدىغان ئارغامچىنىڭ بىرىنى بىرىگە ئۇلاپ ھاڭغا سالغان بولسىمۇ ئارغامچا تېگىگە يەتمىگەن. تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەزكۇر ھاڭ ئۆزلۈكىدىن يۇمۇلۇپ يەر ئەسلىي ھالىتىگە قايتقان.

تارىخقا 1080 بولغاندا ئەۋلاپور دېگەن جاينىڭ جونپورغا قاراشلىق يېرىدە نامازشام ۋاقتىدا ئاسماندا بۇلۇت پەيدا بولماي تۇرۇپ گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلانغان، ئىككى قېتىم چاقماق چاقچان. ئادەملەرنىڭ قۇلاقلىرىغا ئاسماندىن غوۋغا ئاڭلانغان. بىر سائەتتىن كېيىن، ئاسماندىن رابىل ئاتلىق گۈللەر توپ ـ توپ ياغقان. ھالبۇكى، ئۇ گۈل ئېچىلىدىغان چاغ ئەمەس ئىدى. شەھەرنىڭ ھاكىمى كېلىپ گۈللەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. گۈللەر ناھايىتى خۇش پۇراق ئىكەن.

پايتەخت لاھوردىكى جەننەت ماكان ھەزرىتى پادىشاھنىڭ جانابىغا خەۋەر يەتتىكى، مۇھەممەد شەفىينىڭ ئوغلى يار مۇھەممەدنىڭ پور سەھار دېگەن يەردە بىر ئوغلى تۇغۇلغان، بالا ئانىسىدىن تۇغۇلۇپلا «كەلىمەئى تەييىبە»نى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇغان، تۆت ئايغىچە مەزكۇر «كەلىمەئى شەرىف»نى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن خۇدانىڭ ئىسمىنى ياد ئېتىشكە مەشغۇل بولغان. ئۇ ئالتە ئاي ئۆمۈر كۆرگەن.

جەننەت ماكانلىق ھەزرىتى پادىشاھقا شۇنداق خەۋەر يەتكەن، ئۇ تەختتە ئولتۇرۇپ يەتتىنچى يىلى چىن مەملىكىتىدە بىر خوتۇن شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇۋاتقانىكەن. بۇ مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە يامغۇر ياغىدىكەن. كۆپ دەرەخلەر ياشىرىپ تۇرىدىكەن. ئۇ يەردە بىر خىل دەرەخ بار بولۇپ، تۆت شېخى بار ئىكەن. بۇ تۆت شاخنىڭ بىرىدە غۇنچە، بىرىدە ئېچىلغان گۈل، بىرىدە خام مېۋە، بىرىدە پىشقان مېۋە بار ئىكەن. بۇمۇ ئاجايىپ ئىشلارنىڭ بىرى ئىكەن.

چىن چېگراسىغا يېقىن جايدا بىر تاغ بار بولۇپ، كارۋانلار ئۇ يەردىن ئۆتسە ھەيۋەتلىك ئاۋازلار

ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. سەۋەبىنى ھېچ كىشى بىلمەيدىكەن. ئۇ دىيارنىڭ ئادەملىرى كېسەل بولمايدىكەن، شۇ سەۋەبتىن تېۋىپقىمۇ ھاجىتى چۈشمەيدىكەن.

بىر ئېسىل نەسەبلىك كىشى بولۇپ، ھالى پەرىشان، زامان ئەندىشىسىدىن مالال ئىكەن. بالا ـ چاقىلىرى كۆپ ئىكەن. ئۇ كەسىپ ـ تىجارەت يولىنى ئۈزۈپ پايپات دېگەن شەھەردە قانائەتچانلىق بىلەن ئىبادەتكە مەشغۇل ئىكەن. بالىلىرىمۇ قانائەت قىلىشقا ئىرادە باغلىغانىكەن. جەننەت ماكان ھەزرىتى پادشاھ تەختكە ئولتۇرۇپ سەككىزىنچى يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ بېشىدا ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىدە يەيدىغان يېمەكلىك پەقەت قالماپتۇ. ئۇ ۋە ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئاچلىق جاپاسىغا چىدىماي قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا كىرىشكەندى. ئۇنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ، كەمبەغەللىكتىن ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغانىكەن. ئۇ ئاتىسىنىڭ رىداسى ئاستىدىن بۇس چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تائام ئۈمىدى بىلەن بۇنى ئاتىسىغا خەۋەر قىپتۇ. بۇ كىشى تۆت ئۇلاغ كۆتۈرگۈدەك ئىسسىق نان ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇ نېمەتلەر ئۈچۈن شۈكرى ئادا قىلىپ سەجدە بەجا كەلتۈر گەندىن كېيىن بۇ غايىبتىن كەلگەن يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن يەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاسماندىن كۆپلىگەن گۆرۈچ، بۇغدايلار يېغىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. ئۇ بۇ ۋەقە توغرىسىدىكى خەۋەرنى شاھ جەئفەرخان ھۇزۇرىغا يەتكۈزۈپتۇ. پادشاھ خاجە مۇھەممەد ئىسھاقنى ئۇ يەرگە بېرىپ مەزكۇر گۆرۈچ، بۇغدايلارنى كۆرۈپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. خاجە ئىسھاق ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىپ پادشاھقا: «خەۋەر راست ئىكەن» دەپ مەلۇمات بېرىپتۇ. بۇ چاغدا پادشاھنىڭ ئۇ كىشىگە رەھمى كېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆپ نېمەتلەرنى ئەۋەتىپ بەرگەندىن سىرت ئۇ كىشىگە كۈندىلىك يېمەكلىك بەلگىلەپ بېرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن غايىبانە يېمەكلىك توختاپ قاپتۇ.

قەدىمكى زاماندا كالىنجىر قەلئەسىدىن ئون ئىككى ئادەم چىقىپ باياۋان يولىدا تۇرغان، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ قامىتى 14 گەز، بەزىسىنىڭ قامىتى 15 گەز ئىكەن. بېشى، يۈزى ئادەمگە ئوخشايدىكەن؛ بەزىسىنىڭ پۇتى ئادەمنىڭ پۇتىغا، بېشى ئاتنىڭ بېشىغا ئوخشايدىكەن؛ بەزىسىنىڭ بېشى پىلنىڭ بېشىغا ئوخشايدىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ پېشانىسىدە يىلان بار ئىكەن. بۇ خۇدايىتائالانىڭ ئاجايىپ قۇدرەتلىرىدىن ئىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھىندىستان ۋىلايىتىدە بىر ئادەم ئۆز يېرىدە قۇدۇق قازغان، قۇدۇقنىڭ تېگىدىن قان ئارىلاش لاي چىققان، قۇدۇق قازغۇچى قاننى كۆرۈپ ھەيران بولغان، كېيىن ئاستىدىن سۆت ئېمىدىغان بىر بوۋاق چىققان. ئەسلىدە ئۇ قۇدۇق قازغۇچىنىڭ كەتمىنىنىڭ بالىنىڭ ئەزاسىغا تېگىپ زەخىملىنىشىدىن چىققان قان ئىكەن. شەھەردىكى ھەممە ئاقىللار ۋە دانالار بالىنى كۆرۈشكەن بولسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلمىگەن. چۈنكى، ئۇ ھەقتائالانىڭ خاس قۇدرىتىدۇر. ئاللا ئالەمدىكى ئاشكارا ۋە مەخپىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر. ئاللا ھەممە ئىشتىن خەۋەرداردۇر.

ئۇنىڭدىن كېيىن، بىر ئېمىكئانا بۇ بالىنى پەرۋىش قىلىپ باققان. بالىنىڭ تىلى دەسلەپتە «كەلىمەئى تەييىبە» بىلەن چىققان. «كالامۇللا» (قۇرئان كەرىم)نى يادلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەج قىلىش ئارزۇسى بىلەن شەرەپلىك ئىككى ھەرەمگە بېرىپ تاۋاپ قىلغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەھتەھە تەرەپتە پەرگەنە ساماۋاتى دېگەن يەردىن ئۆتۈپ نىلۇفەرىي دېگەن

شەھەرنىڭ يۇقىرىسىدا بىر جاي بار بولۇپ، ئۇ يەرگە بەرھەمەن خەلقى ھەم جىن ـ شاياتۇنلار توپلاشقانىكەن. ئۇ يەردە جاجگەن دېيىلىدىغان بىر تائىپە خەلق بار بولۇپ، جاجەكمۇ دېيىلىدىكەن. ئۇ يەردە بىر ئايال بىر پارچە گۆش تۇغقان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەم ئەزالىرىنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئىزناسى يوق ئىكەن، ئەمما مىدىرلايدىكەن. ئاتىسىنىڭ ئاتلىق مېھرى تۇتۇپ ئۇنى دەپنە قىلىشقا رۇخسەت قىلمىغاچقا يەنە بىر نەچچە كۈن ساقلاش قارار قىلىنىغان. مەلۇم زامان ئۆتكەندىن كېيىن، مەزكۇر گۆشتە ئادەمنىڭ ئەزالىرى ۋە ھايات تەننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىغان. ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەممە ئەزالىرى تولۇق يېتىلىپ بولغان. جاھاننىڭ ھەممە جايلىرىدىن خەلقلەر كېلىشىپ خۇدايىتائالانىڭ قۇدرەتلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن مۇشاھىدە قىلىشقان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بالىنى پەرۋىش قىلىپ چوڭ قىلغان. ئەقىللىق، بىلىملىك بالا بولغان، ئەمما 15 ياشقا كىرگەندە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جەننەت ماكانلىق ھەزرىتى پادىشاھنىڭ سائادەتلىك زامانلىرىدا تەھتەھە شەھىرىدە بىر ئايالنىڭ تۇغۇت ۋاقتى توشۇپ قورسىقى ئاغرىغىلى تۇرغان. ئالتە كۈنگىچە شۇ ھالەتتە داۋام قىلغان. ھامىلىنى چۈشۈرۈشكە ئىلاج قىلىنىغان بولسىمۇ ھېچ پايدىسى بولمىغان. بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئۇنى خۇدايىتائالانىڭ پەزلى ـ ئىنايىتىگە تاپشۇرغان. بالىنىڭ تۇغۇت ئانىسىمۇ قايتىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن خۇدايىتائالانىڭ كەرىمى بىلەن ئايالنىڭ يوتىسىنىڭ قىسىلچىقىدىن قاپارچۇقتا ئوخشاش بىر يەر يېرىلىپ ئۇ يەردىن بىر قىز بالا تۇغۇلغان. ئۇ ئايالمۇ قورساق ئاغرىقىدىن خالاس بولغان. يېرىلغان يەرگە مەلھەم سۈرۈلگەن، ئاز كۈنلەردىن كېيىن ساقايغان. بالا ئون ياشقا كىرىپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

«ئەجايىبۇل ـ بۇلدان» دېگەن كىتابتىن نەقىل قىلىنىشىچە، رۇم شەھەرلىرىدىن ئەبرۇق دېگەن شەھەردە بىر جاي بار ئىكەن. ئۇ جايدا بىر جامائە شېھىتلار بار بولۇپ، ئەزالىرىدا نەيزە ۋە قىلىچلارنىڭ جاراھەتلىرى ھازىرمۇ بار ئىكەن. كىيگەن كىيىملىرىمۇ پەقەت ئۆزگەرمىگەنىكەن. ئۇلار تامغا يۆلىنىپ ئۆرە تۇرۇقلۇق ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار بىر توپ ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار بولۇپ، ھەزرىتى ئۆمەر — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ زامانلىرىدا شېھىت بولغانىكەن.

ئانجەئلى دېگەن يەر ئىزاب دېگەن يەرگە تۇتاش بولۇپ، ئۇنىڭ تاغلىرىدا زۇمرەتنىڭ كانلىرى بار ئىكەن. يېشىل زۇمرەت ئۇ يەردىن ئېلىنىپ باشقا جايلارغا ئېلىپ بېرىلىدىكەن. مەزكۇر زۇمرەتنى زەھەر يېگەن ئادەمگە بەرسە، زەھەر قايتۇرىدىكەن. زەھەرلىك يىلان ئۇنىڭغا قارىسا، كۆزىنىڭ قارىچۇغى بېشىدىن چاچراپ چىقىدىكەن.

چىن شەھىرى ناھايىتى كەڭ ـ كۇشادە ۋىلايەت بولۇپ، ھەر يىلى خالايىق بىر يەرگە يىغىلىپ بىر ئاتنى ئويمان يەرگە تاشلاپ، ئەتراپىنى قورشاپ ئاتنى چىققىلى قويمايدىكەن. ئات شۇ ئويماندا بولسىلا يامغۇر كۆپ ياغىدىكەن. يامغۇر يېتەرلىك بولغاندا ئات ئويماندىن چىقىرىلىدىكەن. شۇنداق قىلىنمىغان يىلى يامغۇر ياغمايدىكەن.

ئەدەن شەھىرى يەمەن شەھەرلىرىدىن بولۇپ، ھىندى دەرياسى بويىغا جايلاشقانىكەن. ئۇ بىر تۈز يەردە بولۇپ، ئەتراپىنى تاغلار قورشاپ تۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىدىن يول ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن

شەھەرگە كىرگىلى بولىدىكەن. «بار» تېغى شۇ يەردە ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قىيامەتنىڭ ۋەقەلىرى شۇ يەردە بولىدىكەن. يەنە «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان «بىئرى مۇئەتتەلە» دېيىلىدىغان قۇدۇق شۇ يەردە ئىكەن. ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دىۋىلەرنى شۇ قۇدۇققا قاماپ قويغانىكەن. ھەزرىتى دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىمۇ شۇ يەردە ئىكەن.

## ئاڭلانغان ئاجايىپ ـ غارايىپلارنىڭ بايانى

ھامىلىدار ئايالنىڭ تۇغۇتى تەس بولسا، ئۆزى بىلەن ئىسمىداش بولغان بىر قىز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «مەن قىز بالا تۇرۇپ تۇغدۇم، سەن تېخى تۇغماپسەن» دېسۇن، خۇدايىتائالانىڭ پەرمانى بىلەن بالا ئانىسىدىن ئاجرايدۇ.

كىشىنى ئېشەك چىشلىۋالغان بولسا، دەرھال شۇ ئېشەككە مىنىپ بىردەم ئولتۇرسۇن، ئەگەر ئېشەك ھاڭرىسا، ئاغرىق پەسىيدۇ؛ ھاڭرىمىسا، ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا: «سېنى ئېشەك چىشلەپتۇ» دېسە، ئاغرىق دەرھال پەسىيدۇ.

يامغۇر يېغىۋاتقاندا ئىت ھاۋشىسا، يامغۇر دەرھال توختايدۇ.

شىر خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا، توختاپ تۇرۇشقا تاقەت قىلالماي قېچىپ كېتىدۇ.

## كۆرۈلگەن ئاجايىپ ـ غارايىپلارنىڭ بايانى

«ھەجەرۇل ـ جەنىن» (ھامىلە تېشى) دېيىلىدىغان بىر خىل تاش بار بولۇپ، ھامىلىدار ئايال ئۇنىڭغا قارىسا، بالىسى دەرھال چۈشۈپ كېتىدىكەن.

يولۋاس ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنى كۆرسە قاچىدىكەن.

مۆلدۈر يېغىپ زىرائەتلەرگە زىيان سالىدىغان بولسا، ھەيز كۆرگەن ئايال يالىڭاچ بولۇپ، چاچلىرىنى يېشىپ شۇ يەردە ئۇخلىسا، بېشىدىكى بۇلۇتلار تارقاپ مۆلدۈر توختايدۇ.

مىسىر دەرياسىدا بىر خىل بېلىق بار بولۇپ، كىمكى ئۇنى ئۆزى بىلەن ساقلىسا، كىمكى ئۇ ئادەمنى كۆرسە، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ئۇنىڭغا ئاشىق ۋە شەيدا بولۇپ قالىدۇ.

بىر خىل بۆرە بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ كۆزى چۈشسە، بۆرە مادارسىز بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بۆرىنىڭ كۆزى ئاۋۋال ئادەمگە چۈشسە، بۆرىنىڭ ئىڭىراشقىمۇ ماجالى قالمايدۇ. ئادەم بىلەن بۆرە بىرى بىرىنى كۆرمىسە ھېچ ئىش بولمايدۇ.

ئاڭلاش زۆرۈركى، كىمكى بۆرىنىڭ ئۇشۇقىنى نەيزىنىڭ بىرەر يېرىگە بېكىتىپ جەڭگە چىقسا، بۇ نەيزىگە كۆزى چۈشكەن ئات شۇ ھامان قاچىدۇ. مىنگەن ئادەم توختىتىشقا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ پايدىسى بولمايدۇ.

كىشى يولۋاسنىڭ تۆكىدىن ئېلىپ ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىگە ئېسىپ قويسا، ئۆيگە پاشا ۋە كۆمۈتا كىرمەيدۇ.

چۈمۈلە ئوزۇقلۇق قىلىش ئۈچۈن پارچىلاپ ئۇۋىسىغا ئېلىپ كىرگەن بۇغداينى ئېلىپ چىقىپ ئاپتاپقا سالىدۇ. كېيىن ئاپتاپقا سالغان دانلىرىنى ئالدىراپ ئۇۋىسىغا توشۇيدۇ. ئۇ يامغۇ ياغىدىغانلىقىنى بىلىپ شۇنداق قىلىدۇ. چۈمۈلىنىڭ بۇ ئىشىغا قاراپ يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگىلى بولىدۇ.

ھەيز كۆرگەن ئايال ئەينەككە ئوخشاش پارقىراق نەرسىگە قارىسا، ئۇ نەرسىنىڭ يۈزى تۇتۇقلىشىپ قالىدۇ.

nurkitap.com

## پۇرالغان ئاجايىپ ـ غارايىپلارنىڭ بايانى

ئىشەك مونچىقى سوقۇلۇپ ئۇستىگە سۇ قۇيۇلۇپ شۇ سۇ ئۇيگە سېپىلسە، ئۇيدىكى چاشقانلار قاچىدۇ.

چاقىدىغان ھايۋانلار ھۆل خېنىدىن قاچىدۇ. ئۇلار ھۆل خېنا بىلەن دائىرە ئىچىگە ئېلىنىپ قويۇلسا، ھېچ تەرەپكە قېچىپ كېتەلمەي ئۆلىدۇ.

بوغا مۈڭگۈزى كۆيدۈرۈلۈپ ئۆي ئىسلانسا، مەيلى بۆرگە ياكى باشقا چاقىدىغان ھاشاراتلار بولسۇن ئۆيدىن قاچىدۇ.

تۆگىنىڭ يۇڭى كۆيدۈرۈلۈپ ئۆي ئىسلانسا، چاشقانغا ئوخشاش زىيانداش ھايۋانلار، بۆرگىگە ئوخشاش چاقىدىغان ھاشاراتلار ئۆيدىن قاچىدۇ.

چىغ بۆرىسى (بۆرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، چىغ ئۆسكەن يەرلەردە ياشايدۇ)نىڭ تېرىسى ئۆيدە ساقلانسا، ئۆيگە ئىت كىرەلمەيدۇ.

كىشى ئاۋال ئاختۇرما، چامغۇر يەپ ئارقىدىن سامساق يېسە، ئارقىدىن يەنە ئاختۇرما، چامغۇر يېسە ئېغىزى ھەرگىز سامساق پۇرىمايدۇ.

ھامىلدار ئايالنىڭ ئايىقى ئاستىدىن ئىسرىق سېلىنسا، بالىسى دەرھال ئۆلۈپ قالىدۇ.

يولۋاسنىڭ چاۋا يېغى قانداق ئورۇندا قويۇلسا، ئۇ يەرگە چاشقان، چۈشۈن بارمايدۇ.

ئۆيدىكى بۆرگىلەر تولۇق يوقالسۇن دېيىلسە، سوغا قويىنىڭ قېنىنى ئارىلاشتۇرۇپ قاچىغا ئېلىنىپ قويۇلسا، بۆرگىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا يىغىلىدۇ (شۇ چاغدا بىراقلا يوقىتىلسا بولىدۇ).

كىشى شىر يېغىنى بەدىنىگە سۇرۇۋالسا، ھەر قانداق زىيانداش ھاشارات ئۇنىڭغا يېقىن يولىمايدۇ.

ئۈچكە ساقىلى كۆيدۈرۈلۈپ تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپ (تەپى رۇبئى) كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ ئېتىكىنىڭ ئاستىدىن ئىسلانسا، تەپ ساقىيىدۇ. باش ئاغرىقىغىمۇ شىپا بولىدۇ.

ئانار دەرىخىنىڭ يىلتىزى كۆيدۈرۈلۈپ ئۆي ئىسلانسا، ئۆيگە يىلان ۋە باشقا چاقىدىغان ھاشاراتلار كىرمەيدۇ.

چاقىدىغان ھاشاراتلار ئۇتقا سېلىنىپ كۆيدۈرۈلسە، پۇرىقى يەتكەن يەردىكى ھاشاراتلارنىڭ ھەممىسى قاچىدۇ.

كالا تېزىكى كۆيدۈرۈلۈپ قانداق يەر ئىسلانسا، ئۇ يەردىن چىكەتكىلەر قاچىدۇ.

بۆرە تاغ پىيىزىنىڭ پۇرىقىدىن قاچىدۇ.

ئات تۇيىقىنىڭ قىرىندىسىنى كۆيدۈرۈپ ھامىلدار ئايالنىڭ ئايىقىدىن ئىسرىق سېلىنسا، بالىسى دەرھال ئاجرايدۇ.

## يەيدىغان نەرسىلەرنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بايانى

چاشقان مەدەستاننى يېسە ئۆلىدۇ.

ئايال كىشى بەللۇت دەرىخى ئورۇقىنى سوقۇپ شىياپ قىلسا، ھەيز كۆرمەيدۇ.

كىشىگە پىلنىڭ قۇلىقىنىڭ كىرىنى يىدۈرسە، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىمايدۇ.

ئىتقا ئاچچىق بادام مېغىزى يىدۈرۈلسە، ھەرگىز قاۋىمايدۇ.

جوبۇرى (بىر خىل يىرتقۇچ هايۋان)نىڭ تىرىسىدىن غىلۇپ ياسىلىپ، ھەرقانداق ئۇرۇق ئۇنىڭ بىلەن تاسقىلىپ تېرىلسا، ئۇنىڭەن زىرائەتكە چېكەتكە ۋە پىت زىيان يەتكۈزمەيدۇ.

تۈلكە چىشى كىچىك بالىغا ھەمراھ قىلىنسا، چۆشىدە قورقمايدۇ.

نىلۇفەر قۇرۇتۇلۇپ ئوتقا تاشلانسا، ئوت تەسىر قىلمايدۇ ۋە كۆيدۈرمەيدۇ.

كېمىدە زەيتۇن ساقلانسا، دەريا دولقۇنى يېقىنلىشىپ كېيىن يېنىپ كېتىدۇ.

كىمكى خېنا ئۇرۇقىنى ئۆزى بىلەن ساقلىسا چاققۇچى ھاشارەتلەر ئۇنى چاقمايدۇ.

كۆلنى يامغۇر سۈيى بىلەن قايىنتىپ يۇمشاق سالايە قىلىنغاندىن كېيىن پارچە - پارچە لاتىغا سۈرۈلۈپ قىز بالىنىڭ كۆكرىكىگە ئىككى - ئۈچ كۈن تېڭىلسا، ئەمچىكى چوڭ بولمايدۇ.

## جاۋاھىراتنىڭ باھاسىنى تونۇشنىڭ بايانى

زامانىڭ باھا قويغۇچىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ھەر قانداق جەۋھەر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى يېرىم داڭ بولسا، ئەيىبى بولمىسا، باھاسى تۆت دىنار بولىدۇ. جەۋھەر ئەيىبسىز بولۇپ، ئېغىرلىقى ئۈچ تەسۇج (قەدىمكى ئۆلچەم بىرلىكى) بولسا، باھاسى سەككىز دىنار بولىدۇ. ئېغىرلىقى ئىككى داڭ بولسا، باھاسى 200 دىنار بولىدۇ. باھاسى كەم ياكى زىيادە بولسا ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچى كېلىشىشە بولىدۇ.

### مەرۋايىتنىڭ باھاسى

مەرۋايىتنىڭ دانىلىرى پاكىز، ئەيىبسىز بولسا، ئۇنىڭدا دېيىلگەن سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلسا، مىڭ مىسقالغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قىممەترەك ئېلىنىشىمۇ مۇمكىن. مىقدارى بىر مىسقالغا يەتمىسە، ئەيىبلىك بولسا 500 دىنارغا ئېلىنىدۇ. سۈپەتلىك بولسا، رەڭگىگە ئېتىبار بېرىلمەستىن قىممەت باھاغا ئېلىنىدۇ.

مەرۋايىت سۈپىتى ۋە رەڭگىگە قاراپ تۆرۈپ ئاق رەڭلىك، ھاۋا رەڭلىك دەپ ئايرىلىدۇ. ئەينەك رەڭلىكمۇ بولىدۇ. ھەممىدىن ئوبدىنى يۇلتۇز رەڭلىكى بولۇپ، كۆپ ئەتىۋارلىنىدۇ. مەرۋايىتنىڭ ئوبدىنى ئادەمنىڭ ئەزاسىدىن ئىسسىقلىق قوبۇل قىلىدۇ. ئىپار ۋە ئەنبەرنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. سۇنىڭ نەمىنى تارتىدۇ. ئۇنىڭغا باشقا جاۋاھىرات قوشۇش بىھاجەت. بۇنداق مەرۋايىتنى كالا تېزىكى بىلەن نۆشۈدۈردىن يىراق تۇتۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

مەرۋايىتنىڭ ئوبدىنىنى ئۆزى بىلەن ساقلانسا، كۆڭۈلنى خۇشال - خۇرام قىلىدۇ. يۈرەككە قۇۋۋەت بېرىدۇ. غەم - ئەندىشىنى يوقىتىدۇ. يۇمشاق ئۇن قىلىنىپ سۈرمە بىلەن كۆزگە تارتىلسا، كۆز نۇرلىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. كۆز ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. سەۋدانىڭ غەيرىيلىكىدىن مۇداپىئە قىلىدۇ.

### ياقۇتنىڭ خاسىيتى ۋە باھاسى

ياقۇتنىڭ قىزىل رەڭلىكى ئەتىۋارلىنىدۇ، بۇ خىلى «بەھرەمانى» ۋە «رۇممانى» (ئانار رەڭلىك) دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەر ئىككىسىنىڭ باھاسى ئوخشاش ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن «ئەغلىبەس» دېيىلىدىغىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن توز قانىتىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش ھاۋا رەڭلىك، يېشىل

رەڭلىك ۋە سېرىق رەڭلىك بولغىنى ياخشىدۇر. شۇنداق بولغاندا ياقۇت نەچچە خىل بولىدۇ. كۆنىنىڭ رەڭگىدە بولغىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىل نارەنجىنىڭ رەڭگىدە بولغىنىمۇ ئەتىۋارلىنىدۇ.

جەۋھەرشۇناسلارنىڭ نەزەرىدە بىر تەسۇج (ئۆلچەم بىرلىكى) مىقداردىكى ئەيىبسىز ياقۇتنىڭ باھاسى ئۈچ دىنار بولىدۇ. ئەگەر مەمۇج (ئۆلچەم بىرلىكى) ۋەزنىدە بولسا ئالتە دىنارغا، تۆت داڭ ۋەزنىدە بولسا 100 دىنارغا، ئىككى يېرىم مىسقال ۋەزنىدە بولسا 1000 دىنارغا، ئالتە دىنار بەش داڭ ۋەزنىدە بولسا 700 دىنارغا سېتىۋېلىنىدۇ. بوتلمۇس بىلەن ئەبۇ رەيهاننىڭ نەزەرىدە بىر مىسقال ۋەزنىدىكى ئەيىبسىز قىزىل مەمۇج (ياقۇتنىڭ تۈرى)نىڭ باھاسى 5000 دىنار بولىدۇ. باھاسى يۇقىرىقىلاردىن كەم ـ زىيادە بولسا ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچى ئىككى تەرەپ ئۆزئارا كېلىشىپ سودىلىشىدۇ.

ياقۇتنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ھەممە تاشلارنى تارتىدۇ، پەقەت ئالماسنى تارتمايدۇ. ئۇنىڭدىكى پارقىراقلىق ۋە سۈزۈكلۈك باشقا ھېچقانداق جاۋاھىراتتا بولمايدۇ. ياقۇت ھەممە جاۋاھىراتتىن ئېغىردۇر. ئوتنىڭ تەسىرىدە ئېرىمىۋ قاتىدۇ. ئادەم ئۇنى ئۆزى بىلەن ساقلىسا، تائۇن كېسەللىكىدىن ئامان بولىدۇ. ئېغىزىغا سېلىپ يۈرسە، كۆڭلى ـ كۆكسى توق، غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس بولىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. خەلقنىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرۈنىدۇ. باشقا ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ساقلىنىدۇ.

زۇمرەتنىڭ باھاسى

زۇمرەتنىڭ رەڭگى كۆپ خىل بولۇپ، ئوبدىنى يېشىل رەڭلىكىدۇر. ئەمما، ئاسان سۇنىدۇ. ئوتقا چىدىمايدۇ. كىشى ئۆزى بىلەن ساقلىسا، تۇتقاق كېسەلدىن خالاس بولىدۇ، كۆڭلىگە خۇشلۇق يېتىدۇ. ئۇنى يېگەن كىشىگە زەھەر كار قىلمايدۇ، چاچ ـ ساقىلى ئاقارمايدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، زۇمرەتنىڭ ئانار دانىسى رەڭگىدە بولغىنىدىن باشقىسىنىڭ باھاسى ئەرزان ئىكەن. ئانار دانىسى رەڭگىدە بولغانلىرىنىڭ ئۈچ دەرىمى ئەللىك دىنارغا، 205 دەرىمى 1000 دىنارغا سېتىلىدىكەن.

كىشى زۇمرەتنى ئۆزى بىلەن ساقلىسا، قاراڭغۇلۇقتا قالمايدۇ، ئەقلىدىن ئازمايدۇ. ھامىلدار ئايال تۇغىدىغان ۋاقتىدا زۇمرەتنى يېنىدا قويۇپ قويسا، تۇغۇتى ئاسان بولىدۇ. ئەگەر زۇمرەتنى چاقىدىغان يىلاننىڭ ئالدىدا قويۇپ قويسا، كۆزى تېشىپ چىقىدۇ.

ئالماسنىڭ باھاسى

ئالماسنىڭ بىر خىلى پەرەڭ شېشىدەك ئاق بولىدۇ؛ يەنە بىر خىلى سېرىق بولۇپ «تىبەتى» دېيىلىدۇ؛ يەنە بىر خىلى يېشىلغا مايىل بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئالماسنىڭ قىزىلغا مايىل بولغىنىنى تاپماق تەس ئىكەن. ئالماس قاتتىقلىقىدىن «كۈچلۈك» دەپ تونۇلىدۇ. ئەمما، قوغۇشۇن يۇمشاقلىقى بىلەن ئۇنىڭغا غالىب كېلىدۇ. قىچا سۇغا چىلىنىپ تەمى چىققاندىن كېيىن ئوت بىلەن قىزىتىلغان ئالماس ئۈستىگە تۆكۈلسە، ئېقى يوقىلىپ ياخشىلىنىدۇ.

چوڭ ئالماسنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئادەم ئۆزى بىلەن ساقلىسا، بوران ۋە چاقماقنىڭ زەربىسىدىن خاتىرجەم بولىدۇ. كۆزى ئاغرىمايدۇ. خالايىقنىڭ كۆزىدە ئەزىز، ئۇلۇغ بولىدۇ. ئوتتا كۆيۈشتىن، سۇدا غەرق بولۇشتىن ئامان بولىدۇ. ئالماسنى ئۆزى بىلەن ساقلىغان كىشى يەنە دوۋسۇندا تاش پەيدا بولۇش كېسەللىكىدىن خالاس بولىدۇ.

لەئەلنىڭ باھاسى

لەئەل قەدىمكى زاماندا يوق ئىدى، ئۇنىڭ چىقىدىغان يېرى بەدەخشاندىكى بىر تاغدۇر. بىر زامانلاردا بەدەخشاندىكى تاغ ئۆرۈلۈپ چۇشۇپ ئىچىدىن لەئەل چىققان.

لەئەلنىڭ دانلىرى ئانار دانلىرىدەك ياكى چوغدەك بولۇپ، ساپ، سۈزۈك، دولقۇنلۇق بولسا باھاسى ئانار دانىسى رەڭلىك زۇمرەتنىڭ باھاسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

لەئەل بەش خىل بولۇپ، ئۇلار «قەمەرىي» (ئاي رەڭلىك)، «ئۇننابىي» (چىلان رەڭلىك)، «زەردىي» (سېرىق رەڭلىك)، «ھەمەرىي» (قىزىل رەڭلىك) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى، كىشى ئۇزى بىلەن ساقلىسا، كۆڭلىنى خۇرسەن قىلىدۇ، ئېھتىلام بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يامان چۈش كۆرۈشتىن ساقلايدۇ. مەجۇناتقا ئارىلاشتۇرۇلسا، ئادەمنىڭ يۈزىنى قىزارتىدۇ، كۆزنى زىيادە روشەن قىلىدۇ.

فىروزەنىڭ باھاسى

بىلگىنكى، فىرۇزە نەچچە جايدا بولىدۇ. فىرۇزەئى نىشاپۇرىي، فىرۇزەئى كىرمانىي، فىرۇزەئى خەجەندىي، فىرۇزەئى يەزدىي قاتارلىقلار ئىچىدە ياخشىسى «فىرۇزەئى نىشاپۇرىي»دۇر. خالايىق ئارىسىدا «ئەبۇ ئىسھاق» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ كانىنى ئەڭ دەسلەپتە ئەبۇ ئىسھاق دېگەن كىشى بايقىغان. ئۇنىڭ رەڭگى باشقىلىرىنىڭ رەڭگىدىن ياخشىراق بولىدۇ، رەڭگى ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن فىروزەئى سۇلايمانىي، ئۇنىڭدىن قالسا فىروزەئى زەھرىي ياخشىدۇر. ئۇلارنىڭ باھالىرى بىر بىرىدىن قېلىشمايدۇ.

فىرۇزە نىشاپۇرىي ساپ، قىزىل بولسا، ۋەزنى يېرىم مىسقالغا يەتسە ئون دىنارغا، ۋەزنى بىر مىسقالغا يەتسە 30 دىنارغا، ئۈچ مىسقالغا چىقسا 150 دىنارغا سېتىۋېلىنىدۇ.

فىرۇزەنىڭ خاسىيىتى شۇكى، كىشى ئۇنىڭغا قارىسا، كۆزى روشەن بولىدۇ. دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. كىشى ئۇنى ئۆزى بىلەن ساقلىسا، دۈشمەندىن غالىب كېلىدۇ. كىمكى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن فىرۇزەگە قارىسا، شۇ كۈنى كۆڭلى خۇرسەن ئۆتىدۇ.

بىجادەنىڭ باھاسى: ئەگەر بىجادە ياقۇت رەڭگىدە بولسا لەئەلنىڭ باھاسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ؛ نۇرغۇن لەئەللەر بىجادىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئىككىسىنى ئوتقا تاشلىغاندىلا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

مارجاننىڭ باھاسى

مارجاننىڭ كانى رۇم دەرياسىدىدۇر، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تاغ بار بولۇپ، مارجان ئۇنىڭدا خۇددى گىياھتەك ئۈنىدۇ. مارجان سۇدىن چىقىرىلسا، ئۇنىڭغا ھاۋا تەگكەندىن كېيىن تاشقا ئوخشاش قاتىدۇ. ئۇ مەجۇناتقا قوشۇلسا، يۈرەكنىڭ قېنىنى تازىلايدۇ. ھاياتى روھقا مەدەت بېرىدۇ. ئۇن قىلىنىپ چىشقا سۈرۈلسە كۆك، سېرىق داغلارنى يوقىتىدۇ. چىش يىلتىزىنى چىڭىتىدۇ. زەھەرلەنگەن، زەھەرلىك ھاشاراتلار چېقىۋالغان كىشىلەرگە يېرىم دەرىمى يۇمشاق سوقۇلۇپ بېرىلسە زەھەرنى تەرلىتىش ئارقىلىق يوقىتىدۇ. تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ياخشىسى رەڭگى قىزىل، سىلىق بولغانلىرىدۇر. ئۇ ئاق، سېرىق، قىزىل، توپا رەڭدىن ئىبارەت ھەر خىل رەڭدە بولىدۇ. خۇراسان تېغىدىمۇ ئۇنىڭ كانى بار.

ئۇ ئۇن قىلىنىپ زەھەر يېگەن ئادەمگە ئىستېمال قىلدۇرۇلسا، زەھەرنى دەرھال قايتۇرىدۇ. كۆيدۈرۈپ جاراھەتكە چېپىلسا ساقايتىدۇ.

**ئاھەنرەبا (ماگنېت) تاش**

بۇ باشقا تاشلارنى ئۆزىگە تارتىدىغان تاشتۇر. ئۆزى قانچىلىك چوڭلۇقتا بولسا شۇنچىلىك چوڭلۇقتىكى تاشنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئۇنىڭ كانى قىزىل دېڭىزدىدۇر. شۇ سەۋەبتىن بۇ دېڭىزدا يۈرىدىغان كېمىلەرگە تۆمۈر ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى ئادەم بەدىنىدە قالغان ئوقنى تارتىپ چىقىرالايدۇ. تۇغىدىغان ئايال ئۇنى ئۆزى بىلەن تۇتسا، تۇغۇتى ئاسانلىشىدۇ. نۇقرەس (بوغۇم ياللۇغى) بولغان ئادەم ئۇنى پۇتىغا تاڭسا ئاغرىق پەسەيتىدۇ. بوغۇم ئاغرىقى بار ئادەم ئۆزى بىلەن ساقلىسا، شىپا تاپىدۇ. ئۇ چۇمولە ئۇۋىسىغا تۇتۇلسا، چۇمۇلىلەر يىراق قاچىدۇ. ئاھەنرەبا تاش كۆيدۈرۈلۈپ قىز بالىنىڭ ئايىغىدىن ئىسلانسا، ئىس ئۇنىڭ ياقىسىدىن چىقسا، جۇۋان بولۇپ قالىدۇ. ياقىسىدىن چىقمىسا قىزلىق ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئۇ «ھەجەرۇل ـ ھەدىد» (تۆمۈر تېشى) مۇ دېيىلىدۇ.

**دەھنە (كۆك تاش)نىڭ باھاسى**

ئۇ ئاچچىق ۋە تاتلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. تاتلىقى ئالتۇن كانىدىن، ئاچچىقى مىس كانىدىن چىقىدۇ. ھەر ئىككىسى پولات رەڭگىدە بولىدۇ. بەزىسى توز رەڭگىگە ئوخشايدۇ.

ئاچچىقى تۈركىستاننىڭ ئافراسىياب بىنا قىلغان شەھىرىدىن چىقىدۇ.

ئۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى، كىشىنىڭ كۆزىنىڭ تومۇرلىرى كۆپۈپ قىزىرىپ ئاغرىيدىغان، تورلىشىدىغان بولۇپ ساقايمىغان بولسا تاتلىق دەھنىنى تاشقا سۈرۈپ كۆزگە سۈرسە، پايدا قىلىدۇ (ئەمما، ئۇ زەھەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن كۆزگە ئىشلەتكەندە، ئىچىدىن ئىستېمال قىلىشقا توغرا كەلسە ئېھتىيات قىلىش لازىم).

ئاچچىق دەھنە زەھەرلىك بولۇپ، ئېغىزغا سېلىنسا، چىشلارنى تۆكۈۋېتىدۇ. كىشىنى زەھەرلىك ھاشارات چاققان بولسا، ئۇنى سىركە بىلەن ئۇن قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا سۈرسە، دەرھال ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

**ھېقىقنىڭ باھاسى**

ھېقىق نەچچە خىل بولىدۇ. ھەممىدىن ئۈبدىنى رەڭگى سېرىق، سۈزۈك، ساپ بولغىنىدۇر. كىشى ئۇنى ئۆزى بىلەن ساقلىسا، (ئىشلىرى) بەرىكەت تاپىدۇ. ئىلگىرىكى ھۆكۈمالار ئۇنى ناھايىتى ئەزىز بىلىشكەن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدا، ئەجەملخان ھەبىبۇللاھاجى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقات ئىشخانىسىدا)

غىياسىددىن

# مىرائى شىئرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات تۇرسۇنباقى

قاراماقدە بەش يەرغە مەكرۇھ بار،
نەمازدە چەپۇر ئاستىغە گەر قەرار.
كىشىنى ئۆيىغە يەنە ئىزنسىز
قاراسا، كەراھەت ئېرۇر بىلسەڭىز.
رەسۇل ئايدى: ھەركىم كىشى ئۆيىگە
قاراسا، ئۆزى ئىزن بەرمەي ئاڭا.
ھەلالدۇركىم ئول ئۆينى ئىگەلەرى،
كۆزىن ئويسەلەر كور ئەيلەپ ئانى.
قاراسا ئانى مەھرەم ئەرمەس خاتۇن،
خاتۇن ئەگەر باقسە ئەركەككە چۇن.
قاراماق غەنىلەرغە ھەسرەت بىلەن،
كى مەندىن زىيادە ئېرۇر مال ئىلەن.

* * *

ئېرۇر بەش نىمەنى ئىشتمەك ھەرام،
دېدىلەر پەيەمبەر ئەلەيھىسسەلام.
بىرى ئانى ئېرمىش ئىشتمەك غەنا،
بۇ مىئيار ئىتىپ شەمس مۇھەممەد ئاڭا.
كى ئۇرسە قولىن شىئرى بالەھنى ئوقۇر،
كى يەئنى ئوقۇر سەۋتىنى خۇب ئېتۇر.
ئۇچەۋ جەمئ كەلسە غەنا بولغۇسى،
ھەمە دىندە باردۇر كەبىرە بەسى.

دېدىلەر رەسۇل: ئۇممەتىم ئېرسەڭىز،
غەنا بار يەردە ھېچ ئولتۇرماڭىز.
بەقەسد ئەر ئىشتسە گۇنەھكار ئولۇر،
ئانى ئىچرە ئولتۇرسە فاسىق بولۇر.
ئەگەر ۋەقتى خۇش بولسە لەززەت ئالىپ،
بولۇر كافر ئىماندىن ئايرىلىپ.
ئىشتمەك يەنە نەۋھە گەر سەۋتىنى،
ھەرامدۇر، ۋە زىنھار ئىشتمەڭ ئانى.
رەسۇلى خۇدا ئايدىلار نەۋھە گەر،
يەنە ھەر كىم ئول سۇھبەتىدە تۇرار.
خۇدا بارچەسىن دەۋزەخ ئىچرە ئەزاب،
ئېتەدۇر قاتىغ تاڭلا يەۋمۇل ـ ھىساب.
يەنە ھەزل بىھۇدە ئەتمەك سەمائ،
دۇرۇغ ھەزللەر ئەيلەمەك ئىستىمائ.
كىشى لەغۋ بىھۇدە گەر سۆزلەسە،
ۋەيا بىر كىشىدىن ئىشتتى ئېسە.
بولۇر كۆڭلى كۆپ قاتىغۇ سۇستىدىن،
كىم ئولغاي يەنە ئەقلۇ رىزقى يەقىن.
يەنە بولكى ناگاھ ئىككى كىشى،
بىرى بىرگە ئاھەستە سۆز دېمىشى.
ھەرامدۇركى ئاڭا قۇلاغىن تۇتۇر،
كىشى قەسد ئېتەركىم ئەلايىس سەسۇر.
دېدىلەر رەسۇل: كىم نىھان ئايتسا سۆز،

* بىشى ئۆتكەنكى ساندا

قۇلاغىن تۇتۇپ ھەركىم ئىشىتسە سۆز.
قىيامەت كۈنى قورغاشىم ئېرىتىپ
قۇيارلار قۇلاغىغە تەئزىپ ئېتىپ.
ھەرامدۇر يەنە غەيبەت ئىشىتمەكى،
بەرابەردۇر ئىشىتمەكۇ ئايتماكى.

* * *

سەلام ئەيلاماق زىيبى ئىسلام ئېرۇر،
سەۋابى مۇسۇلمانلارە ئام ئېرۇر.
دېدىلەركى كىمدۇر بەخىلى تەمام،
جەۋاب ئولدۇركى باردۇر بەخىلى سەلام.
سەلام ئۆزى سۈننەت، كىفايە يەقىن،
بىراۋ قىلسە ساقىت بولۇر بارچەدىن.
سەلام قىلماسە ھېچكىم بارچەسى،
قىلىپ تەركى سۈننەت كەراھەت بەسى.
جەۋابىدۇ فەرزى كىفايە ئانى،
بىراۋ بەرسە قىلغاي خەلاس بارچەنى.
ئەگەر بەرمەدى ھېچ ئەھلى نىشەست،
گۇنەھكار ئولار بارچەسى قەدر پەست.
سەلام بەرگەن ئادەم ئەگەر بىر كىشى،
ئېتىپ خاس ئاڭ سالام بەرمىشى.
ئوشۇل ئادەمىي خاسغە پەرز، بەس،
جەۋاب غەير ئەگەر بەرسە مەھسۇب ئەمەس.
دېدىلەر رەسۇلى خۇدا ھەرقايۇ،
كىلەر مۇئمىنىغە ئەگەر روبەرۇ.
قايۇسىكى ئىلگەرى بەرسە سەلام،
تۆكۈلگەي گۇناھى بەدەندىن تەمام.
خۇداۋەند دەۋزەخدىن ئەتكەي خەلاس،
بۇلار بىگۇنەھلىق مەقامىدە خاس.
كىشىكىم ئېتەر مەجلىس ئىچرە مەقام،
كېتەر ۋەقت ئەلبەتتە دېسۇن سەلام.
رەسۇل ئايدى: ھەركىم كېتەر ۋەقتىدە،
سەلام قىلسە قالغاي بۇ ئادەملارە.
ئانى ھەر تۇكىكىم بەدەن ئىچرە بار،
بېرەر مىڭ سەۋاب ئاڭا پەرۋەردىگار.
يەنە ئانچە قەدرىنى ئەتكەي بەلەند،
بولۇر ئەھلى ئالەم ئارا ئەرجۇمەند.

يەنە تا قىيامەتغەچە ئول مەكان،
گۇناھىن خۇدادىن تىلەر بىگۇمان.
بۇ سۆزلەر ھەمە «شەرھى ئەۋراد» ئارا،
بەتەفسىل ئەيلەپ بەيانۇ ئەدا.
سەلام قىلسا ئىكى كىشى بىر بىرە،
كىيىنكىسى بولغاي جەۋاب، ئەي سەرە.
ئەگەر مەئە تۇشەر ھەر ئىكەۋغە جەۋاب،
بولۇر شەرئەدە لازىم، ئەي زۇل ـ جەناب.
ئەگەر كىرسە مەسجىد ئارا مۇسلىمى،
كىشى بولسە لېكىن سۇكۇتدە ھەمى.
سەلامنى بۇ تەرز ئەتسۇن ئول ھۇشيار،
كى بەرگەي سەۋابى ئەزىم كىردىگار.
ئەگەر مەسجىد ئىچرە كىشى بولماسا،
سەلامنى بۇ تەرز ئەيلەسۇن شەرئ ئارا.
ئەگەر كىرسە ئۆي ئىچرەكىم يوق كىشى،
سەلام ئاندە ھەم بۇ سىفەت بەرمىشى.

* * *

دېدىلەر «خەزانى جەلالىي» ئارا،
فەۋايىددا ھەم شەرئەنى شەرھىدا.
سەلام نەچە يەرلەردە مەكرۇھدۇر،
سەلام ئەيلەغەن بىشەفائەت قالۇر.
كىشىكىم كەلامۇللا ئوقۇر بەلەند،
سەلام ئاڭا قىلماق گۇنەھدۇر بەلەند.
يەنە ئىلمىنى گۇفتىگۇئى ئارا،
سەلام بەرسە ھاسىل بولۇر ئەسم ئاڭا.
مۇدەررىسكى ۋەقتىكى دەرس ئايتادۇر،
ۋەيا ساھىبى ۋىرد دىن قىلۇر.
ۋەيا قازىغە مەھكەمەدە سەلام،
رەۋا يوق بۇ يەرلەردە قىلماق مۇدام.
بۇ يەرلەردە بىلمەي سەلام قىلسە گەر،
جەۋاب لازىم ئېرمەس، بولۇر مۇئتەبەر.
سەلامى تەمەئ بىرلە قىلسە گەدا،
جەۋاب لازىم ئېرمەس، دېدى شەرئەدا.
سەلام قىلمە، ئەي مەرد، جەۋان زەنغە ھەم،
ۋەگەر نە بولۇرسەن گۇنەھكارۇ كەم.
سەلام ئول قىبرىلارغە يوقتۇر مۇباھ،

كى باردۇر ئىشى ھەزل بىرلەن مەزاھ.
ۋەيا ئۇل كىشىكىم قىماربازدۇر،
ۋەيا ئۇلكى سۆزىدە يالغان دېيۇر.
ۋەيا ئۇلكى ھەر كىمنى دەشنام ئېتەر،
ۋەيا مەھرەم ئېرمەس خاتۇنغە قارار.
ئالاركىم بۇ ئىشدىن ئۆزىن ساقلاماس،
ھەنۇز تەۋبە ئەتكەنى مەئلۇم ئەمەس.
بۇ ئادەملارە قىلمە ھەرگىز سەلام،
قولۇڭدىن ئەگەر كەلسە قىلمە كەلام.
ئەزانۇ ئىقامەت دېگەن چىن سەلام،
رەۋا يوق ئېرۇر شەرئەدە ۋەسسالام.
جۇھۇد يا ئۇرۇس گەر سەلام ئەيلەسە،
«ئەلەيكۇم» دېگىل، ئاندىن ئارتۇق دېمە.
مۇسۇلمان ئالارغە سەلام ھۆكمىنى،
ھەلال يا ھارام بەر جەۋابىن مۇنى.
جەۋاب ئۇلكى گەر ھاجەتىڭ بار ئاڭا،
دۇرۇستۇر ۋە ئىللا ھەلال يوق ساڭا.
كىشىگە بىرەۋ دېسەكىم غايىبى،
سەلام ساڭا مەن ئۇل كىشى نايىبى.
دېسۇن ساڭا ھەم غايىبىڭغە سالام،
جەۋابى بۇدۇر شەرئ ئارا ۋەسسالام.
ئۆيى سارى ھەر بارە كىرسە كىشى،
سەلام ئەيلەمەك مۇستەھەب دېمىشى.

* * *

زىيافەت ئېرۇر سۇننەتى مۇسلىمىن،
مۇنى ئەيلەگەندۇر بەسى مۇرسەلىن.
دېدى: شەرئە ئىچرە ھەقى مىھمان،
ئېرۇر ۋاجىبى زەممەئى مىزبان.
ۋەگەر كەلسە مىھمان ھەقى بەرمەسە،
بەۋەفقى شەرىئەت ھەقى تەگمەسە.
قىيامەتدە ئالغاي مەشەققەت ئىلە،
مىڭ ئاھۇ فىغانۇ نەدامەت ئىلە.
كىشى قويسە مىھمانىغە مائىدە،
ئاڭا بولغاي ئىككى جەھان فايىدە.
ئۇشۇل مائىدە تاكى باردۇر ئاچۇق،
مەلايىك دۇئا ئەيلاغەي چوق - چوق.

قايۇ ئۆيكى مىھمان ئاڭا كىرمەدى،
فەرىشتەلەر ئۇل ئۆي ئارا كىرمەدى.
چۇ مىھمان قايۇ ئۆيغە قويدى قەدەم،
كىرەر مىڭ بەرەكەت ئانىڭ بىرلە ھەم.
يەنە كىرگەي ئۇل ئۆيگە مىڭ رەھمەتى،
چىقار مىڭ گۇنەھ بىرلە مىڭ مىھنەتى.
دېدى: «كەنز» ئاتلىغ كىتابدە ئەيان،
دېگەي بىر مەلەككە خۇدايى جەھان.
فەلان بەندەم ئۆيىغە بارغىل بەجان،
كىلەر قىرىق كۇندىن كېيىن مىھمان.
سەن ئۇلتۇر ئانى تامدا قىرىق كۇن،
كى كەلگۇنچە مىھمان قىل ئاندە سۇكۇن.
بۇ قىرىق كۇن بەلالارنى ئۇل بەندەدىن،
ئېتىپ جەھد ئىلە جىد يىراق ئەيلەگىن.
يەنە ھەر گۇنەھى بۇ قىرىق كۇن ئارا،
ئۇل ئۆي ئەھلىدىن گەر زۇھۇر ئەيلەسە.
ئانى ئەفۋ ئەتتىمكى غەففارمەن،
ياپارمەن ئاڭا پەردە سەتتارمەن.
يەنە ئانى مىنقارىدە تىشلەگەن،
ئېرۇر بىر خەتى يەئنى خەتتى ئەمان.
كى يەئنى بۇ ئۆي ئەھلىنى ناردىن،
خەلاسىغە بەردىم بۇ خەتنى يەقىن.
چۇ قىرىق كۇن ئۆتۇپ كەلدى ئۇل مىھمان،
بارىن رەھمەت ئەيلەر خۇدايى جەھان.

* * *

نەچە شەرت مىھمان چاقىرماقتا بار،
نۇخۇست ئەھلى تەقۋىنى قىل ئىختىيار.
كىشىكىم غەنىلەرغە بەرسە تائام،
ئەگەرچە ئېرۇر سالىھى نىكۇنام.
دېدىلەر رەسۇل: ئۇل تەئام شەررىدۇر،
فەقىرلارنى ئايتماي غەنىلەر يىغۇر.
زىيافەتغە قەسدى سەۋاب ئەيلەسۇن،
رىياۋۇ مۇباھات ئۈچۈن قىلماسۇن.
«خەزانە جەلالىي»دا ھەم شەرئەدە،
ئەگەر كەلسە مىھمان كىشى ئۆيىگە.
قولىنى تۇتۇپ باشلاسۇن ئۆيىگە،

كۆلۈپ خۇش بولۇپ قاراسۇن روپىگە.
كۆپ ئىززەت بىلەن كۆپ مەسەررەت بىلەن،
دەبان ياخشى سۆزلەرنى ھۆرمەت بىلەن،
دېدى «شەرھى شەرئە»دەدۇر فەيزى ئام،
كى ئەتسۇن ئۆزى خىزمەتىغە قىيام.
يەنە باشىغە زۇد بەرسۇن بالىن،
يەنە ئاستىغە زۇد سالسۇن قالىن.
دېدىلەر پەيەمبەر ھەنۇز ئول فەراش،
ئوتۇرماي تۇرۇپ مىھمان بىتەھاش.
ئىكەۋلەننى مىھمان بىلە مىزبان،
گۇناھىن كەچۈرگەي خۇدايى جەھان.
تەئام ۋەقتى زەيف ئىلە ئولتۇرماسۇن،
ھەم ئالدىغە فەرزەندلەرىن قويماسۇن.
تەئامىنى خۇبىنى خۇب زەرف ئارا،
كەتۇرسۇن دېدىلەر رەسۇلى خۇدا.
تەكەللۇف يەنە ئەتمەسۇن مىزبان،
نەكىم تاپسە ئالدىغە قويسۇن رەۋان.
تەكەللۇفكى ۋەسئىدىن ئەتسە بۇرۇن،
مەشەققەتغە ئۆزىن قويۇپ قىلماسۇن.
كى مىھماننى ناچار دۇشمەن تۇتار،
خۇدايى جەھاندىن غەزەبغە قالار.
رەسۇل ئايدى: مىھماننى ئەزتەھتى دىل،
ئىتىپ ئىززەتىن قىلسە ئۆزدىن بىھىل.
بولۇر رازى ئاندىن خۇدايى جەھان،
بەنىھار ئەزىز ئەيلەگىز مىھمان.
يەنە سۇننەت ئولكىم ئەگەر مىھمان،
ئوتۇرۇپ تەئام يىسە مىزبان ئىلەن.
نۇخۇست مىزبان ئالسۇن ئول تۇئمەدىن،
يەنە جۇملەدىن سوڭرە يىغسۇن قولىن.
بۇ سۆزلەر بارى «شەرھى شەرئە»دەدۇر،
«خەزانە جەلالىي»دە ھەم باردۇر.
«ئەجايىب مۇھىممات» ئارا بار يەقىن،
ئېتىپ نەقلدۇر شەرھى مەنزۇمەدىن.
بۇ سۆزنى دېدىلەر ئىلى مۇرتەزا،
ئوشۇل مەئدەنى جۇدۇ كانى سەخا.
ئېرۇر مىھمان بارچەسى بەش قىسىم،
بەيان ئەيلەيىن ھەر قايۇغە نە ئىسىم.
ئەگەر لۇقمەئ يېسە بىر مىھمان،
ئوشۇلدەم تاپار يۈز سەۋاب مىزبان.
ئېرۇر ئول فەقىرۇ مۇسۇلمان كىشى،
يەنە باردۇ ئىككىنچى مىھمان كىشى.
تەئامنى يېسە مىڭ سەۋابنى تاپار،
ئېرۇر ئول قېرىنداش مىسكىنۇ خار.
ئۈچۈنچى، تەئام يېسە ئون مىڭ سەۋاب،
تاپار ئول سەبىلەر ئوقۇتگەن كىتاب.
ئېرۇر تۆرتى ئول ئالىمى مۇتتەقىي،
كى بولغاي ئۆزى ناسىھۇ ھەم تەقىي.
ئەگەر ئانى ئەيلەر ئېسەڭ مىھمان،
بېرەر ساڭا يۈز مىڭ سەۋاب ئول زەمان.
ئەگەر مىھمان ئەيلەسەڭ فاسىقى،
ئاڭا تۇئمە بەرسەڭ ئۆزىن لايەقى.
كېتەر بىرلەك ئاندىن سەۋاب جەمىل،
گۇنەھ بىرلەك ئورنىغە بولغاي بەدىل.
ساتىپ ئالغاي ئول تۇئمەغە نارنى،
ئاياغىغە ئۇرغاي ئۆزى خارنى.
مۇغەننىغە بەرسە كىشى تەڭگەئى،
بۇلار تاڭلا دەۋزەختە بىر ھەيىەئى.
ئۇزۇنلۇغى ئەلىك مىڭ ئېرمىش زەرائ،
ئاڭا مىڭ ئاغىز بار زۇي ئىللاھ تەبائ.
ھەر ئاغزىدە كۆپ تىشلەر ئول بەندەنى،
ئوشۇل تىشلار ئىلە چاقادۇر ئانى.
كىشى خەمر خورغە بېرەر تەڭگە قەرز،
ئەگەر بەرسە بولغاي جازا ئاڭا قەرز.
جەزا ئولكى چۈن ئولدى بەرمەي ئامان،
ياپۇشكاي ئەدەدسىز يىلانۇ چايان.
قىيامەتغەچە بۇدۇر ئاڭا ئەزاب،
ئالىڭ ئىبرەت ئەلبەتتە، ئەي زۇللەباب.
بۇ سۆزلەر «ئەجايىب مۇھىممات» ئارا،
سەرىھ بار «خەزانىن ئىبادەت» ئارا.
يەنە سۇننەت ئەتتى رەسۇلى جەھان،
كى قايتماق ئەگەر ئىستەسە مىھمان.
ئۇزاتسۇن بارىپ تادەرى كوپىگە،

مىنەر بولسا باسسۇن ئۇزەڭگۈ ئاتقا.
ئوزاتسا چۇ مېھماننى سەككىز قەدەم،
ئاچىلغاي سەككىز جەننەت ئەبۋابى ھەم.
ئەگەر يەتتى ئەقدام قىلدى گۇسىل،
ئاتقا باغلانۇر يەتتى دەۋزەخ دېگىل.

## خاتۇنلارغا نەزەر قىلماقنى بەياندۇر

نەزەر ئەيلەماقدە خاتۇنلارغەدۇر،
مۇسۇلمانلارە كۆپ مەسايىل زەرۇر.
بىگانە خاتۇنلارغە قولۇ ئاياغ،
يۈزى ھەم دۇرۇستۇر نەزەر ئەيلەماغ.
بۇ ئۈچغە ھالالدۇر نەزەر ئەيلەماغ،
بەشەرتىكى شەھۋەتدىن ئولسە يىراغ.
ۋەگەر ئەيلەسە شەھۋەت ئىلەن نەزەر،
ۋەيا ھەزل ئەتسە خاتۇنغە ئەگەر.
ئانى ھەر بىرى ھەرفىغە مىڭ يىلى،
ئەزاب ئەيلەغەي دەۋزەخ ئىچرە بەلى.
قۇچاق ئەتسە شەھۋەتدە بىگانەنى،
ئەزازىل بىلەن بىر قوشارلار ئانى.
ئىكەۋنى تەمۇغقە رەۋان ئەيلەگەي،
جەھەندە سەلاسىل بىلەن باغلاگەي.
ۋە لېكىن دېدى مەۋلەۋى فەخرىددىن،
بىگانە خاتۇنلار ئاياغى يەقىن.
نەماز ئوقۇماق ۋەقت ئەمەس ئەۋرەت ئول،
ۋە لېكىن قەراماق ئېرۇر ھۆرمەت ئول.
بۇ سۆز بولدى فەتۋا كىتابدە سېرىھ،
دېدى ئاندە بۇ سۆزنى ھازا سەھىھ.
ئەگەر مەھرەمىي بولسە خاتۇن كىشى،
ھەلالدۇر ئەگەر كۆرسە ساچۇ باشى.
تىزىدىن قويى ئەمچەكۇ ئىككى قول،
يەنە بوينىيۇ سىنەسى ھەم دىگۇل.
ھەلالدۇر بۇ مەجمۇئە ئەتمەك نەزەر،
ئېرۇر مەھرەمى شەھۋەتى يوق ئەگەر.
قاراماق ھەرامدۇر ئانى قارنىغە،
يەنە ئارقاسىغە يېنە سانىغە،
بىرەۋ چۇرىسىغە قاراماق مەئاف،
ئۆزۈڭ مەھرەمىڭ ھۆكمىدۇر بىخىلاف.
ھەرامدۇر روجۇلدىن روجۇلغە نەزەر،
تەكى ناف تىزدىن بەلەند، ئەي فىسەر.
بۆلەك جايى كۆرمەك تەمامەن ھەلال،
خاتۇنغە خاتۇن چۇن روجالە روجال.
قاراماق روجۇلغە خاتۇنلار ئېرۇر،
بۇ ھەم مىسال ئەركەككە ئەركەكچەدۇر.
سەبىيۇ سەبىيە ئەگەر تۈرت ياشەر،
ھەرامدۇر ئالار ئەۋرەتىغە نەزەر.
ۋە لېكىن «خەزانە»دە تاپتى سەبات،
سەبىيۇ سەبىيە ئەمەس مۇشتەھات.
نەزەر ئەيلەماق ئەۋرەتىغە ئانى،
ئەمەس پاك دېدى ئول كىتابدە مۇنى.
بى بى سىگە قۇل مىسالى بىگانەدۇر،
يۈزى قولى گەر كۆرسە جايىز ئېرۇر.
بۆلەك ئۆزگە كۆرمەكى باردۇر ھەرام،
بۇدۇر دىنى ئايى سۆزى ۋەسسالام.

## ھىكايەت

زوبەيدە خاتۇن جۇفتى ھارۇن ئىدى،
مەگەركىم ئاچۇق باشى بىر كۇن ئىدى.
قولى كەلدى ناگەھ ئىشىكدىن فەزار،
كۆزى تۈشتى بىبىسى ساچىغە باز.
زوبەيدە كۆزىدىن تۆكۈپ ژالەلەر،
دېدى ساچغە نامەھرەم ئەتتى نەزەر.
ئانىڭ بىرلە قايداغ ئوقۇيمەن نەماز،
دېدىيۇ تاراشلاتتى ساچىنى باز.
مۇسۇلمانلار ئەتتى بۇ تەرز ئېھتىيات،
كى قىلدى قىيامەتدە ئەيشۇ نىشات.
مۇسۇلمانچىلىق مۇنداغ ئولسە كېرەك،
مۇنىڭدەك جەھاندىن ئۆتۈلسە كېرەك.
بۇ دۇنيادە چەكسە مەشەققەت كىشى،
شەرىئەتنى فاس تۇتماق ئولسە ئىشى.
قىيامەتدە نەفئىن كۆرەر بىگۇمان،

بېھىشت ئىچرە داخىل بولار جاۋىدان.
قىغانكىم غىياسىددىنى پۇر گۇناھ،
گۇناھ بىرلە ئەھۋالىن ئەتكەن تەباھ.
بۇ دۇنيادە چەكمەي رىيازەت دەمىي،
بىرەر كېچە قىلماي ئىبادەت دەمىي.
ئەزىز ئۆمرىنى سەرف لەھۋ ئەيلەگەن،
ھەمىشە خەتا بىرلە سەھۋ ئەيلەگەن.
قولىدە بەغەير ئەز گۇناھ ھېچ يوق،
جۇز ئەھۋالى زارۇ تەبەھ ھېچ يوق.
بۇ ھال ئىلە گەر بولسە ئۆمرى ئاخىر،
قەبۇل ئەيلەمەس ئانى قويغاندە يەر.
بۇ تەرز ئۆتسە ئەۋقاتى سەرفى ھەۋا،
ئانى ھالىغە يۈز تومەن ۋايۇ ۋا.
ھەرامدۇر خاتۇن بىرلە نامەھرەمى،
بىرەر لەھزە خىلۋەتدە بولماق دەمى.
خاتۇن كىيمەسۇن ھېچ لىباسى بەتەن،
ئەگەركىم كۆرۈنسە تىگىدىن بەدەن.
يەنە ھەر خاتۇن غەيرىنى ساچىنى،
ئۆزى ساچىغە گەر ئۇلاسە ئانى.
ئانى لەئنەت ئەيلەر خۇدايى جەھان،
دېدىلەر پەيەمبەر ئەلەيھىسسالام.
يەنە لەئنەت ئەيلەر خۇدا ئول خاتۇن
بەدەنغە سوقۇپ ئىگنەنى ئەتسە خۇن.
ئانى ئورنىغە سۈرمە سالسە ئەگەر،
كى زىينەت ئۈچۈن ئەيلەگەي خاللەر.
يەنە لەئنەت ئانى خۇداۋەند ئېتەر،
كى ئۆزىنى ئەركەككە مانەند ئېتەر.
ھەم ئەركەككى خاتۇنغە بولغاي شەبىھ،
خۇدا لەئنەتىغە قالۇر ئول سەفىھ.
يەنە خاتۇنى بىر خاتۇن بىرلە ئول،
يالاڭاچ ياتۇرنى قىلادۇر قەبۇل.
ئەگەر بولسە شەھۋەت بىلەن بول ياتىش،
قايۇ خاتۇنىيكىم قىلادۇر بۇ ئىش.
پاتار بەھرى لەئنەت ئارا ئىككىسى،
جەھەننەمغە سالغاي خۇدا ئىككىسى.

ئېرۇر بىر ئىلان دەۋزەخ ئىچرە ئەزىم،
سالار زەھر ئاڭا كۆندە يۈز يول ئالىم.
ئەگەر سالسە بىر زەھر يۈز يىل قىغان،
ئېتەر ئۆزىدىن كېتىبان ھەر زامان.
يەنە تىترەبان يەر دېگەي: ئەي كەرىم،
يۈتارمەن ئىكەۋدىنكى زەنبى ئەزىم.
ئەگەر گاھ ـ گاھ ئەتسە ھالى بۇدۇر،
دەۋام ئەتسە ئىككىسى كافىر بولۇر.
ئىكەۋ، ئىنشائاللا، كۆرەر بۇ ئەزاب،
مەگەر سىدىق ئىلەن تەۋبە ئەتسە تەباب.

## خاتۇنلار ئەرلەرىنى رازى قىلماقنى بەيانى

يەنە لازىم ئولكىم ئېرىنى رىزا،
ئۆزىنى ئېتىپ يۈرسە سۇبھۇ مەسا.
رەسۇل ئايدىلار: ھەر خاتۇن ئۆزىدىن،
ئېرىن رازى ئەيلەپ كېتەر دۇنيادىن.
مەقامى ئۇلادۇر مۇقەررەر بېھىشت،
تەنەئئۇملار ئەيلەر ئوشۇل خۇش سەرشت.
كىرىپ باردى بىر كۈن رەسۇلى خۇدا،
جىگەر گۇشەسى فاتىمە ئۆيىگە.
رەسۇلنى كۆرۈپ فاتىمە يىغلادى،
رەسۇل يىغلاماق ۋەجھىنى سورادى.
دېدى: بىر سۆز ئايدىم ئەلىغە دۇرۇشت،
چىقىپ كەتتى كاھىب بېرىپ ماڭا پۇشت.
رەسۇل ئايدىلار: ئول خۇدانى ھەقى،
مېنى ئەيلەغان مۇستەفانى ھەقى.
ئەگەر ئاختارىپ ئانى خۇش ئەتمەسەڭ،
رىزا بولغانىنى يەقىن بىلمەسەڭ.
يۈزۈڭگە قاراماسمەن ئەسلا فەراز،
گەر ئۆلساڭ جىنازىڭغە قىلمام نەماز.
مەگەر بىلمەدىڭكىم ئەر ئۆلسە رىزا،
رىزا بولغۇسى ئول خاتۇندىن خۇدا.
ئەر ئەتسە غەزەب ھەم ھەق ئەتكەي غەزەب،
جەھەننەم ئارا كۆپ كۆرەدۇر تەئەب.

دېدىلەر پەيەمبەر ئەلەيھىسسالام،
ئەگەر ئەرنى بورنى تىشۇكى مۇدام.
بىرىدىن ئەگەر دائىما ئاقسا قان،
بىرىدىن يىرىڭ بولسە دائىم رەۋان.
خاتۇن گەر يالاپ ئىككىسىن ئەتسە پاك،
ئەرىن ھەققى بولماس ئادا، بولمە شەك.
بۇ سۆزلەر «خەزانە جەلالىي» ئارا،
بىتىگلىك ئېرۇر كۆپ دەلىلى بىلە.

دېدى ئائىشە بىر كۈنى: يا رەسۇل،
تىفەيلىڭ ئېرۇر فەۋقى تەھت ئۆڭى سول.
بۇ خاتۇنلارىكىم مەدىنەدە بار،
بىھىشتە مېنىڭ بىرلە قايسى تۇرار.
رەسۇل ئايدىلاركىم: فەلان كوچەدە،
فەلان زەن بىھىشتە تۇرار سىز بىلە.
دېدى ئائىشە: ماڭا بېرىڭ جەۋاب،
باربان كۆرەيكىم، نە ئەتمىش سەۋاب.
ئىجازەت ئالىپ ئول سارى باردىلار،
ئۆيىگە كىرىپ ھالىنى سوردىلار.
ئوتۇرۇپدۇر بىر زەرف سۇ ئىسسىتىپ،
يەنە بىردە تۇئمە مۇھەييا ئېتىپ.
يەنە پايە جامە ئۆزىدىن جۇدا،
ئاڭا ئائىشە قىلدىلار بۇ نىدا:
كى ھالىڭنى بىر ـ بىر ماڭا ئەت ئەيان،
دېدى: بار ئېرۇر شەۋھەرىم دېھقان.
زىرائەت باشىغە كېتەر ھەر كۈنى،
كىلەدۇر يەنە بولسە ۋەقتى تۈنى.
مەن ئول كەلغۇچە سۇنى تەييار ئېتىپ
قۇيارمەن تەھارەت قىلۇر ئول كېلىپ.
يەنە تۇئمە ھازىر قىلۇرمەن قويۇپ،
كى كەلگەن زەمان قۇت قىلسۇن تويۇپ.
يەنە پايى جامە قىلىپ مەن ئىراق،
جىمائ تىلەسە بىھەيل ياخشىراق.
خەبەر بەردى جىبرىل بۇ ۋەج ئىلە،
بىھىشتە بولۇر ئائىشەغە بىلە.

«خەزانە جەلالىي»دە باردۇر سەرىھ،
كى جەمئ ئەيلەدى بارچە قەۋلى سەھىھ.
كىشى ئۆز ھەلالىغە قىلسە جىمائ،
سەۋابىنى ئايتاي گەر ئەتسەڭ سەمائ.
گۇناھى تۆكۈلگەي تەنىدىن رەۋان،
دەرەخت بەرگى ئانداقكى ۋەقتى خەزان.
كىشى ئەتكەلى خاتۇنىن كۆڭلى خۇش،
تەئام خاتۇنى بىرلە گەر ئەتسە نۇش.
رەسۇل بىرلە جەننەتدە ئەيلەر مەقام،
يۈرەر يۈز تەنەئئۇم بىلە مۇستەدام.
تەئام يەر كىشى ئەھل بەيتى بىلەن،
ئاڭا رەھمەت ئەتكەي خۇدايى جەھان.
خاتۇن گەر سۆزى دېسە ئەرغە يامان،
ئەر ئەتسە تەھەممۇل سۆزىگە چۇ نان.
ئاڭا ھەق بىرەر ئەجرىنى مىڭ شەھىد،
يەنە زۇلمەتى قەبر بولغاي بەئىد.
دېدىلەر رەسۇل: ھەر خاتۇن ئۆيى ئارا،
ئېرى ھەرنە كەلتۈرسە بولسە رىزا.
دېمەسە كى مۇندىن كەتۈر خۇبراق،
گۇناھىن خۇدا ئاندىن ئەتكەي يىراق.
ئەگەرچە گۇناھى نۇجۇملارچە بار،
تاپىپ مەغفەرەت جۇملە مەغفۇر ئۇلار.
ئەگەر ساتسە خاتۇن ئۆزىن يېسە ئەر،
ئادا بولمىغاي سەدىيەكى ھەققى دەر.
قايۇ خاتۇنى دۇك ئىگىرسە ئەگەر،
توقۇپ بۆز ئېرىگە كىيۈرسە ئەگەر.
بىھىشت ئاڭا ۋاجىپ دېدىلەر رەسۇل،
«خەزانە جەلالىي» ئارا باردۇر بۇل.
ئېرى بولسە بەد خۇلق سەبر ئەتسە زەن،
خۇدا ئائىشەنى سەۋابىن بېرەن.
رەسۇل ئايدىلار: ئۈچ خاتۇنغە ئەزاب،
گۆرى ئىچرە يوق تاڭلا ھەم يوق ھىساب.
ئېرۇر فاتىمە بىرلە ھەشرى ئانى،
كەنىزى خۇدا بىرلە نەشرى ئانى.
بىرى ئول خاتۇنكىم ئېرىدۇر غەيۇر،

ئانى غەيرەتىغە ئۇل ئۇلغاي سەبۇر.
بىرى ئۇلكى بار ئىردى خۇلقى يامان،
ئاڭا سەبر ئېتىپ ئۇلتۇرۇر ھەر زەمان.
بىرى ئۇلكى مەھرىن ئىرىگە كىچىپ،
خۇدا يولىدە مەھرىدىن ئايرىلىپ.
كىتابى ئاتى «ھەيرەتۇل ـ فۇقەھا»،
دېدى ئاندە ئايدى رەسۇلى خۇدا.
قىيامەتكى بار بىگۇمان كەلغۇلۇق،
بەجۇز سايەئى ئەرش ھېچ سايە يوق.
ئۇشال سايەدە ئۇچ كىچە جاي ئالار،
بىرى ئۇل خاتۇن مېھرىن ئەرگە كېچەر.
بىرى پادىشاھىيكى ئادىل ئېرۇر،
بىرى كېچە تەھەججۇد ئوقۇرغە تۇرۇر.

* * *

جىمائ ئىبتىداسىدا بار ھەر كىشى،
دېماق بولسۇن تەسمىيە ئانى ئىشى.
يەنە سۇرەئى قۇلئۇۋەللا ئوقۇپ،
خۇداۋەنددىن نەسلى سالىھ ئۈمۈپ.
جىمائ ۋەقتىدە دېمەسۇن كۆپ كەلام،
ۋەلەد ئۇل سەبەبدىن بولۇر گۇڭتۇ خام.
ئەگەر فەرج ئەۋرەتغە قىلسە نەزەر،
ۋەلەد كور بولۇر بۇ سەبەبدىن مەگەر.
جىمائ ۋەقتى گەر بۇسە ئەتسە كىشى،
بولۇر گەر بۇ دەم كەر ۋەلەد بولمىشى.
كېچە نى ئاخىرىدە خۇبدۇر جىمائ،
كىتابلاردە بۇ سۆزغەدۇر ئىجتىمائ.
بۇ سۆزلەر «ئەجايىپ مۇھىممات»دە بار،
يەنە «شەرھى شەرئە»دە بۇ تەرزى بار.
كى ئايدى رەسۇلى جەھان: يا ئەلى،
جىمائ ئەتمە يەكشەنبە كەچ، ئەي ۋەلي.
ئەگەر بولسە فەرزەند خۇنرىز ئۇلار،
يەنە چەھارشەنبە كېچە قىل ھەزەر.
جىمائ ئەتمە ئەۋۋەل كېچە ئايدە،

يەنە ئاخىرىدە، يەنە ئورتادە.
قەراقچى بۇلار ئاندە بولسە ۋەلەد،
بۇ ئىككى كېچە بار ئېرۇر ۋەتى بەد.
دۇشەنبە كېچە بولسە مەنسەف بۇلار،
جەھان ئانى ئىنسافى بىرلەن تۇلار.
سەيشەنبە كېچە بولغاي سەخىي،
يەنە رەھمدىل بولغۇسى، ئەي ئەخىي.
بولۇر پەنجشەنبە كېچە مۇتتەقى،
بولۇر جۇمئەدە كۆپ فەقىيەۋۇ تەقى.
يەنە پاك ئىتەرغە جىمائدىن كېيىن،
بۆلەك ھەر بىرى لەتتەئى ئۇشلاسىن.
ئەگەر ئەتسە بىر لەتتەدە ئىكى پاك،
جۇدالىق تۇشەر ئورتاغە زۇدراك.

## ئىككى ئىيد ئاراسىدا زىفاف قىلماغلىقنى بەيانىدە

«فەتاۋايى سۇفىييە»دە بار سەربەھ،
بۇ سۆزنى دېدى ئېئتىبارى سەھەھ.
ئىكى ئىيد ئورتاسى ئەتمەك زۇفاق،
كى يەئنى تۇشۇرمەك كېلىن بىخىلاف.
دۇرۇستدۇركى فەخرى جەھان مۇستەفا،
زىفاق ئەتتى ئائىشە زۇلقەددەدە.
ئىدى جۇملەدىن ئائىشە خۇبراق،
خاتۇنلار ئاراسىدە مەرھۇبراق.
خاتۇنكىم ھەلال ئىرى بىرلەن ياتار،
جىمائ بىرلە قارنىغە بەچچە تاپار.
مەسىرەتدە ئايدىكى گۇيا سىيام،
تەمام ئۇمرى ھەم كېچەدۇر ھەم قىيام.
چۇ تولغاق تۇتۇپ كەلدى تۇغماق زەمان،
بېرەر ھەر بىرى دەردىگە بىگۇمان.
سەۋابى قۇل ئازاد قىلغان خۇدا،
يەنە نەچچە يىل تائەتى بىرىيا.
قۇب ئۇلكىم ئېمىزسۇن ئۇزى بەچچەسۇن،

بەھاربار ئېمەر بەچچە پىستانىدىن.
سەۋابى قۇل ئازاد ئەتكەن تاپار،
يەنە بەچچە تويگانىگە بىلەر.
خۇدايىم سەۋابى ھەجۇ ئۇمرەنى،
بېرەر ھەر بىرە قىرىق يول ئەتكەنى.
دېدىلەر رەسۇل: ھەيز كۆرسە خاتۇن،
تاپار مىلىڭ سەۋابنى رەساۋۇ پۇتۇن.
گۇناھىنى ئول ھەيز بەرباد ئېتەر،
بۇ سۆزلەر «فەتاۋايى مەسئۇد»دە بار.
نىفاسىكى بىر كۈن كۆرەر خەيردۇر،
خۇدا يولىدە قىرىق غەزدە قىلۇر.
ئەگەر بەچچە كۆپ يىغلاسە غەم يېمەڭ،
نىگە مۇنچە يىغلايدۇر دەپ كاھىمەڭ.
كى ئول زىكرۇ تەسبىھۇ تەھلىل ئېتەر،
گۇناھى ئاتە - ئانە ھەقدىن تىلەر.
ئەگەر بەچچە قارنىدە بولسە خاتۇن،
نەمازىنى ئەلبەتتە تەرك ئەتمەسۇن.
ئەگەر ئوقۇماس بولسە ئول بەچچە ھەم،
بولۇر بىنەمازۇ بىخىلۇ دژەم.

* * *

ئاتە - ئانە فەرمانىن ئالماق زەرۇر،
مۇسۇلمانچىلىقدە بۇ كۆپراق زەرۇر.
ئالار خىزمەتى تائەتىدۇر بەلەند،
دېدىلەر رەسۇلى نۇبۇۋۋەت سىپەند.
ئاتە - ئانە خۇشنۇد ئايتماغلىغى،
رىزا ئەيلەپ ئاخىردە كەتمەغلىغى.
نەمازۇ ھەجۇ ئۇمرەۋۇ رۇزەدىن،
بارىسىدىن ئەلبەتتە ئەفزەل دېگىن.

## ھىكايەت

ئېرۇر «شەرھى شەرئە»دە بۇ سۆز مۇقىم،
خۇدا دېدى مۇساغەكىم: ئەي كەلىم.
بىرەۋ ماڭا ئاق ئولسە ئەيلەپ گۇناھ،
مېنى ئەمرىمى ئالماي ئولسە تەباھ.
ۋەلې ئاتە - ئانەنى خۇشنۇد ئېتەر،
بېھىشت ئىچرە مەھشەر كۈنىدە يېتەر.
بىراۋ ماڭا ئەتتى ئىبادەت كەسىر،
ۋەلې ۋالىدەينى ئانى ئاق دەر.
ئانى ئاق دەرمەن تامۇغدە كۆيەر،
رىزام مېنى ئانلار رىزاسىدە بار.
رەسۇل ئايدىلاركىم: بېھىشتنى ئىسى،
ئەگەر بەش يۈز يىل يولە بارغۇسى.
بۇلان ئاقغە ئىسى ھەم يەتماغاي،
بېھىشت سارى ھەرگىز يەقىن يەتماغاي.
رەسۇل ئايدىلار: ئاق بولغان كىشى،
ئېرۇر دەۋزەخى گەرچە تائەت ئىشى.
ئەگەر ئاتە - ئانەسى خۇشنۇددۇر،
بېھىشتى ئېرۇر ھەر گۇناھى قىلۇر.
ئېرۇر ئانى ھەققى ئاتادىن فوزۇن،
كى ئول مېھنەت ئەتكەن ھەددىن بۇرۇن.

## ھىكايەتى دىگەر

دېدى مۇسا زار ئىچرە: ئەي كىردىگار،
بېھىشت ئىچرەكىم بولغۇسى ماڭا يار.
نىدا كەلدى: قەسساب بار شەھەردە،
سۆيار ھەر كۈنىگەۋۇ قويۇ تىيۇە.
بېھىشتىدە سېنىڭ بىلەن ئولتۇرغۇسى،
مەقامەتى ئالىڭا ئول يەتكۈسى.
دېدىلەر: ئىلاھا، نە ئەئمالىدىن،
بېھىشت ئىچرە ماڭا بۇلادۇر قەرىن.
دېدى ھەق ئانى ئانەئى پىرى بار،
بازاردىن چۇ ھەر كۈن ئۆيىگە بارار.
كىرىپ ئەۋۋەلەن سورغاي ئەھۋالىنى،
كۆرەر بىر - بىر ئانى ھەممە ھالىنى.
ئەگەر لازىم ئولسە لىباسىن يۇۋار،
چىقىپ سوڭرە شورپائى تەييار ئېتەر.

nurkitap.com

ئانى يەيدۇرۇر قولى بىرلەن رەۋان،
سالۇر ئاغزىغە گاھى گوشت، گاھى نان.
چۇ تويدى ياپار ئۆستىغە كۆرفەنى،
ئوتۇرۇپ ھەم ئۇخلاتادۇر خابنى.
بۇ ئەئمالىدىن تاپتى مۇنداغ مەقام،
مۇساھىبدۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام.
رىزايى خۇداۋەند رەببى غەفۇر،
ئالارنى رىزاسىغە ۋابەستەدۇر.
ئالارنى رىزاسى رىزايى خۇدا،
ئالار نارىزادۇر خۇدا نارىزا.
دېدى «شەرھى ئەۋراد» بۇ كەلام،
دېدىلەر پەيەمبەر ئەلەيھىسسالام.
كىشى ئاتە ـ ئانەسىغە بىر نەزەر،
مۇھەببەت بىلە رەھمەت ئىلە ئېتەر.
سەۋابى ھەجى ئۇمرە مەقبۇلەنى،
ئوشۇل لەھزە بېرىپ تاپقاي ئانى.
دېدىلەر سەھابە: ئايا، فەقرى كۇل،
ئېتەرمىز نەزەر بەئزە كۈن نەچە يول.
دېدىلەر: ئەگەر ھەر كۈنى مىڭ كەرەت،
نەزەر ئەتسەڭىز يەئنى با مەرھەمەت.
تاپارسىز سەۋابى ھەجى ئۇمرەنى،
كى گوياكى مىڭ يىل قىلىپسىز ئانى.

## ھىكايەت بەرسەبىلى تەمسىل

بار ئېردى سەھابە ئارا بىر كىشى،
ئاتى ئەلقەمە ئېردى تائەت ئىشى.
رەسۇل دۇست تۇتارلار ئىدى ئانى كۆپ،
ئىدى چۇنكى تائەتۇ ئىھسانى كۆپ.
غەزات ئەيلەر ئېردى ئوقۇر ئېردى ئىلم،
بار ئېردى بەشەرمى رەزم ھىلم.
ئوشۇل بىر كۈنى بولدى قاتىغ كەسەل،
ھەمەم بىلدىكىم بولدى ۋەقت ئەجەل.
ئىشتىپ رەسۇل ئايدىلار: ئەي ئەلى،
بىلالۇ سۇھەيب ئىلە سەلمان ۋەلي.

بارىپ ئەلقەمەنى ئىيادەت ئېتىڭ،
تۇرۇر بارىدىلار تۆرت ئەزىز ئاندە تەڭ.
كىرىپ كۆردىلەركىم كېتەر ۋەقتىدۇر،
تىلى لېك تەسبىھە كەلمەيدۇرۇر.
نەچەكىم دېدىلەر: كەلىمە ئاڭا،
تىلى لال ئولۇپ كەلمەس ئېردى ماڭا.
رەسۇلغە بۇ ھالىن خەبەر قىلدىلار،
پەيەمبەر كېلىبان نەزەر قىلدىلار.
دېدىلەر: نە ئىش ئەيلەر ئېردى يامان،
ئاناسى دېدى: ئەي رەسۇلى جەھان.
ئىشى ئېردى تۈنۇ كۈن نەمازۇ نىياز،
سەدەقە ئېتەر ئېردى خاھ كۆپۈ ئاز.
ۋە لېكىن خاتۇنىغە بەئزى زەمان،
بېرەر ئېردى كۆپ نەرسە مەندىن نىھان.
ماڭا بەرمەس ئېردى ئانىڭ چۈن ماڭا،
دىلىم ئېردى ناخۇش ئەمەسمەن رىزا.
رەسۇل ئايدى: ئانداغ ئېسە ئۇشبۇ كۈن،
ئانى كۆيدۇرۇڭىز ياقىبان ئوتۇن.
دېدى ئانەسى: تاقەتىم يوقتۇ سىز،
ئانى ئوتقە سالماقغە بويۇرماڭىز.
رەسۇل ئايدى: بۇ ئوت دېمەسسەن رەۋا،
نېتەرسەن ئەگەر تۇشسە دەۋزەخ ئارا.
مەن ئەر خۇش ئەمەسسەن بەغەيرە سەقەر،
ئاڭا تاڭلا يوقتۇر مەقامۇ مەقەر.
دېدى ئانەسى: رازى ئولدۇم كۈنۈن،
تىلى بولدى ئولدەم رىساۋۇ پۇتۇن.
كەلىمەئى تەسبىھە قىلدى شۇرۇئ،
ئىمان بىرلە قىلدى جەھاندىن رۇجۇئ.
بىلالغە دېدىلەر رەسۇلى خۇدا،
مەدىنە ئىچىندە ئېتىڭىز نىدا.
كى ھەر كىشى دەۋايى ئىسلام ئېتەر،
ئانادىن خاتۇننى بىھراق تۇتار.
ئاڭا لەئنەتى ھەق بۇلادۇر مۇدام،
قەبۇل ئەيلەمەس فەرز نەفلىن تەمام.
رەسۇل ئايدى: ھەر كىمگە دەشنام ئېتەر،

ئاتە ـ ئانەسىنى گۈنەھكە پاتار.
دېدىلەر سەھابى: بۇ قانداق بوگەي،
كىشى ھېچ ئاتە ـ ئانەسىن سۆكمەگەي.
دېدىلەر: مۇنى مەئنىسى بۇل ئېرۇر،
بىرەۋ ئاتە ـ ئانەسى دۇشنام قىلۇر.
سۆكەر بۇل كىشى مۇنى ئاتە ـ ئانە،
كى گۈيا ئۆزى سۆكتى ئاتە ـ ئانە.
دېدى «شەرھى شەرئە» ئارا بۇل كەلام،
دېدى ئاندە ھەم ئاتە ـ ئانە مۇدام.
ئەگەر ئۇلسە ھەم ھەققى بولماس ئەدا،
ھەققى ئۇلكى قىلسۇن ئالارنى دۇئا.
خۇدادىن تىلەسۇن گۈنەھلەرىنى،
قىلىپ ھەم دۇئا ئايەت بارىنى.
كىشى ئاتە ـ ئانە دۇئا ئەيلەمەس،
بۇلار رىزقى كەم بىنەۋا بۇلەھەۋەس.
بەناگاھ ئاتە ـ ئانە ئۆلگەن ئېسە،
تىرىكلىكلەرىن كۆللى سولگەن ئېسە.
ئالار ھۇرمەتىن ئانچە بىلمەپ ئىدى،
بۇ دۇنيادە خۇشنۇد قىلماپ ئىدى.
دىسەكىم ئالار مەندىن ئۇلسە رىزا،
ئالار ھەققىغە سەدقە ئايتسۇن بەجا.
خۇداۋەنددىن مەغفەرەتنى بەجان،
تىلەسۇن ئالار رۇھىغە ھەر زەمان.
يەنە قەبرلەرىغە ھەر جۇمئە گەر،
رىيازەت ئېتەر بولسە رازى بولەر.
كىتابكىم ئاتى «ھەيرەتۇل ـ فۇقەھا»،
قىلىپ نەقل ئاندە فۇقەھى ئۇلا.
دېدىلەر رەسۇل: گەر ئاتە ـ ئانەسى
ئۆلۈپدۇر رىزا بولماي ئاندىن بەسى.
بارار يولدا تەكبىر ئايتسۇن مۇدام،
ئالار گورىغە بارىپ ئايتسۇن سەلام.
ئوقۇپ يەتتە يول «قۇلھۇۋەللاھ»نى،
باغىشلا ئاتە ـ ئانە روھىغە ئانى.
يەنە يەتتى يول ئانى روھىغە بەر،
ئالار رازى بولغايلار ئاندىن كەسىر.
يەنە بۇل كىشىنى گۈناھىن بارى،
تۆكۈلغاي بەدەندىن بولۇپ تاشقارى.
بۇ سۆزنى رەسۇل چۇن بەيان ئەتتىلەر،
سەھابەنى بەئزى فىغان ئەتتىلەر.
كى بىز سىزنى دەپ غۇربەت ئەتتۇك قەبۇل،
ئالار قايدە قالدى ئىراق، يا رەسۇل.
مەگەر بۇ سەۋابدىن تۇشۇپمىز يىراق،
دېدىلەر ئالارغە رەسۇل: تېزراق.
كىشى بىلمەسە ئاتە ـ ئانە گورىن،
ۋەيا بىلسە لېكىن بۇل ئېرمەس يەقىن.
بارىپ گۈشەئىغە ئۇشۇل مەردى رەفت،
يەرە تارتسۇن ئىككى خەتتى كۆرەفت.
بىرىنى ئاتە گورى قىلسۇن خەيال،
بىرىنى ئانە گورى ئەتسۇن مىسال.
ئوقۇسۇن ئىككى گورغە ئىخلاسنى،
كى ھەر قايسىغە يەتتى يول خاسنى.
يەنە تەكبىر ئايتسۇن ئىكەۋغە نەچە،
يېتەر ئىككىلەرىغە كۆز ئاچقۇچە.
بولۇپ شاد ئاندىن بولۇرلار رىزا،
گۈناھى ھەم ئۇلغاي تەنىدىن جۇدا.
يەنە ئاتە ـ ئانە، بۇرادەرلەرى،
قېرىنداشلارى، يارۇ ياۋەرلەرى.
ئېتىپ خۇبلۇق جۇملەسىن ئەتسە شاد،
ئىكەۋى بولۇپ رازى تاپغاي مۇراد.
كىشى «كەلىمەئى تەييىبە» لائىلاھ،
ھەم ئىللەللاھ ئايتسە قايۇ مەردى راھ.
قايۇ يەئنى يەتمىش مىڭ ئەتسە ئانى،
باغىشلاسە ھەركىمگە بارچەسىنى.
گۈناھى كۆپىدىن تۇتۇلغان ئېسە،
ئەگەرچە تەمۇغ ئىچرە كۆيگەن ئېسە.
چىقارىپ بىھىشت ئىچرە داخىل ئېتەر،
بىھىشت ئىچرە جاۋىد مەنزىل ئېتەر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)

ھاجى ئەھمەد يەكەمسارى

# شېئىرلار

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان روزىمۇھەممەت، بۇۋىمەريەم شېرىپ خۇشتار

ئەي ياخشىلار، ئۇشبۇ سۆز دىلىمغا كېلىپ قالدى، ئايتىپ ئۆتتۇم، خاتا يەرلىرى بولسا توغرىلاپ قويۇرلار. دىلىمغا كەلگەن سۆزنى ئايتىپ ئۆتتۇم.

بەرادەرلەر، مەنى ھەيران فانىي جەھان ئىچىندە،
يۈرۈپدۇرمەن دەربەدەر بۇ يېغىسار ئىچىندە.
ئايتىپ ئۆتتۇم بىرئاز سۆز جانۇەرلەر تەرەفدىن،
دىلىمغا كەلسە ھەر سۆز ئۇشبۇ ھالەت ئىچىندە.
بەرادەرلەر بىلىڭلار، ۋەفا قىلماس بۇ دۇنيا،
يۈرۈپدۇرمەن مەن گۇمراھ خابى غەفلەت ئىچىندە.
بەرادەرلەر، بول بىدار، ئۇچار قۇشدىن ئىبرەت ئال،
نالىشىغە قۇلاق سال، سەن بۇ دۇنيا ئىچىندە.
جانۇەرلەر سايرايدۇر، ئۆز ھالىغە يىغلايدۇر،
يۈرەكىنى داغلايدۇر، كوھنە مەكان ئىچىندە.
ئەلھەمد ئوقۇر قارلاغاچ، ئايا غافىل، كۆزۈڭ ئاچ،
نې ياتۇرسەن يالاڭاچ، تۆشەك ياستۇق ئىچىندە؟
ئەفغان قىلىپ ئۇيغاتۇر، ۋەقتى سەھەر ئىچىندە،
ئايا غافىل، كۆزۈڭ ئاچ، ياتما غەفلەت ئىچىندە.
سۇبھى سادىقدە سايراپ ئەفغان قىلۇر قارلاغاچ،
ئايا غافىل، بىدار بول، سۇبھى سادىق ئىچىندە.
سەن غەفلەتدە ياتما، ئەگەر بولساڭ مۇسۇلمان،
ئۆمرۈڭ زايىئ قىلماغىل فانىي جەھان ئىچىندە.
بولغىل بىدار غەفلەتدىن قۇتۇلغىل بۇ ئىللەتدىن،
ئۆزۈڭ ئايرى كۆلفەتدىن ماتەم سەرا ئىچىندە.
ھاجى ئەھمەد كەم ئەقىل، يىغلاپ مۇدام تەۋبە قىل،

---

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا.

ۋەقتى سەھەر يىغلاغىل فانىي جەھان ئىچىندە.
تەمجىد ئوقۇر تۇمۇرچۇق، ئانىڭ دىلى بىل ئاچۇق،
يىغلار ئۆزىڭ ھالىغە بۇ نىسفى شەب ئىچىندە.
دۇرۇد ئايتۇر ئاق قۇچقاچ، ھەق يادىدا قارنىم ئاچ،
رەھمەتىڭنى ماڭا ساچ جۇملە جاندار ئىچىندە.
تەۋھىد ئوقۇر كۆك كەپتەر، دىلنى قىلىپ بۇ پۇرۇختەر،
دائىم دىلىدا بۇ ھەق دەر ئۇشبۇ جەھان ئىچىندە.
ئاق فاختەك كۆر نې دەيدۇر، يا دوستى بۇ ھۇۋ دەيدۇر،
ئۆز ھالىغە يىغلايدۇر ماتەم سەرا ئىچىندە.
بۆدۇنە كۆر قەفەسدە، دائىم ئايتۇر «رەززاق» دەپ،
بۇ يۈزۈمنى قىل ئاق دەپ خەۋفى رىجا ئىچىندە.
كەكلىك ئايتۇر دائىم ھەق، سەنسەن خۇدايى بەرھەق،
سەنسەن خۇدايى مۇتلەق يەرۇ ئاسمان ئىچىندە.
قارغە ئايتۇر، يا قەھھار، ئىگەم باردۇر نې غەم بار،
يۈرەر دائىم مەرغەزار بۇ زىمىستان ئىچىندە.
ئۆردەك ئايتۇر يا ھەننان، غاز ئايتادۇر يا مەننان،
بالىق ئايتۇر يا سۇبھان ئابى رەۋان ئىچىندە.
لەگلەگ ئايتۇر «يا ئەللاھ»، سار ئايتادۇر «ئىلللەللا»،
ھۇۋقۇش ئايتۇر «ھۇۋ ئەللا» چۆل بەيابان ئىچىندە.
بەرادەرلەر، چىرايلىق ئەجەب رەڭدار سوفىياڭ،
جانۋار ئىچرە چىرايلىق بۇ مەرغىزار ئىچىندە.
توخىنى كۆر نې دەيدۇر، ئارام ئالماي «ھەق» دەيدۇر،
غافىل ئىنسان بىلمەيدۇر بۇ دۇنيانىڭ ئىچىندە.
ھۆدھۆد ئايتۇر رەببىم بار، سەندىن ئۆزگە كىمىم بار،
سۇلەيمانغە سۆزۈم بار كەۋنى مەكان ئىچىندە.
ئىمىن ھاجى، نې دەرسەن؟ ھەر قىسىما سۆز سۆزلەرسەن،
ھىچ ئۆزۈڭگە كەلمەيسەن بۇ دۇنيانىڭ ئىچىندە.

* * *

كىيىك ئالۇر قارا قۇش، ئۆزى كاتتا بايقۇش،
يۈرەر دائىم ئول بىھۇش تاغۇ چۆللەر ئىچىندە.
توشقان ئالۇر قارچۇغاي، يۈرەر جايى مۇدام ساي،
قۇچقاچ ئالۇر تۇرۇمتاي دائىم جاندار ئىچىندە.
ئۇچار ھاۋادە ئەنقا مۇدام ئايتۇر «يا ئەللاھ»،
قۇشلار ئىچىندە رەئنا يۈرەر بۇلۇت ئىچىندە.
يۈرەر دائىم ھاۋادە، سەيرى قىلۇر سامادە،
مۇدام خەۋفى رىجادە يۈرەر بۇلۇت ئىچىندە.

ياراتىپدۇر ئەنقانى، قۇشلار ئارا كۆپ ئەزىز،
خەلايىقدىن ئول يىراق يۈرەر بولۇت ئىچىندە.
سىمۇرغ بىلە ئۇچارلار، خەلايىقدىن قاچارلار،
كوھى قافدا يۈرەرلەر بىلە مەرغىزار ئىچىندە.
سىمۇرغ بىلە كۆپ رەئنا، بەھاسىز ئول، بىبەھا،
قۇشلار ئارا بىھەمتا (پادىشا) يۈرەر جەھان ئىچىندە.
ئۇچار ھاۋادە شۇنقار، دائىم ئايتۇر «يا غەففار»،
ئىگەم باردۇر نى غەم بار بۇ دۇنيانىڭ ئىچىندە.
يۈرەر چۆلدە چوغۇندەك بولسە ۋەيران قايەردە؟
ۋەيرانەغە ئاشىقدۇر بۇ دۇنيانىڭ ئىچىندە.
قۇچقاچ ئالۇر بىلە قۇيغۇر ئۆزى كىچىك سەييابدۇر،
چوڭ قۇشلاردىن قاچادۇر دەرەخزارلىق ئىچىندە.
لاچىن ئايدى مەن ئۇچتۇم، سەيياد دامىغە تۇشتۇم،
ھەق يادىنى ئۇنۇتتۇم خابى غەفلەت ئىچىندە.
تورنا ئايتۇر ئۇچارمەن، زېمىستاندىن قاچارمەن،
ئىسسىغ جايىنى ئىزلەرمەن باغۇ بوستان ئىچىندە.
زېمىستاندا كېتەرمەن، جۇملە قۇشنى باشلارمەن،
ھىندىستاندا قىشلارمەن بۇ مەرغىزار ئىچىندە.
تورنا ئايتۇر: مەن بىر قۇش، ئۇزۇن بويان بايقۇش،
ھۇشۇم يوقتۇر مەن بىھۇش كەۋنى مەكان ئىچىندە.
ھىندىستاندا بار توتى، ئاتى ئانىڭ شاتوتى،
ئادەم سىفەت سۆزلەيدۇر باغۇ بوستان ئىچىندە.
ئوقۇر توتى قۇرئان، زار يىغلاتۇر ئىنسان،
كۆردۇڭلارمۇ توتىنى بەندى قەفەس ئىچىندە.
شاتوتى بىلە قەفەسدە «ھەق» دەر بىلە ھەر نەفەسدە،
ئاجىز، سۇنۇق، دىل خەستە يىغلار قەفەس ئىچىندە.
سۆزلىگەندىن قەفەسكە بولدى توتى گىرىفتار،
يىغلار دائىم زار ـ زار بەندى قەفەس ئىچىندە.
ئىبرەت ئالغىل سەن قۇشدىن ئەسلا قالما جۇنبۇشدىن،
سەبەق ئالغىل ھۆۋقۇشدىن چۆل ـ بەيابان ئىچىندە.
ئايتىپ ئۆتتى بۇ سۆزنى ئىمىن ھاجى قارا يۈز،
سەن ئۆزۈڭنى ئەمدى تۈز ماتەم سەرا ئىچىندە.
نې دەپ قىلدىڭ بۇ سۆزنى، ھاجى ئىمىن غەرىب قۇل،
سايرا بەمىسلى بۇلبۇل باغۇ بوستان ئىچىندە.
يامانلاردىن يامانمەن مەندىن ئىبرەت ئالىڭلار،

كېسەك ماڭا ئاتىڭلار كوچى بازار ئىچىندە.
قولۇم باغلاپ ئارقەغە سۇرتۇپ قارا يۇزۇمگە،
قىلىڭ كۆلفەت ئۆزۇمگە كاتتە مەيدان ئىچىندە.
ئىشەك تەئتۇر مىندۇرۇپ ئىمىن ھاجى يامانىنى،
سازايىلار قىلىڭلار كوچى، بازار ئىچىندە.
ئىمىن ھاجى يامانىنى ئېگىز دارغە ئېسىڭلار،
يا مىلتىقدا ئېتىڭلار كاتتە مەيدان ئىچىندە.
قىيىن بىلەن ئۆلدۇرۇپ بەدەنلەرىم پارچىلاڭ،
ئۇستىخانىم ئاسىڭلار كوچە بازار ئىچىندە.
تەماما بولماس سۆزلىسەم، بەرادەرلەر، بۇ دەردىم،
ھاجى ئىمىن قالىپدۇر خەۋفى رىجا ئىچىندە.

* * *

مۇسۇلمانلار، ئۇچار قۇشدىن ئال ئىبرەت،
بولسە ئەقلىڭ، بەرادەرلەر، قىل غەيرەت.

ئەجەل كەلمەس بۇرۇن قىلغىل ئىبادەت،
سەھەر بىدار بولۇپ قىلغىل رىيازەت،
قۇرئان ئوقۇپ دائىم قىلغىل تىلاۋەت،
كۆپ يىغلىغان كۆرەر جەننەتتە راھەت،
ھەق ئەمرىن قىلساڭ ياخشى سەئادەت.

قۇلاق سالغىل ئۇچار قۇشلار زاكىردۇر،
تەمام قۇشلار بىدار سەھەر شاكىردۇر،
بىل ھەيۋانلار ھەق يادىغە ماھىردۇر،
ئانىڭ ئۇچۇن جۇملە قۇشلار تاھىردۇر،
سەن ئۇيغانىپ ئەمدى قىلغىل ئىبادەت.

زىكرىن ئايتۇر ئۇچار قۇشلار ھاۋادە،
«ھەق» دەپ فەرياد قىلۇر ھەردەم سامادە،
بەندە بولساڭ مۇدام يىغلا ئاللا دە،
سەن ئۇيغانىپ قەندى شەككەر ئەسەل يە،
ئەجەب ياخشى سەھەر ۋەقتى خوش ساھەت.

ۋەقتى سەھەر قىزىل گۇللار ئاچىلۇر،
يەر يۇزىغە ھەق رەھمەتى ساچىلۇر،
بىدار بولۇپ دائىم دېگىل «يا غەفۇر»،
ئىچىپ يۇرگىل سەن شەرابى ئەنتەھۇر،
كەۋسەر ئىچەر ھەركىم قىلسە ئىبادەت.

رىيازەت قىل دۇر كانىغە ئۆزۈڭ ئۇر،
بەندە بولساڭ، بەرادەرلەر، سەھەر تۇر،
نەفسى شەيتان دوزنى دائىم باغلاپ ئۇر،
سەبرى قىلىپ بېلىڭ مەھكەم باغلاپ تۇر،
بۇ يوللاردا دائىم قىلغىل سەخاۋەت.

بۇ يول خەتا يولدۇر، ئايا مۇنى بىل،
بەندە بولساڭ ھەق ئەمرىنى دائىم قىل،
سەن ھەرامدىن، بەرادەرلەر، پەرھىز قىل،
يامان سۆزدىن مۇسۇلمانلار، ساقلا تىل،
بۇ ئىش قىلساڭ ئەجەب ياخشى سەئادەت.

ئىمىن ھاجى غەرىب يازدى بۇ سۆزنى،
يىغلاپ دائىم بىدار قىلغىل سەن ئۆزنى،
ئايا، نادان تاشلا بىھۇدە سۆزنى،
ئۆلۇم ئۇچۇن خەلق ئەيلەپدۇر ھەق بىزنى،
ھەق ئەمرىن قىلساڭ كۆرەرسەن راھەت.

* * *

ئەمرى ھەقنى قىلغانلار مەھشەر كۈنى يۈزى ئاق،
سەيرى ئەيلەپ جەننەتتە مىنەر دائىم ئۇل بۇراق.

ئەمرى ھەقنى قىلغانلار ئازادە نەۋ جەۋانلار،
بىدار بولغان سەھەردە، ئايا ئەقلى پۇردانلار،
بىدار بولۇپ سەھەردە يۈرەكنى قان قىلغانلار،
زىكرىن ئايغان ھەمىشە، ئايا گۇيا زەبانلار.

* * *

بەلا كەلسە غەرىب قۇللار بىل دەفئ ئېتەر،
بەرادەرلەر، غەرىبلاردەك بەلا بولماس.

غەرىبلەرگە ئازار قىلماق بىر بەلادۇر،
غەرىبلەرنىڭ ئاھى تەگسە بىدەۋادۇر،
ئاجىزلارنىڭ ئاتقان ئوقى بىل قەزادۇر،
غەرىبلارنىڭ ئاھلارىغە داۋا بولماس.

غەرىبلەرنىڭ كۆيەر دائىم ئىچى ـ تاشى،
ساۋۇقلاردە غەرىبلەرنىڭ ئاققان ياشى،
كىچە بولسە غەرىبلەرنىڭ قاتار باشى،
غەرىبلەرنىڭ كۆز ياشىدەك بەلا بولماس.

غەرىب قۇللار ھەم ئاشىقدۇر ھەم ساۋۇقدۇر،
يىقىلغانلار دىدارىغە بىل لايىقدۇر،
سەھەرلەردە «ئەللاھ» دەبان بىدار تۇرۇر،
مەھشەر كۈنى دىدار ھەقدىن جۇدا بولماس.

ۋەللاھ بىللاھ چىن ئاشىقلار دىدار كۆرەر،
ھەق دېگەنلەر بۇ دۇنيادىن ئامان كېتەر،
يىغلىغانلار مۇرادىغە ئاخىر يېتەر،
ئەللاھ دېگەن مۇرادىغە يەتمەي قالماس.

ئاشىقلارنىڭ مەھشەر كۈنى يۈزىدۇر ئاق،
ئىشەنمىسەڭ مەھشەر كۈنى بىر قاراپ باق،
مىنىپ يۈرەر كۆكۈل خۇرسەن دائىم بۇراق،
ئاشىق قۇللار دىدارى ھەق كۆرمەي قالماس.

ئاشىقلارى دائىم بىخۇد ھۇشيار بولماس،
دىدارى ھەق كۆرمەگۈنچە ئۆزگە كەلمەس،
دىدارىدىن باشقا نەرسە كېرەك ئەمەس،
دىدارى ھەق كۆرمەگۈنچە ئارام ئالماس.

دىدارى ھەق كۆرمەگۈنچە جەننەت كىرمەس،
ھەۋزى كەۋسەر شەرابىنى ھەرگىز ئىچمەس،
ۋاۋەيلا دەپ غەۋغا قىلۇر، ئارام ئالماس،
دىدارىغە ئاشىقلاردەك ئادا بولماس.

ھاجى ئىمىن، ئاشىقلاردىن ئالغىل ئىبرەت،
مەھكەم تۇرغىل بۇ يوللاردا قىلغىل غەيرەت،
يۇھا بۇ نەفسىڭنى قىلما ئىززەت،
ئىمىن ھاجى سىفەت يۈزى قارا بولماس.

* * *

ئاشىق قۇللار مەھشەرگانى پەقەت بۇزار،
ۋاۋەيلا دەپ دەۋزەخ سارى كۆكسىن ئاچار،
ئاشىقلارنىڭ ئاھلارىدىن دەۋزەخ قاچار،
ئىشق ئوتىدەك تەسىرلىك ئوت بىل ھېچ بولماس.

ئاشىقلاردىن يەتتى دەۋزەخ دائىم قاچار،
فەناھ بەرگىل ئىشق ئوتىدىن ئىگەم جەببار،
دەۋزەخ ئەرزىن قىلىپ ھەققە ئەيلەگەي زار،
ئىشق ئوتىدەك، بەرادەرلەر، بەلا بولماس.

ئىشق ئوتىنى تاغقا سالىپ كۆيۈپ كېتەر،
ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ ئەخكەر بولدى جىگەر،
رەھم ئەيلەگىل غەرىبلەرغە قادىرى ھەي،
ئىشق ئوتىغە بۇ دۇنيادا دەۋا بولماس.

ئىمىن ھاجى بۇ ئىشق ئوتى بىل بىدەۋا،
رەھىم ئەيلەگىل مەن غەرىبقە قادىر خۇدا،
ئىمىن ھاجى يىغلاپ قىلغىل كۆڭلۈڭ دۇتا،
يىغلاپ ئۆلسەم دەردىم ھەرگىز ئەدا بولماس.

غەرىب ھاجى، ھەقدىن قىلىپ ئاشىق بولسام،
ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ دائىم ئەدا بولسام،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ دائىم نەۋا قىلسام،
بۇ يوللاردا يىغلاپ ئۆلسەم ئەمان قالماس.

ئىمىن ھاجى ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ ئۆلسەم،
ھەر نەفەسدە ئەللاھ دەبان جانىم بەرسەم،
ئەرمانىم يوق زىكرى خۇدا ئايتىپ ئۆلسەم،
ھەق يادىنى ئايغانلەردە ئەرمان قالماس.

ئەللاھ ـ ئەللاھ دەپ ئۆلگەنلەر شەھىد كېتەر،
ئىمىن ھاجى، ھۇشيار بولغىل بۇ يول خەتەر،
بىسمىللاھ دەپ قەدەم قويۇپ تاپقىل زەفەر،
ئىمىن ھاجى سىفەت فاسىق گۇمراھ بولماس.

ئىمىن ھاجى يولدىن ئازغان بىر گۇمراھدۇر،
ئانىڭ ئۈچۈن ھاجى ئىمىن بىنەۋادۇر،
دۇنيا ئىزلەپ قەلەندەردەك مۇبتەلادۇر،
ئىمىن ھاجى سىفەت دۇنيافەرەس بولماس.

ئەي ئەزىزلەر، دۇئا قىلىڭ مەن گۇمراھقە،
تەۋبە قىلىپ يىغلاي ئەمدى ئول خۇداغە،
ئىمىن ھاجى ئىلتىجا قىل ئۇشۇل شاھقە،
ئىسمى كەرىم ئانداق سەخىي پادىشاھ بولماس.

ئىمىن ھاجى خۇدايىمغە دائىم يىغلا،
تەۋبە قىلىڭ كېچە ـ كۈندۈز يۈرەك داغلا،
يول خەتەردۇر ئىمىن ھاجى بېلىڭ باغلا،
كۆپ يىغلاساڭ بۇ يوللاردا رىيا بولماس.

ئىمىن ھاجى، خۇدايىمنى ئەمدى تونۇ،
ئايا غافىل، بۇ دۇنيادۇر بىل بىر قونۇ،
كېچە ـ كۈندۈز ھەق يادىغە قىلغىل شورۇ،
تەۋبە ياڭلىغ بۇ دەردىڭغە دەۋا بولماس.

ئىمىن ھاجى، بۇ دەردىڭگە دەۋا قىلغىل،
بىدار بولۇپ سەھەرلەردە نەۋا قىلغىل،
ياتار جايىڭ يەر قەھرىدۇر مۇنى بىلگىل،
گۆرۈستانغە ئاخىر كۆچۈپ كەتمەي بولماس.

بۇ جان تەندە ئامانەتدۇر ئاخىر ئالغاي،
ھۇشيار بولغىل ئاخىر ئەجەل يەرگە چالغاي،
بالا ـ چاقا فەرياد ئۇرۇپ يىغلاپ قالغاي،
ئاخىر بىر كۈن ئاجىز بولۇپ ياتماي بولماس.

جاننى بېرىپ ئاجىز بولۇپ سەن ياتقاندا،
ئەئزالارىڭ تاياق سىفەت بىل قاتقاندا،
غەسسال كېلىپ بەدەنلەرىڭ ھەم يۇغاندا،
ئاجىز بولۇپ بويۇن سونۇپ ياتماي بولماس.

ياقا ـ يەڭسىز ئاق ئىگىن تەييار قىلغاي،
ئول سەفەردە ئاق ئىگىننى ھەم كىدۈرگەي،
باشۇ ئاياغ ئەئزالىرىڭ ھەم يۆركىگەي،
كېتەر ھالدا بۇ ئاق تونىنى كىيمەي بولماس.

خەلايىقلار، يىغاچ ئاتنى كەلتۈرگەيلەر،
جابدۇپ سېنى يىغاچ ئاتغە مىندۈرگەيلەر،
ئۇشۇل ئاتنى تۆرت تەرەفدىن كۆتۈرگەيلەر،
يىغاچ ئاتغە ئاخىر بىر كۈن مىنمەي بولماس.

ئالىپ بېرىپ گۆرىستاندا سېنى قويغاي،
سېنى قويۇپ خەلايىقلار تەمام يانغاي،
ئۇشۇل ھالدا مۇنكىر ـ نەكىر كىرىپ كەلگەي،
سۇئال سورسا ئاڭا جەۋاب بەرمەي بولماس.

ئۇ كۆنلەرنى سەن ئويلاغىل، ئايا غافىل،
بۇ دۇنيادا ۋەفا يوقدۇر مۇنى بىلگىل،
ئارام ئالماي ھەق ئەمرىن دائىم قىلغىل،
خۇدايىمغە زار يىغلىماي ئەسلا بولماس.

قارانگۇ گۆر ئەجەب ئۆيدۇر، بەرادەرلەر،
ئۇ كۈنلەرنى يادىڭغە ئال، دىلاۋەرلەر،
غافىل بولما بۇ ئۇمرى ئاز، بەرادەرلەر،
زار يىغلىماي مۇشكىل ھەرگىز ئاسان بولماس.

خۇداۋەندا مۇشكىللارنى ئاسان قىلغىل،
بەندەلەرنىڭ ھاجەتىنى رەۋا قىلغىل،
غەرىبلەرگە ئاخىر يامان ئەتا قىلغىل،
بۇ دەردىمگە سەندىن ئۆزگە دەۋا بولماس.

بۇ سۆز دېدى ئىمىن ھاجى گۇنەھكارى،
تەۋبە قىلىپ كېچە كۈندۈز قىلغىل زارى،
غافىل يۈرۈپ ئاخىر تۇشمە دەۋزەخ سارى،
ئىمىن ھاجى، تەۋبە قىلماي ئۆتسەڭ بولماس.

ئىمىن ھاجى، تەۋبە قىلغىل گۇناھىڭغە،
زار يىغلاغىل كەرەملىك ئول خۇدايىڭغە،
ئەجەب ئېرمەس رەھىم ئەيلەسە بۇ ھالىڭغە،
ئىسمى كەرىم ئانداغ سەخا پادىشا بولماس.

مەن يامانى، بەرادەرلەر، مەھكەم تۇتۇڭ،
رەھىم قىلماي تەياق بىرلە دائىم ئۇرۇڭ،
باشىم تۇبەن، ئاياغ ئۇستۇن ئالىپ قويۇڭ،
باغلاپ مېنى تەياق بىرلە ئۇرماي بولماس.

مەن گۇمراھنىڭ بۇ يۈزۈمگە قارا سۈرتۈڭ،
قولۇم باغلاپ ئىشەك تەتۈر ھەر مىندۇرۇڭ،
كوچالەردە سەزايى دەپ قىچقىرتۇرۇڭ،
شەرىئەتدە مېنى تەئزىر ئۇرماي بولماس.

ھەق ئەمرىنى قىلماي يۈرگەن گۇمراھدۇرمەن،
يامانلاردىن يامان يۈزى قارادۇرمەن،
شۇم نەفسىمگە ئەسىر بولغان گەدادۇرمەن،
مېنى تۇتۇپ دارغە ئەمدى ئاسماي بولماس.

دارغە ئاسىپ خەلايىقلار كېسەك ئاتسۇن،
خەلايىقلار ئۇرۇپ مېنى ھەم ئۆلتۈرسۇن،
بۇ تەنىمنى دار ئۇستىدە ئۈچ كۈن قويسۇن،
مەن گۇمراھنى مۇنداغ ئىبرەت قىلماي بولماس.

ئۈچ كۈندىن سوڭ بۇ تەنىمنى داردىن ئالىڭ،
بەدەنلەرىم قىچاق بىرلە بىر ـ بىر كېسىڭ،
گۇزەرلەرگە ئەئزالىرىم مېنى ئاسىڭ،
مەن يامانغە مۇنداغ كۈلفەت قىلماي بولماس.

ئىمىن ھاجى يامانلاردىن يامان ئېردى،
ئۆزى مەككار، فىتنى ئاخىر زامان ئېردى،
ھەق ئەمرىنى قىلماي يۈرگەن گۇمراھ ئېردى،
دەبان مېنى مۇنداغ تەئزىر قىلماي بولماس.

مەن يامانى دائىم باغلاپ ئۇرۇش لازىم،
ماڭا دائىم ئىزا كۈلفەت قىلىش لازىم،
مەھشەرگادا نېچۈك بولغاي مېنىڭ ھالىم،
بۇ دۇنيادا ماڭا ئەزاب قىلماي بولماس.

ئىمىن ھاجى يۈزى قارا بىر گۇمراھدۇر،
نەفسى ئىلكىدە ئادا بولغان مۇفتەلادۇر،
شۇم نەفسىدىن ھەزەر قىلغىل، بىر بەلادۇر،
ھۇشيار قۇللار بۇ نەفسىدىن قاچماي بولماس.

بۇ سۆز دېدى ھاجى ئىمىن يېڭىسارى،
بۇ توغرىدا يۈرەك باغرى يۈز مىڭ فارى،
ھاجى ئىمىن كېچە كۈندۈز قىلغىل رازى،
خۇدايىمغە زار يىغلىماي ئىشىڭ بولماس.

ناممى مېنىڭ ئىممىن ھاجى يۈز قارامەن،
بۇ نەفسىمگە، بەرادەرلەر، مۇبتەلامەن،
نەفس ئىلكىدە گەدا بولغان بىر گەدامەن،
بۇ نەفسىدىن قۇتۇلمىسام ئىشىم بولماس.

خۇداۋەندا، ئەتا قىلغىل ماڭا تەۋفىق،
ياخشى يولدىن مېنى ئۇردى نەفسىم تەھقىق،
تەۋبە قىلدىم بۇ ئىمانىم قىلغىل رەفىق،
بۇ نەفسىدىن قۇتۇلمىسام ئەسلا بولماس.

ئىممىن ھاجى نەفس ئىلكىدە ئادا بولدى،
دۇنيا ئىزلەپ مىسلى ئۇشۇل گەدا بولدى،
نەفسىن سۆيگەن ئىمانىدىن جۇدا بولدى،
تەۋبەسىزلەر بۇ نەفسىدىن جۇدا بولماس.

تەۋبە قىلغىل بۇ نەفسىڭنى فەقەد ئۆلتۇر،
كىبرى ھاۋا ماۋۇ مەننى پەقەت يۇتۇر،
ھاجى ئىممىن زار يىغلاپ كۆپ تەۋبە قىل،
ۋاقتىڭ يەقىن تەۋبە قىلماي ئىشىڭ بولماس.

يۈزى قارا يامان ئىشنى تولا قىلدىڭ،
ئەي بەدكىردار، خۇدايىمدىن ھېچ قورقمىدىڭ،
ھاجى ئىممىن دائىم ئويناپ كۈلۈپ يۈردۈڭ،
تەۋبە قىلماي ئەمدى غافىل يۈرۈپ بولماس.

ئىممىن ھاجى تەۋبە قىلغىل گۇناھىڭگە،
سەھەرلەردە زار يىغلاغىل خۇدايىڭگە،
ئەجەب ئېرمەس رەھم ئەيلەسە بۇ ئاھىڭگە،
تۇن سەھەرلەر يىغلاپ نەۋا قىلماي بولماس.

خۇداۋەندە، رەھم ئەيلەگىل مەن گۇمراھغە،
يولدا قالغان ئاجىز غەرىب بىنەۋاغە،
ئىممىن ھاجى زار يىغلاغىل ئول خۇداغە،
زار يىغلىماي دىدارى ھەق كۆرۈپ بولماس.

ئەمرى ھەقنى قىلمىغانلار ئامان تاپماس،
يەتتى دەۋزەخ ئەزابىدىن ھېچ قۇتۇلماس،
تەۋبەسىزلەر دىدارى ھەق فەقەت كۆرمەس،
ئىممىن ھاجى ئەمدى تەۋبە قىلماي بولماس.

ئىممىن ھاجى ئەمدى يىغلاپ تەۋبە قىلغىل،
دۇنيا ۋەفا قىلماس ساڭا مۇنى بىلگىل،
مۇندا يىغلاپ مەھشەر كۇنى كۈلۈپ يۈرگىل،
مۇندا خۇرسەن مەھشەر كۇنى خۇرسەن بولماس.

ھاجى ئىممىن كېچە كۇندۇز تەۋبە قىلغىل،
ئايا، نادان ئەھۋالىڭغە زار يىغلاغىل،
ئىممىن ھاجى ئەمدى سەھەر بىدار بولغىل،
ئۆتكەن ئىشغە نەدامەتلەر قىلماي بولماس.

ياشىڭ كىردى ئەللىك نەچە، ئايا غافىل،
ۋەقتىڭ يەقىن كۆردى كەفەن مۇھەييا قىل،
زار يىغلاپ كېچە كۇندۇز كۆپ تەۋبە قىل،
تەۋبە قىلماي، ئەي بەدكىردار ئىشىڭ بولماس.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن ئابدۇراخمان روزىمۇھەممەت قاراقاش ناھىيە ئاقساراي ئوتتۇرا مەكتەپتە،
بۇۋىمەريەم شېرىپ خۇشتار شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# فولكلور تىمساللىرىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئوبرازلىنىشى

يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى زامان فولكلور چۈشەنچىلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئەكس ئەتكەن بىر قىسىم ئىپادىلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 - ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىلغار ئىدېئولوگىيەسى بىلەن ئىسلام ئىدېئولوگىيەسىنى ماھىرلىق بىلەن يۇغۇرۇپ، ئۆز دەۋرىگە خاس ئىدىيەۋى سىستېمىسىنى تۇرغۇزغان ئۇلۇغ ئالىم.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئورگانىك ھالدا جەم قىلىپ بىر پۈتۈن ئىدىيەنى تۇرغۇزۇپ چىقىشقا قاتناشقان مەزمۇنلار ئومۇمەن ئىككى مەنبەدىن كەلگەن. بىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ھاكىمىيەتچىلىك تەجرىبىلىرى، قانۇن - تۈزۈم جەھەتتە ھاسىل قىلغان ساۋاقلىرى، ئىنسانىي ئۆلچەم ۋە ئەخلاقىي مۇكەممەللىك تەلەپلىرى، بەخت - سائادەت غايىلىرى ۋە ئۇنىڭ كونكرېت مەنە ۋە مەزمۇنلىرى قاتارلىق بىلىش ھاسىلاتلىرىنىڭ جۇغلانمىسى؛ ئىككىنچى مەنبە، ئۆز دەۋرىدە شەرق دۇنياسىدا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن ئىسلام ئىدېئولوگىيەسىنىڭ ھاكىمىيەتكە، ھاياتقا تەتبىقلىنىشتا ئىلغار ئۈلگە تىكلەپ بەرگەنلىكى بىلەن ئەكس ئېتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئىسلام روھى ئەسەرنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدىيەۋى يۆنىلىشىدىن ھەرگىزمۇ چەتنەپ كەتمىگەن. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئىدىيەۋى چۈشەنچىلىرى بىلەن ئىسلام روھىنى ئورگانىك باغلاشتا نەمۇنىلىك بىر ئىختىراي سۈپىتىدە ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن. بولۇپمۇ ئەسەرنىڭ يارقىن ئۇسلۇبىدىن بىرى شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسەردىكى كونكرېت پىكىر ئۇنچىلىرىنى قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلەردىن ئالماستىن، بەلكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىدىن، تۈرك ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك بولغان ھېكمەتلىرىدىن ئېلىپ ئۆز پىكرىنى دەلىللىگەن.

## «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ باش تېمىسى

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ باش تېمىسى — بەخت - سائادەت، شۇڭا ئەسەرنى بەخت — كىتاب دەپ قاراش بىرقەدەر توغرا خۇلاسە ھېسابلىنىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ماۋزۇسى بىلەن باش تېمىسى ئىسمى - جىسمىغا ماسلاشقاندەك جىپسىلاشقان، «قۇتادغۇ بىلىك»، «قۇت» بىلەن «بىلىك»تىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان، «قۇت» ئۇقۇمى خەلق فولكلورىدا ئىككى خىل مەننى بېرىدۇ. بىرى، ھاكىمىيەت؛ يەنە بىرى «بەخت - سائادەت»تىن ئىبارەت. «بىلىك»مۇ يالغۇز ئادەتتىكى بىلىم مەنىسىدىن باشقا بىلىش، چۈشىنىش، ئەقىل - پاراسەت مەنىلىرىدە كەلگەن. بۇنىڭدىن ئەسەردە قۇت، ھاكىمىيەت، بەخت - سائادەت، ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئەخلاق - پەزىلەت ھەققىدە سۆزلىنىدىغانلىقى ئايان بولۇپ تۇرىدۇ.

مانا شۇ «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن مۇبارەك ماۋزۇ «قۇت بەلگىسى بىلىم» دېگەن خەلق ماقالىدىن كەلگەن. بىزگە يېتىپ كەلگەن ئۆلگىلەردىن قارىغاندا، «قۇت» ئىبارىسى مىلادىيەدىن بۇرۇنلا خەلقىمىزنىڭ تىلىدا ھۆرمەتلىك، قەدىر - قىممەتلىك، سۆيۈملۈك دېگەن مەنىلەردە ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ بەخت قارىشى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. چۈنكى، «قۇت» سۆزى خەلق فولكلورىدا «تەڭرى»، «تەڭرىنىڭ قوللىشى»، «تەڭرىنىڭ يۆلىشى»، «تەڭرى ئاتا قىلغان دۆلەت، قۇت» دېگەن مەنىدىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى، قەدىمكى دەۋردە خەلق: «شاھلىقنى تەڭرى بېرىدۇ، شاھ بولىدىغان بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن شاھ بولۇپ تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭغا شۇنىڭغا تۇشلۇق قابىلىيەت ئاتا قىلىدۇ» دەپ چۈشىنەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ چۈشەنچىگە ۋارىسلىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بايات بەردى دۆلەت، ئەي تەركەن قۇتى،
ئانىڭ شۇكرى قىلغۇ ئۇقۇپ مىڭ ئاتى.

(ھەي تەڭرى ئەزىز قىلغان شاھ، ساڭا تەڭرى دۆلەت بەردى، ئۇنىڭ نامىنى مىڭ مەرتىۋە ئوقۇپ شۈكۈر قىلغىن)

ئۇيغۇرلار تەڭرىقۇت بولغان ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنى ئورۇنلاش، ئەلنى بەختلىك قىلىش دەپ چۈشىنەتتى. «ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇزخاننىڭ مۇنۇ بايانلىرى بۇ نوقتىنى ياخشى يورۇتۇپ بېرىدۇ: ھەي ئوغۇللىرىم، مەن كۆپ ياشىدىم، كۆپ ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈردۈم، يا بىلەن ئوق ئاتتىم، ئايغىر بىلەن يوللارنى كەزدىم، دۈشمەنلەرنى زار يىغلىتىپ، دوستلارنى شاد ئەيلەتتىم. تەڭرى ئالدىدا مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مانا شۇنداق ئەنئەنىۋى چۈشەنچە ئاساسىدا «قۇت»نى ئەسەرنىڭ باش تېمىسى قىلىپ تاللىغانىدى. بىلىمسىز «قۇت» بولمايدۇ، بىلىمسىز ھاكىمىيەت باشقۇرغىلى بولمايدۇ. قەدىمدىن تارتىپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بىلىمنى قابىلىيەت، بەختنىڭ نىشانى دەپ چۈشىنىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار «قۇت» بىلەن «بىلىم»نى بىر پۈتۈن دەپ قارىغان، «قۇت» تىن ئايرىلغان بىلىممۇ بولمايدۇ، «بىلىم» دىن مۇستەسنا «قۇت» مۇ بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە بىلىمنىڭ ئۆزىمۇ قۇت ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن چىققان يۈسۈپ خاس ھاجىپ «بەگ ئاتى بىلىگ بىلەن باغلىق بولىدۇ، بىلىگدىن ‹لام›ئى كەتسە، قۇرۇق بەگە ئاتى قالىدۇ» دېگەن ئىدىيەمنى كەلتۈرۈپ، بىلىم بىلەن بەگلىكنىڭ دىيالېكتىك بىرلىكىنى ناھايىتى ئېنىقچام يورۇتۇپ بېرىدۇ.

**قۇياش ئوبرازىنىڭ سىمۋوللىشىشى**

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياراتقان تۆت سىمۋوللۇق ئوبرازنىڭ ھەممىسى خەلق فولكلورىدىن كەلگەن. ئەسەردە يارىتىلغان مەركىزىي ئوبراز «كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىش» قەدىمدىن بىرى خەلق تۇرمۇشىدا ئاللىبۇرۇن ئەنئەنىگە ئايلانغان سىمۋوللۇق چۈشەنچە ئىدى.

كۈن ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ تەڭرىگە، ئادالەتكە، باراۋەرلىككە سىمۋول قىلىنىپ كەلگەن. ئۇ مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ شامان ئەقىدىسىدىكى تەڭرىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەڭ ئالىي تەڭرى ــ كۆك تەڭرىنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ دۇنياغا ھاياتلىق ئاتا قىلالايتتى، نۇرىنىڭ ھەممىگە تەكشى چۈشىدىغانلىقى بىلەن باراۋەرلىككە سىمۋول بولسا، ئىسسىق تەپتى بىلەن كۆك تەڭرىنىڭ مېھرىنى ھېس قىلدۇراتتى، شۇنداق قىلىپ بارا - بارا كۈن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغىمۇ

www.uyghurkitap.com

كىرىپ كېلىپ تۇغ بەلگىسى بولغانىدى. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى «قۇياش تۇغ بولسۇن،كۆك قورغان» دېگەن سۆزدىن بىز ئوغۇزخاننىڭ قۇياشنى تۇغ بەلگىسى قىلغانلىقىنى بىلىمىز، بۇ ئەلۋەتتە ئوغۇزخاننىڭ زېمىنىدا ئادالەت، ھەققانىيەت، باراۋەرلىك ئورنىتىشتەك مەقسىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭا، ئوغۇزخان چوڭ قۇرۇلتايلاردا كۆن تەڭرى، ئاي تەڭرىلەرنىڭ سىمۋولى بولغان ئالتۇن توخۇ، كۈمۈش توخۇلارنى قىرىق غولاچلىق خادا ئۈستىگە ئېسىپ، سەلتەنەتىنىڭ ھەيۋىتىنى ۋە تەڭرى يولىنى تۇتقانلىقىنى، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنى ئورۇنلايدىغانلىقىنى نامايان قىلغانىدى.

«ئوغۇزنامە»دە ئوغۇز خاقاننىڭ بىر قېتىملىق چوڭ قۇرۇلتىيىنىڭ ھەيۋەتلىك كارتىنىسى مۇنداق سىزىپ بېرىلگەن: «ئوغۇز چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى. نۆكەرلىرىنى، ئەل جامائىتىنى چاقىرتتى، ئۇلار كېلىپ با مەسلىھەت بىلەن ئولتۇرۇشتى. ئوغۇز خاقان چوڭ چېدىردا... (ئوڭ تەرەپكە) قىرىق غولاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى تىكلەپ، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى، ئۇنىڭ تۈۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى؛ سول تەرەپكە قىرىق غولاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتقۇزدى. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاستى، تۈۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى. ئوڭ تەرەپتە بۇزۇقلار ئولتۇردى، سول تەرەپتە ئۈچ ئوقلار ئولتۇردى. قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بولدى» بۇ قۇرۇلتايدىكى ھەربىر شەيئى سىمۋوللۇق مەنە ئالغان. يەنى ئالتۇن توخۇ قۇياشنىڭ سىمۋولى، كۈمۈش توخۇ ئاينىڭ (بەخت)نىڭ سىمۋولى، ئاق ۋە قارا قويلار تەڭرىگە ئاتالغان قۇربانلىق، قىرىق كېچە - كۈندۈز قىلىنغان توي، قىرىق غولاچلىق ياغاچ ئوغۇزخان سەلتەنەتىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ سىمۋولى. بىز يۇقىرىقى قۇرۇلتايغا ئەل - جامائەتنىمۇ قاتناشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئورتاق كېڭەشكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر دېموكراتىيە ئەندىزىسىنى كۆردۇق. ئوغۇزخان يۇقىرىدا كۆرسەتكەن ھاكىمىيىتىنىڭ بەلگىلىرى ۋە پىروگراممىلىرىنى سىمۋول شەكلىدە كۆرسەتكەنىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە يارىتىلغان دۆلەتنىڭ خاقانى كۈنتۇغدىغا قۇياشنىڭ خىسلەتلىرى مۇجەسسەم قىلىنغان. بۇنى تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردىن بىلەلەيمىز: «بىر كۈنى كۈنتۇغدى ئىلىگ يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكتى ۋە ھوزۇرىنى خالىي قىلىپ ئايتولدىنى چاقىرتتى، مەقسىتى بىردەم سىردىشىش ئىدى. ئايتولدى كىرىپ قائىدە بويىچە قول باغلاپ تىك تۇردى، كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئايتولدى كۆزىنى يەرگە تىكىپ ئەيمىنىپ ئولتۇردى. كۈنتۇغدى ئىلىگ زوۋان سۈرمىگەندىن كېيىن، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئاستا قاراپ باقتى، ئىلىگنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈكلۈك، ئۈچ پۇتلۇق بىر كۈمۈش كۇرسىدا ئولتۇرغانىدى، قولىدا يوغان بىر پىچاق تۇراتتى. ئوڭدا شېكەر، سولدا زەھەر قويۇلغانىدى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئايتولدىنىڭ ئۆڭى ئۆچتى، دېمى كېسىلدى. بىرھازادىن كېيىن ئىلىگ ئايتولدىغا: «قېنى سۆزلە، نېمىشقا گاچىدەك سۆزلىمەي جىم ئولتۇرىسەن» دېدى. ئايتولدى ئۆزىدە سۆزلىگۈدەك مادار قالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، يۇقىرىقى ئالامەتلەرنىڭ مەنىسىنى سورىدى. كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆزىنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلدى:

«مەن ئولتۇرغان بۇ ئۈچ پۇتلۇق كۇرس توغرىلىق، ھەققانىيلىقنىڭ بەلگىسى، ئۈچ ئاياغلىق نەرسىلەر تۈز تۇرىدۇ، قىڭغايمايدۇ، ئەگەر بىرى قىڭغايسا ئولتۇرغۇچى ھەم يىقىلىدۇ. بۇ مېنىڭ تەبىئىتىمنىڭ ئىگىلمەس - قىڭغايماسلىقىنىڭ ئىپادىسى. چۈنكى، مەن ئىشلارنى ئادالەت بىلەن قىلىمەن، بەگ، قۇل دەپ ھەرگىز ئايرىمايمەن. قولۇمدىكى بۇ خەنجەر، مېنىڭ ئىشلارنى كېسىپ - كېسىپ قىلىدىغانلىقىمنىڭ، زۇلۇم چەككەنلەرنى ساقلىتىپ قويمايدىغانلىقىمنىڭ بەلگىسى

(سىمۋولى). شېكەر شۆكى، بىركىم زۇلۇم يەتتى دەپ ئادالەت تىلەپ ئوردامغا كەلسە ئۇ خۇددى شېكەر يېگەندەك لەززەتلىنىپ، سۆيۈنۈپ يۈزلىرى نۇرلىنىپ كېتىدۇ. ئەمدى بۇ ئوراغۇن (زەھەر)نى شۇنداقلار ئىچىدۇكى، ئادالەتنى تەرك ئېتىپ، زۇلۇم قىلغانلار، مېنىڭ ھۆكۈمۈم ئۇلارغا خۇددى زەھەر ئىچكەندەك بىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا مەن يۈزسىزلىك، كەچۈرمەسلىك بىلەن ھومىيىمەن. ھۆكۈم ۋاقتىدا ئوغلۇم بولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم بولسۇن، يولۇچى، ئۆتكۈنچى، مېھمىنىم بولسۇن ھەرگىز ئىككى خىيال بولمايمەن. چۈنكى، بەگلىكنىڭ ئاساسى ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان».

تارىختىن بۇيان ھەرقانداق قەبىلە، مىللەت ۋە دۆلەت ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا دۆلەت گېربىلىرىغا مەلۇم بىر خىل بەلگىنى چۈشۈرۈپ ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ خاراكتېرىگە سىمۋول قىلغان. شۇڭا، تۇغ – بايراقلىرىمۇ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە. مەسىلەن، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مۇقەددەس سانلار ئەقىدىسىدىكى توققۇزغا ئاساسەن، خاقانىيە بايرىقىغا توققۇز تۇغنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە توققۇز ئاچىماقلىق ئارچىنىڭ بەلگىسىنى چۈشۈرگەن. بۇ ئەسلىي تېگى – تەكتىدىن ئالغاندا يەنىلا قۇياشنىڭ سىمۋولى، قۇياشنىڭ پۈتۈنلۈك، مۇكەممەللىككە ئاساسەن تاللاش ئىدى. بۇ مەنىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرى ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ:

ياشىق ئۆرلەدى يەردە قوپتى تۇغى،
ياقا كەلدى ئاشنۇ توققۇز ئال تۇغى.

(قۇياش ئۆرلەپ، يەردىن توزان كۆتۈرۈلدى، توققۇز رەڭلىك ھال تۇغ يېقىنلاپ كەلدى)

مەھمۇد كاشغەري بىر قەدىمكى ماقال – تەمسىلنى كەلتۈرۈپ، «خانىنىڭ ۋىلايەت، شەھەرلىرى ھەرقانچە كۆپىيىپ كەتسىمۇ، ئوغۇللىرى توققۇزدىن ئاشماس» دېگەن مىسالنى كەلتۈرگەندىن كېيىن، «چۈنكى تۈركلەر توققۇزنى خاسىيەتلىك ھېسابلايدۇ ھەم ھال رەڭنىمۇ خاسىيەتلىك ھېسابلايدۇ» دەپ ئىينىقلىما بەرگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا «كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت – تۈرك»تە «كۈندە يېرىق يوق، بەگدە يېنىۋېلىش يوق» دېگەن بىر ماقال بېرىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدە ھاكىمىيەت بەلگىسىنىڭ يەنىلا قۇياش سىمۋولى ئاساسىدىكى چۈشەنچىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئىككىنچى ئوبراز ئايتولدى كۈنتۇغدى ئىلىگدىن ئىسمىنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈنتۇغدى قويۇلغانلىقىنى سورايدۇ. بۇ سوئالغا كۈنتۇغدى ئىلىگ مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

«ئالىملار مېنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىمنى كۆرۈپ، كۈنگە ئوخشىتىپ بۇ ئىسمىنى ماڭا مۇناسىپ كۆردى. قارا، كۈن پارچىلانمايدۇ، ھەرقاچان پۈتۈن تۇرىدۇ، يورۇقى ھەرقاچان ئوخشاش، كەملەپ قالمايدۇ. ئۇ نۇرىنى ھەممىگە ئوخشاش چاچىدۇ، نۇرى ئازلاپ قالمايدۇ. مېنىڭمۇ ھۆكۈمۈم شۇنداق، ئۆزۈممۇ يوقالماستۇرمەن، پۈتۈن خەلققە سۆزۈممۇ بىر، ھەرىكىتىممۇ بىردەك. كۈن تۇغقاندا پۈتۈن زېمىن ئىللىيدۇ، تۈمەن خىل چېچەكلەر ئېچىلىپ زېمىن يۈزىنى قاپلايدۇ. مېنىڭ قانۇنۇم قايسى ئەلگە كىرسە، ئۇ ئەل تۈزىلىدۇ، قانچىلىك قوراملىق ۋە تاشلىق بولسىمۇ، كۈننىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭ بۇرچى سابىت ««مۇقىم، ئۆزگەرمەس»تۇر، مۇقىم نەرسىنىڭ تېگى چىڭ بولىدۇ، مانا شۇنداق ئورتاقلىقىم بولغاچقا، نامىم كۈنتۇغدى دەپ مەشھۇر بولدى.»

يۇقىرىقى بايانلاردىن روشەن بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي مۇساپىسىدە

خەلقنىڭ ئورتاق چۈشەنچە ۋە بىلىشىگە، ئارزۇ ۋە غايىسىگە ئايلانغان، خەلق فولكلورىدا ئىزچىللاشقان بۇ ئوبراز خاقانىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت بەلگىسىدىمۇ سىمۋوللۇق ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدىمۇ ناھايىتى روشەن سىمۋوللىشىپ، ئىدىيەۋى خاھىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئۇنۇملۇك ۋاسىتىسىگە ئايلانغان.

ئەڭ مۇھىمى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەگلەرگە ئۆلگە تىكلەشتە يەنىلا ناھايىتى يۈكسەك مىللىي روھنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇرلاردا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان داستان بولۇپ كەلگەن باھادىر، پاراسەتلىك ئەلسۆيەر خاقانى توڭا ئالىپ ئەر، ئافراسىياپنىڭ تۇغ بەلگىسى قىلىنىپ «قۇتادغۇ بىلىك»كە كىرگۈزۈلۈشى بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جاھان بەگلىرىنىڭ پەزىلىتى بىلەن ئىقتىدارىنىڭ دۇنياغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە ئەسلەپ ئۆتىدۇ: «قاراپ كۆرسەڭ بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەردىن ئاۋام خەلق بولسۇن پاكى جاھان سورىغان بەگ بولسۇن، ئۇلاردىن كىم بىلىملىك ئىكەن، ئۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى بولۇپ ئۆتتى: جاھان بەگلىرىدىن كىم ئالىم بولغان بولسا، ئۇلار ياخشى قانۇن تۈزۈپ شۆھرەتلىك بولغان... ئۇلاردىن ياخشى قانۇن ـ نىزاملار مىراس بولۇپ قالدى، بۇنىڭغا كىم ۋارىسلىق قىلسا، ئۇ ھەرقاچان يۇقىرى ئۆرلەيدۇ.» يۇقىرىقى باياناردىن كېيىن پىكىرنىڭ نۇقتىسىنى توڭا ئالىپ ئەرگە قارىتىدۇ:

276 بۇ تۈرك بەگلىرىگە سىلىنسا نەزەر،
جاھان بەگلىرىنىڭ ياخشىسى شۇلەر،

277 بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
توڭا ئالىپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.

278 ئىلمىدىن بۈيۈك، كۆپ پەزىللىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىق، خەلقنىڭ خىلى.

279 ئىدى ئۇ سەرەخىل، زېرەك ئەر ئوغلان،
دۇنياغا زېرەكلەر بولۇر ھۆكۈمران.

ئەجەبا، بىر ئىسلام ئالىمى قانۇن ـ تۈزۈم، ئادالەت، ئىقتىدار جاھانغا بەگ بولۇش، پەزىلەت ھەققىدە تەرىپ ۋە تەۋسىيە يېزىۋېتىپ، ئەۋلىيا، ئەنبىيالار ۋە پاكى خەلىپىلەر ھەققىدە پىكىر قىلماي، ئىسلامىيەتتىن ناھايىتى بۇرۇن ئۆتكەن بىر تۈرك بېگىگە مۇنداق ياسىداق خاتىرە مۇنارى تىكلەيدۇ. بۇ ئەلۋەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيەۋى يۆنىلىشىدە مىللەتنىڭ ئۇلغار بىلىش نەتىجىلىرىنىڭ مۇتتەھەر ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئاينىڭ سىمۋول قىلىنىشى

ئاي خەلق فولكلورىدا ئەزەلدىن بەختنىڭ سىمۋولى بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. بەختنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى خەلقىمىز بىر تەمسىلدە ئىنتايىن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنىدى. «ئاينىڭ ئونبەشى يورۇق، ئونبەشى قاراڭغۇ.» «بۇ تەمسىلنىڭ پەلسەپىۋى خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئالەم ئۆزگىرىشلىرى، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشلىرى، ھايات

گەردىشىنىڭ تىنماي ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.» «قۇتادغۇ بىلىك»تە يۈسۈپ خاس هاجىپ ئايتولدى دېگەن بىر ئوبرازنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئاينىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇجەسسەم قىلغانىدى.

«بىر كۈنى كۈنتۇغدى ئىلىگ خانىسىنى خالىي قىلىپ ئايتولدىنى هۇزۇرىغا چاقىردى. ئايتولدى كىرىپ ئۇدۇلدا ئەدەپ بىلەن تۇردى. ئىلىگ ئولتۇرۇشقا ئەمر قىلدى. ئايتولدى ئىلىگ كۆرسەتكەن جايدا ئەمەس، بەلكى بىر توپنى چىقىرىپ ئۇنى قويۇپ ئۈستىدە ئولتۇردى. ئىلىگ هەرقايسى تېمىلاردىن سۆز ئاچقان بولسىمۇ، ئايتولدى يولىدا جاۋاب بېرىپ قويۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇۋالدى. ئىلىگ سۆز ئاچسا ئايتولدى تەرىنى تۇرۇپ جاۋاب بەردى. بۇ قىلىقلاردىن خۇيى قىرىق گەز ئۆرلىگەن ئىلىگ ئۆزىنىڭ ئالدىراپ سۆز ئاچقانلىقى هەم ئايتولدىغا هەددىدىن ئارتۇق ئىشىنىپ كەتكەنلىكىدىن پۇشايمان قىلدى ۋە كايىدى. بۇ چاغدا، ئايتولدى ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ، هەي ئىلىگ، نېمانچە كايىپ ئوتۇڭنى تۇتاشتۇرىسەن، گۇناهىم نېمە؟ ئاۋۋال سوراپ ئاندىن گۇناهىم بولسا قانداق جازالىساڭ بولىدۇغۇ» دېدى.

ئارقىدىن ئىلىگ يەنە سۆز ئاچتى: «سەن دېگەن كىم ئىدىڭ، ماڭا شۇنچە گۇلىستاجلىق قىلىشقا كىم قويىدى سېنى، مەن سېنى شۇنچە قەدىرلىسەم، سېنىڭ ماڭا بەرگەن جاۋابىڭ شۇمۇ» دەپ ئەيىبلىدى. ئارقىدىن كۆرسەتكەن ئورۇندا ئولتۇرماي توپ ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقى، سۆز ئاچقاندا تەتۈر قاراپ كۆزىنى يۇمۇۋالغانلىقلىرىنىڭ ئۆزىنى بەك خاپا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ سەۋەبىنى سورىدى.

ئايتولدى كۈلۈپ كېتىپ بۇ ئىشلارنىڭ هەممىسىنى بىلىپ قىلغانلىقىنى، بۇنىڭدىكى مەقسەتنىڭ ئۆزىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى ئىلىگكە ئۇقتۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆزرە سورىدى. ئايتولدى توپنى چىقىرىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزى، يەنى بەختنىڭ خۇددى توپقا ئوخشاش يۇمىلاپ تۇرىدىغانلىقى، بىر ئىزدا تۇرمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئىكەنلىكى، سۆيۈپ باققاندا قاپىقىنى تۈرۈۋالغانلىقى، خۇددى قارىغۇ چاشقان ئويۇنىغا ئوخشاش كىم قولۇمغا ئېلىنسا شۇنى تۇتىمەن، ماڭا ئانچە ئىشىنىپ، كۆڭۈل بېرىپ كەتمە، چۈنكى مەن دېگەن تۇراقسىز، قارارىم يوق دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلق ماقالىدىن بىرىنى كەلتۈرىدۇ:

667 نېمە دەر، ئىشت ئەمدى تۈركچە ماقال،
كۆپ ئىشلار بېشىدىن كەچكەن ئاقساقال.

668 گۈزەنمە بۇ بوش بەختكە، قۇتلۇق كىشى،
ئىشەنمە بۇ بەختكە ئاتاقلىق كىشى.

669 ئاقار سۇ، گۈزەل سۆز، بۇ بەخت توختىماي
كېزەرلەر جاهاننى، يۈرۈپ تىنمىغاي.

670 ئىشەنچسىز، ۋاپاسىز بەخت بىقارار.
يۈرەر هەم ئۇچار تېز، ئاياغى تايار.

يۇقىرىقى بايانلاردا بەختىنى ئىبارەت ئابستراكىت ئۇقۇمنى توپتىن ئىبارەت كونكرېت شەيئى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە، بەخت قۇشى قوندى دەپ كېرىلىپ كەتمە، باھارنىڭمۇ زېمىستانى بولىدۇ، ئامەت قۇياشىمۇ بەرىبىر پاتىدۇ، ئامەت قۇشىنىڭمۇ ئۇچۇپ كېتىدىغان چاغلىرى بولىدۇ، شۇڭا بىخۇدلىشىپ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويما، دېگەندەك مەنىلەرنى ئەكس ئەتتۈرمەك بولىدۇ. يۇقىرىقى پىكرىنى خەلقنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى ئارقىلىق ھاسىل قىلغان ماقال - تەمسىللىرى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىدۇ.

بۇ بايانلارنى ئاڭلىغان ئىلىگ «بۇ ئۆكتەم تىلىڭ شۇنچە چوڭ گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ، ئېيتقىنا قېنى، سېنىڭ ئەردەملىك ۋە ئىسمى - زاتىڭ نېمە ئۈچۈن ئايتولدى ئاتالدى» دەپ سوئال سورىدى. ئايتولدى جاۋاب بەردى:

«مېنىڭ پەزىلىتىم كۆپ، كىشىلەرگە مەندىن تېگىشلىك ئۈلۈش كېلىدۇ. خۇيۇم مۇلايىم، يېشىم كىچىك، پۈتۈن بەگ ۋە پۇقراغا كېچىك بولىمەن. يۈزۈم كۆركەم، قولۇم تىلىگەن تىلەكلەرگە يېتىدۇ، مەن قەيەردە بولسام، پۈتۈن ئارزۇلار ماڭا باغلىنىدۇ، چۈنكى مەن بار يەردە ھۇزۇر - ھالاۋەت بار، مەن بار يەردە قايغۇ - ئەلەم يولدىن ئازىدۇ، ماڭا بويۇنتاۋلىق قىلغانلار يوقىلىدۇ، كىم ماڭا باش قويسا ئۇنىڭدا ئۈمىد ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئېيتتىكى، بەخت قەيەردە بولسا ئۇنىڭغا بويۇن ئەگ، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن قېرىشساڭ غەمدىن باشلىرىڭ قاتىدۇ» دېگەن مەزمۇندا ئۆزىنىڭ تەرىپ ۋە تەۋسىپىنى قىلىپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، كۈنتۇغدى ئىلىگ ئايتولدىغا مۇنداق ئۈچ سوئال قويدى.

بىرىنچى، سېنىڭ پەزىلەتلىرىڭنى ئۇقتۇم، ئەمدى قۇسۇرۇڭ بارمۇ؟ ئېيت. ئىككىنچى، سەن بىر كېلىپ كەتسەڭ قايتىپ كېلىشىڭمۇ بارمۇ؟ ئۈچىنچى، سېنى چىڭ باغلاپ كەتكۈزمەسلىكىنىڭمۇ يولى بارمۇ؟

يۇقىرىقى سوئاللارغا ئايتولدى مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

«مېنىڭ قۇسۇرۇم يوق، مېنىڭ تۇراقسىزلىقىمنى قۇسۇر دەپ ماڭا تۆھمەت قىلىشىدۇ، تۇراقسىزلىقىم مېنىڭ تەبىئىتىم، چۈنكى مەن يېشىلىنىپ تۇرمىسام، قەدىر - قىممىتىم بولمايدۇ. پۈتۈن تەم - لەززەت يېڭىدا بولىدۇ. كونىرىغانسېرى قىممىتى قالمايدۇ ھەممە ئادەم يېڭىنى ئىزدەپ ئاۋارە بولىدىغۇ، نەدىمۇ مەڭگۈلۈك باقىۋەندى قىلىنغان نەرسە بولسۇن، تۆرەلگەن نەرسىنىڭ بارى ئۆلۈپ يوقىلىدۇغۇ. ئەگەر بەخت، دۆلەت كېلىپ كەتمەس بولىدىغان بولسا، يورۇق كۈنمۇ قاراڭغۇلۇققا پاتماس ئىدى.»

ئىككىنچى سوئالغا: «مېنىڭ قىلىقىم كېيىكتەك، سېغىنىپ ئىزدىگەن ئىتتىك ئېرىشەلمەيدۇ، ئەگەر ماڭا ئېرىشكەندىن كېيىن، قاچۇرۇپ قويسا تۇتالمايدۇ، ئەگەر مېنى چىڭ تۇتۇشنى بىلسىلا، ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ قېچىپ كەتمەيمەن.» دەپ جاۋاب بەردى. ئۈچىنچى سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

«مېنى چىڭ تۇتۇپ تۇرىدىغان كىشەندىن نىشان بېرەي، ئاۋۋال ماڭا ئېرىشكۈچى كىچىك پېئىل بولسۇن، يوغان گەپ قىلمىسۇن، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلسۇن، ھەددىدىن ئاشمىسۇن، يامان، ئەسكى ئىشلارغا يېقىن بارمىسۇن. مۇشەققەتتە توپلىغان مال - دۇنياسىنى مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىپ يورىۋەرمىسۇن. ئۆزىدىن ئۇلۇغنىڭ خىزمىتىنى بەجانىدىل ئادا قىلسا، ئۆزىدىن كىچىككە چۈچۈك سۆز قىلسا، كىبىر بىلەن كىشىلەرنى رەنجىتمىسە، باشقىلارنى ئاجىز كۆرۈپ بوزەك قىلمىسا، ھاراق - شارابقا بېشىنى تىقمىسا، دىلىنى ئويۇن - تاماشىغا بەرمىسە، دۇرۇس ياشاشنى ئادەت

قىلسا، مانا بۇلار تۇراقسىز بەختكە سېلىنغان كىشەندۇركى، بۇنداق باغلانغان بەخت قانداقمۇ قاچالىسۇن.»

ئاخىرىدا ئىلىگ ئايتولدى ئىسمىنىڭ مەنە ۋە سىر ـ ئەسرارىنى سورىدى. سۆزلىرىڭنى تولۇق ئۇقتۇم. ئەردەم ـ قوسۇرۇڭدىن خەۋەردار بولدۇم، ئەمدى ئېيتقىن، ئايتولدى دېگەن بۇ ئىسىم ساڭا قانداق قويۇلغان، ئۇنىڭ مەنە ۋە مەزمۇنى نېمىدۇر؟ ئېيتقىن، ئۇقاي.

«مېنىڭ بۇ ئىسمىمنى ھېكمىلەر ئايغا تېمسال قىلىپ قويغانىكەن» دېدى ئايتولدى، «ئاي ئاۋۋال تولىمۇ كىچىك تۇغۇلىدۇ، ئاندىن كۈندىن ـ كۈنگە چوڭىيىپ تولۇنلىشىدۇ، تولۇن بولغاندا، پۈتۈن جاھاننى يورۇتىدۇ، كېچىدە خالايىق ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ئالىدۇ، ئاي تولۇپ تولۇن بولغاندىن كېيىن، يەنە ئاستا كېمىيىشكە باشلايدۇ ۋە ئالدىنقى تولۇنلۇقتىن ئەسەر قالمايدۇ، كېيىن يەنە تۇغۇلىدۇ، يەنە تولىدۇ، بۇ ئىش مەڭگۇ شۇنداق داۋام قىلىدۇ. مېنىڭ ئۆزۈممۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشاش بەزىدە پەيدا بولسام، بەزىدە غايىب بولۇپ كېتىمەن. مەن ھەرقانچە ئاجىزغا يۈزلەنسەم، ئۇنىڭ كۆركى ئېشىپ، يۈزلىرى نۇرلىنىدۇ، شۆھرىتى ئاشقاندىن كېيىن، ئۇ جاھانغا پاتماي قۇتراشقا باشلايدۇ ـ دە، بۇنىڭدىن ئاستا يۈز ئۆرۈيمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يۈزىدىكى كۆركەملىكمۇ يوقىلىپ، چىرايدىكى جىلۋىمۇ ئۆچىدۇ. چۈنكى، ئاينىڭ ئورنى قۇياشتەك مۇقىم ئەمەس، تۇراقسىزدۇر، ئۇ تۇراقسىز بولغاچقا ئاخىرى ئۆيىسىز قالىدۇ ئەمەسمۇ. ئاينىڭ بۇرجى سەرەتان، ئۇ بۇرج ئۆرگىلىپ ـ چۆرگىلىپ تۇرىدۇ، قارارى يوق. مەنمۇ شۇندا، مۇقىم جاي تۇتماي، جاھان كېزىپ يۈرىمەن. مېنىڭ مانا شۇ خۇسۇسىيىتىمگە ئاساسەن، ماڭا ئايتولدى دەپ ئىسىم قويغان، ئالىيلىرى.»

كۆردۇقكى، يۇقىرىقى بىرقاتار سۆھبەت ۋە مۇنازىرىلەر ئارقىلىق ھاياتنىڭ قانۇنىيەتلىرى ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىكى سىمۋوللۇق مەنە روشەنلىشىدۇ. ئەسلىدىن ئالغاندا، بۇ چۈشەنچىلەر خەلقنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تۇرمۇش تەجرىبىسى ئارقىلىق يەكۈنلىگەن ئۆلچەملەشكەن، مۇئەييەن يەكۈنگە كېلىپ خۇلاسىلەنگەن بىلىش ھاسىلاتلىرى بولۇپ، بۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئەسەرگە كىرگۈزۈپ، يۇقىرىقى ماھارەت بىلەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭقۇر مەنە ۋە مەزمۇنلارنى قوشتى ۋە ئۆزى سىستېمىلىق ھالدا شەرھلەپ، ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، بەختنىڭ كېلىشى ۋە كېتىشىدە رول ئوينايدىغان ئاساسىي سەۋەبنى، دىنىي ئىدېئولوگىيە بويىچە، تەڭرىگە باغلاپ ئەمەس، بەلكى شۇ شەيئىنىڭ ئۆزىدىكى تەبىئىي خۇسۇسىيەتتىن، يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەش تەشەببۇسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھاياتقا تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ، خەلقنىڭ بىلىش ھاسىلاتلىرى يارقىن، ئىلغار بىر ئاھاڭدا تېخىمۇ نۇرلىنىدۇ.

ئۆگدۈلمىشنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرى

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۆگدۈلمىشنى مەيدانغا چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئوبرازىغا ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى جەم قىلغان. «ئۆگ» سۆزى خەلق تىلىدا «ئەقىل ـ پاراسەت، تەجرىبە، يىراقنى كۆرىدىغان» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىپ كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرىي «كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت ـ تۈرك»تە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشىدە، ئۆز دەۋرىدىكى تۇران شاھى «شۇ» دېگەن كىشى، خىللانغان ياشلاردىن تەركىب تاپقان بىر

بۆلەك گۇۋاردىيە قىسمىنى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمىغا قارشى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتنى بېرىدۇ. رىۋايەتتە پادىشاھنىڭ ۋەزىرى: «سىز ئاساسەن ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، تەجرىبىلىك، ئەقىللىق ياشانغان ئادەمدىن بىرنى باش قىلىشىڭىز كېرەك ئىدى» دېگەن مەزمۇندا مەسلىھەت كۆرسىتىدۇ. بۇ چاغدا شۇ خاقان «ئۆگە» نىمۇ دەپ سورايدۇ، ۋەزىر «ھە!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پىشقان، تەجرىبىلىك، پاراسەتلىك، توختالغان بىر ئادەمنى قوشۇنغا باش قىلىپ ماڭدۇرىدۇ. نەتىجىدە، قوشۇن زۇلقەرنەيىننىڭ قوشۇنلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ. ئۇلار ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتقان. مانا شۇ قېتىمقى ئۇرۇش «ئۇيغۇر» دېگەن قەبىلە نامىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. دېمەك، «ئۆگ» ئۇقۇمى خەلق چۈشەنچىسىدە يۇقىرىقىدەك مەنىلەرنى بېرىپ كەلگەن.

«ئۆگ»نى سۆز يىلتىزى قىلغان ئاتالغۇلارنىڭ ھەممىسى، يەنىلا تەجرىبە ـ ئەقىل، ئەقىلنى ئاشۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان... «ئۆگىلەدى ـ كاتتا ھېسابلىدى»، «ئۆگدى — ماختىدى»، «ئۆگىلەدى — ئۆزىگە كەلدى، ئەقلىنى تاپتى»، «ئۆگرەندى — ئۆگەندى»، «ئۆگرەتتى — ئۆگەتتى»، «ئۆگسۈز — ئۆكسىر، تەمتىرەپ قالغان ئادەم»، «ئۆگۈت — ئۆگۈت، نەسىھەت»، «ئۆگەتلەردى — نەسىھەت قىلدى» بۇ سۆزلەر خەلق تۇرمۇشىدا ئېتىبار بېرىلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مانا شۇ ئەنئەنىدىن چىقىپ ئەقىل ـ پاراسەتكە «ئۆگدۈلمىش» دېگەن نامنى بەرگەن ۋە ئۇنى ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئېتى دەپ ئاتىغان.

كېيىن ئېيتتىم ئەمدى ئۆگدۈلمىش،
ئەقلىنىڭ ئېتى ئۇ، زورايتۇر كىشىن.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۈچىنچى قاتلام مەزمۇنىدا ئىلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ سۆھبىتى ئارقىلىق ئەقىلنىڭ پايدىلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

ئىلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشتىن سورىغان بىرىنچى سوئالى: «ئادەم ئۈچۈن دۇنيادا پايدىلىق نەرسىلەر نېمە؟ ئۇنى بايان قىلىپ بەرسەڭ.» ئۆگدۈلمىش ئىلىگكە مۇنداق مەزمۇندا بايانلارنى قىلدى.

«ئادەم ئۈچۈن ھەر ئىككى دۇنيادا پايدىلىق مۇنداق بىرقانچە ئىش بار.

بىرى، ياخشى خۇي؛ ئىككىنچى ئۇيات؛ ئۈچىنچى توغرىلىق. بۇ ئۈچتىن ئادەم سائادەتكە ئېرىشىدۇ.

«ئادەمگە زىيانلىق نەرسىلەر نېمە؟» دەپ سورىدى ئىلىگ.

«ئادەمگە زىيانلىق مۇنداق ئۈچ نەرسە بار» دەپ جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش «بىرىنچى، كاجلىق ۋە ياۋۇزلۇق؛ ئىككىنچى يالغانچىلىق؛ ئۈچىنچى، بېخىللىق. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىلىمسىز كىشىلەردە كۆپ سادىر بولىدۇ. كاج ئادەمنىڭ ئىشلىرى تەتۈرگە ماڭىدۇ، كىم يالغانچى ئاتىلىپ قالسا، بۇ نام مەڭگۈ يۇيۇلمايدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. بېخىل ئادەم جاپا بىلەن ئۆزى يىغىدۇ. ئۆزىمۇ يېمەيدۇ، باشقىلارغىمۇ بەرمەيدۇ. بۇ ئۈچ نەرسە كىمدە بولسا، ئۇنىڭدىن بەخت يىراقلىشىدۇ.»

ئىلىگنىڭ ئۈچىنچى سوئالى: «ئادەم ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن بىلىملىك تۇغۇلامدۇ، ياكى يېشى يېتىلگەنسېرى ئۆگىنەمدۇ؟»

ئۆگدۈلمىشنىڭ جاۋابى:

«ئادەم ئانىسىدىن بىلىمسىز ھالەتتە تۇغۇلىدۇ. تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆگىنىدۇ. پەقەت

ئادەم ئەقىلنى ئۆگىنەلمەيدۇ، ئەقىل دېگەن شۇ ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە قوشۇلۇپ بىللە يارىتىلىدۇ. ئەقىلدىن بۆلەك بارلىق پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىش بىلەن ھاسىل قىلىدۇ.

ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنىڭ يۇقىرىقى جاۋابلىرىدىن قاتتىق سۆيۈنىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۆگدۈلمىشنىڭ بۇنچە بىلىمنى قانداق ھاسىل قىلغانلىقى ھەققىدە، بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە سورايدۇ، ئۆگدۈلمىش: «ماڭا ئاتامنىڭ ياخشى دۇئاسى مەدەتكار بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كىچىكىدە ئاساس ياخشى سېلىنسا نەتىجىسى ياخشى بولىدىكەن، ئەقىل ئورنى ئۈستۈن مېڭىدە بولىدۇ، ئادەم تونگە ئوخشاش قاراڭغۇ بولىدۇ، ئەقىل چىراغدەك ئۇنى يورۇتىدۇ. بارلىق ياخشىلىق ئەقىلدىن كېلىدۇ، بىلىم بىلەن ئادەم بارغانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى، بىلىم بىلەن ئەقىلدىن ئىبارەت. كىمدە ئەقىل بىلەن بىلىم بولمىسا ئۇ تىرىك جەسەت ياكى ھايۋان بىلەن ئوخشاشتۇر.»

ئىلىگ ئاخىرىدا سوئاللار توگۈنچىلىكىنى، «ئەقىلنىڭ سۈرىتى، خۇي - قىلىقى، يېشى، دەرىجىسى بويى قانداق؟» دېگەن نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرىدۇ.

ئۆگدۈلمىش مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

«ئەقىلنىڭ قىلىقى دۇرۇس، قىممىتى يۇقىرى، يۈزى - تۈرقى كۆركەم، يېشى بولسا كىچىك، پۈتۈن ياخشىلىقا كېچىك، ئۇ ھەر ئىشتا سەۋرلىك، سىلىق، يۇمشاق، دىلى ھەم جانلىقلار ئۈچۈن مېھرىبان قولى ھەممە يەرگە يېتىدۇ، سۆزى ھەممە يەرگە ئۆتىدۇ. كۆزى ئىتتىك، يىراقنى كۆرەلەيدۇ، ھەر ئىشنى قىلغاندا ئوڭ - سولغا بېقىپ ئىش تۇتىدۇ، ھەر ئىشقا كىرىشسە ئىرادىسىدىن يانمايدۇ، ئۇ ھەرقانچە بۇلغانغان ئىشنى سۈزەلەيدۇ، ھەرقانچە مۇرەككەپ توگۈنلەرنى يېشەلەيدۇ. ھەرقانداق ئىشقا چارە - تەدبىر بىلەن پۇرسەت تاپالايدۇ. بۇزۇقنى تۈزىيەلەيدۇ، سۇنۇقنى تاڭالايدۇ، ئەقىل كۆزى يوققا كۆز بولالايدۇ، ئۆلۈك تەنگە جان، گاچا تىلغا سۆز بولالايدۇ، ئەقىل ھەر ئىشنى ئوڭ قىلىدۇ، تەتۈر قىلمايدۇ، دۇرۇسلۇق بىلەن قىلىدۇ، مەككارلىق قىلمايدۇ.»

يۇقىرىقى باياناتلاردىكى ھەربىر جۈملىدىكى مەنە دېتاللىرىنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇشتا ھەرقاچان قوللىنىدىغان، خەلقنىڭ ھاياتىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ بىلىشىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىبارىلەر ئىدى. ھەتتا بەزىسى خەلقنىڭ قېلىپلىشىپ كەتكەن ئىديوملاردىن ھاسىل بولغان «باغرىسان كۆڭۈل — مېھرىبان كۆڭۈل»، «ئىسگ يۈزلۈك — ئىسسىق يۈز»، «يىتى كۆزلۈگ باقشى يىراق — كۆزى ئىتتىك، بېقىشى يىراق»، «قىلىنچ ئوڭ تۇتار، سولى يوق — ئوڭ ئىشلەيدۇ، تەتۈر ئەمەس» يۇقىرىقى ئىبارىلەرنىڭ يىلتىزى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ھەرقانچە قوللىنىپ كەلگەن — ئۆزى دەۋرىنىڭ شاھىدى بولغان، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇنىڭ ئىپادىلىرى خېلى كۆپ كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن، بېخىل كىشىنىڭ نامى چىقماس، دېگەن ماقال يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بەختسىزلىكنىڭ ئۈچ ئامىلىنىڭ بىرى قاتارىدا قەيت قىلىنىدى، ۋەھاكازا.

ماقال - تەمسىللىرىنىڭ پىكىر ئىپىنقلىقىدىكى ئورنى

«قۇتادغۇ بىلىك»كە سىڭدۈرۈلگەن شۇنچە كەڭ مەزمۇنلار ۋە بۇ مەزمۇنلارنىڭ كېلىش مەنبەسىدىن قارىغاندا يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلقنىڭ ھاياتىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشەنگەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، ئارزۇ - ئارمانلىرى، ئۇلارنىڭ قىممىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. ئەسەرنىڭ ھەربىر مەنە قاتلاملىرىدا خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسى ياتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەربىر پىكىر ھالقىلىرىدا خەلق ماقال - تەمسىللىرىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ، ئۇنى پىكىرلەرنىڭ دەلىلى ئەمەس، بەلكى خۇلاسىسى قىلىدۇ. بىز «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن «كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت - تۈرك»تە

بېرىلگەن 280 دىن ئارتۇق ماقال - تەمسىللەردىن بىر ەرسىنىڭمۇ ئوخشاپ قالمىغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ ئەلۋەتتە ئۆز دەۋرىدە خەلق ئارىسىدا پەيدا بولغان ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئىنتايىن مول بولغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. تۆۋەندە «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئورۇن ئالغان بىرقانچە ماقال - تەمسىلنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشىدە تۇتقان ئورنى بىلەن تونۇشىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇغراخاندىن ئەجدادلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئۇلارنىڭ نام - شەرىپىنى قوغداش ۋە تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بولغان ئىستەكلىرىنى ئىپادىلىگەندە، «ئاتا ئورنى ۋە ئاتى ئوغۇلغا قالۇر» دېگەن ماقالنى كەلتۈرگەن ۋە «تولا كونا بىر سۆز مەسەلدە كېلۇر» دەپ يۇقىرىقى ماقالنى كەلتۈرگەن. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئاتاڭنىڭ ئورنى، نام - شەرىپى ساڭا قالغان بولسا، ئۇنى ياخشىلىق، ۋاپا، ساداقەت بىلەن تېخىمۇ نۇرلاندۇر؛ ئۇنىڭغا مىڭ، مىڭچە مەزمۇنلارنى قوش دەپ تەۋسىيە قىلىدۇ. روشەنكى، پەرزەنت دېمەك ئاتىنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچى، ھايات شەجەرىسىنى كۆكەرتكۈچى بوغۇن ھېسابلىنىدۇ. پەرزەنت يارامسىز چىقمىسا ئاتا - ئانىسىنىڭ روزغارىنى گۇمران قىلىدۇ. شاھ ئەۋلادقا نىسبەتەن بۇ تەلەپ تېخىمۇ قاتتىق، مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىر. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، يۇقىرىقى ماقال ئارقىلىق بۇغراخانغا مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇرراق ھېس قىلدۇرماقچى بولىدۇ. چۈنكى، «باش چوڭايسا، بۆكمۇ چوڭىيىدۇ» (435 - بەتتە). يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ تەمسىل ئارقىلىق شاھلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئادەتتىكى ئادەمنىڭ بېشىغا بىر ئائىلىنىڭ غېمى كېلىدىغان بولسا، بىر پادىشاھنىڭ بېشىغا پۈتۈن ئەلنىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالى ۋە غېمى كېلىدىغان بولىدۇ.

ئەقىل بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى يورۇتۇپ بەرگەن بىر ماقالدا مۇنداق دېيىلگەن.

ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل تۆركىي سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز تۆركىي كۆز.

بۇ ماقالدا تەپەككۇر بىلەن تىلنىڭ ئورگانىك مۇناسىۋىتى، يۈز بىلەن كۆزنىڭ ئادەمنىڭ كۆكىدە تۇتقان ئورنىغا سېلىشتۇرۇلۇپ شۇنچە ئىخچام ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئادەمنى دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلاردىن شەرەپلىك ئورۇنغا ئىگە قىلغىنى ئەقىل. ئۇ شۇنچىلىك قۇدرەتلىك ھەم ئۇلۇغ. مانا شۇ ئەقىلنىڭ كۆركى ۋە رولى تىل ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. ئەقىلسىز تىل بولمايدۇ ۋە تىلسىز ئەقىلمۇ يورۇمايدۇ. تىل بىلەن ئەقىل ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈك. ئەقىل يېتىلسە تىل ئېسىل بولىدۇ، ئەقىلسىز ئادەملەرنىڭ ئېغىزىدىن ئەھمىيەتسىز، مەنىسىز سۆزلەر چىقىدۇ. ئادەمنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ئەڭ ئۇلۇغ سەنئەت يۈزدە ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر يۈزدە كۆز بولمىسا، ئۇ يۈزنىڭ كۆركەملىكىمۇ قالمايدۇ، يۈزنىڭ كۆركى كۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. يۈزنىڭ كۆركى كۆز بىلەن ھاسىل بولغاندەك، ئەقىلنىڭ كۆركى تىلدىكى مەنە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

يەنە تىل توغرىسىدا توختىلىپ: «بېشىڭنى تىلىسەڭ تىلىڭنى كۆزەت» دېگەن ماقالنى كەلتۈرىدۇ. ئەقىلسىز ئادەمنىڭ تىلى ئۆزىگە دۈشمەن ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىنى دار ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ قالماي، يەنە نۇرغۇن ئادەمنى ئۆزى بىلەن بىللە دار ئالدىغا سۆرەپ بارالايتتى. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە بىر بېيىتتا «تىل ئىشىك ئالدىڭدا ياتقان شىرغا ئوخشاش» دەپ ئەسكەرتكەنىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسان تەبىئىتى ۋە خۇي - پەيلى ھەققىدە پىكىر قىلغاندا، ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتىدە بار نەرسىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ ۋە:

ئەگەر كىرسە ئاق سۈت بىلەن ياخشى خۇلق،
ئۆلۈم تۇتمىغۇچە ئۆزگەرمەس قىلىق.

دېگەن ئۆزلەشتۈرمە ماقالىنى كەلتۈرۈپ، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئۆزگىرىش يوللىرىنى كۆپ تەرەپتىن مۇھاكىمە قىلىدۇ. «بىرى، تۇغۇلغاندا پاكىز، ئېسىل تەبىئەت بىلەن تۇغۇلغاچقا، ئۆمۈر بويى ھالال ياشاپ ئۆتىدۇ؛ يەنە بىرى، ناپاكلىقنىڭ مەھسۇلاتى بولغاچقا ئەلگە ئاپەت كەلتۈرىدىغان زىيانداشقا ئايلىنىدۇ» دەيدۇ. چۈنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق قانۇنىيەتكە ئىشىنەتتى.

«ئانا بولغۇچى يوشۇرۇنچە سۇ ئالسا، بالا تۇغۇلسا ئەلگە ئاپەت بولىدۇ». بىراق، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ كۆزقاراشنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتمەيدۇ. بىرى، ياخشىلار يامانلارغا قوشۇلسا، ئۇلارنىڭ خۇيىنى تارتىپ، يامانلىققا يۈزلىنىدۇ؛ يامانلار ياخشىلارغا ئارىلاشسا، ياخشىلارنىڭ تەسىرى بىلەن ياخشى تەبىئەت يېتىلىدۇ. پەقەت تۇغما يامان بولغان بولسا، ئۇنىڭغا داۋا يوق دەيدۇ. بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغما تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلغانلىقى ۋە كىچىك چاغدىكى تەلىم - تەربىيەنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ قانداق خاراكتېردا يېتىلىشىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە، بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنىڭ تولۇق بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنى تولۇق قىلىمەن دېيىشنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ماقال بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىدۇ. «تۆكەل بولسا نېمەت بولۇماز يەگو - تەل بولغاندا نېمەت يۇقارىيتكۇچى» (1046 - بەت).

بۇ ماقالىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىنىمۇ بەرگەن: «توققۇزى تەل بولغاندا، ئادەم ئۆلىدۇ». دېمەك، ھېچقاچان ئادەمنىڭ توققۇزى تەل بولمايدۇ، قانۇنىيەت شۇكى، دۇنيا نېمەتلىرى ئادەمنى تولۇق قاندۇرالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ «تۇزلۇق سۇغا ئوخشاش ئىچكەنسېرى تېخىمۇ قاقشىتىدۇ». بىراق، بىرى يېتەلمىگەچكە يەنە بىرى يېتىدۇ، يەنە بىرى يېتەلمىگەن مەنزىلگە يەنە بىرى يېتىپ بارىدۇ، بۇ مانا شۇنداق ئۈزلۈكسىز بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتىدىغان دىيالېكتىك جەريان. بىراق، بۇنىڭ بىلەن تىرىكچىلىك يولىنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ جاۋابىنىمۇ خەلقىمىز تەق قىلىپ قويغان: «مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك تىرىكچىلىك قىل.» يۈسۈپ خاس ھاجىپ «بۇ دۇنيادا سەنلا ياشىمايسەن، قېرىنداشلار كېلىشكە ئالدىراۋاتىدۇ، بۇ ھايات داستىخانىغا داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قۇرۇق داستىخاننى قويۇپ قويماي، مول - نازۇ نېمەتلەرنى قالدۇرۇپ قويۇش مەسئۇلىيىتىمىز بار» دېگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە مۇنداق ماقال - تەمسىللەرنىڭ تۇتقان سالمىقى خېلىلا ئېغىر، شۇنىسى ئەھمىيەتلىككى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پارسىنىڭ، ئەرەبلەرنىڭ بىرەر ماقالىنى كەلتۈرۈشنى ئويلاشمايدۇ، ئەكسىچە پۈتۈنلەي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماقال - تەمسىللىرىدىن مىساللار كەلتۈرۈپ، پىكرىنى ناھايىتى ئىخچام يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. بۇنىڭدىن بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەلب تۆرىدە ئورۇن ئالغان يۈكسەك بىر مىللىي روھنىڭ چاقنىشىنى كۆرەلەيمىز.

ئومۇمەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۈچۈن خەلق ئەقىل - پاراسىتىدىن بارلىققا كەلگەن، ئۇزاق يىللىق ھايات تەجرىبىسىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ماقال - تەمسىللەر ۋە باشقا فولكلور دېتاللىرى «قۇتادغۇ بىلىك»كە تېخىمۇ كۆركەملىك بېغىشلىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان بۇ ماقاللار ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ئۇلارنىڭ بىلىش نەتىجىلىرىنىڭ ئالىملار ئۈچۈن پۈتمەس - تۈگىمەس بۇلاق بولغانلىقىنى تونۇتتى.

سەلىمىناي غاپپار

# «جاھاننامە» داستانىدىكى ئوخشىتىشلار ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەزكۇر ماقالىدە «جاھاننامە» داستانىدا قوللىنىلغان بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى ـــ ئوخشىتىش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بۇ بەدىئىي ۋاسىتىنىڭ شائىرنىڭ شېئىرىي پىكرىنى ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلەشتە ئوينىغان رولى ۋە ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۈلگە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى تىلىنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئاھاڭدارلىقى، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ دەل جايىدا ئىشلىتىلگەنلىكى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇنىڭدىن كىلاسسىك يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئانا تىلىمىزدا بار بولغان سۆز بايلىقىدىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلانغانلىقىنى، شۇنداقلا يەنە بەلاغەت ئىلمى* دىكى ھەر خىل بەدىئىي سەنئەتلەرگە ناھايىتى پىششىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. شۇڭا، ئۇلار بىزگە دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئۆلمەس ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. «جاھاننامە» داستانى بۇنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ داستان يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى يازغۇچى مىرزا ھەيدەر كۆرەگاننىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، فانتازىيەلىك ۋەقەلىك سۆژىتىنى ئاساس قىلىپ يازغان داستانىدۇر. داستاندا ئوبرازلىق تىل ۋە خىلمۇخىل بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق پەلسەپىۋى ئىدىيەلەرنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. يەنى ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، ئىستىئارە، تەزمىن قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى قوللانغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭدا قوللىنىلغان گۈزەل ئوخشىتىشلار ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئېستېتىك قارىشى، بەدىئىي ھەۋىسىگە ئاساسەن، نۇرغۇن گۈزەل ئوخشىتىشلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. «ئوخشىتىش ـــ ئىنسان بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئامىللىرىدىن بىرى. بۇ بەدىئىي ۋاسىتە ئىجادكارغا ئۆز تەسىراتلىرىنى، پىكىر ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئېنىق، ئوبرازلىق ئىپادىلىشىگە ئەڭ كۈچلۈك قورال بولىدۇ.»① سەنئەتكارلارنىڭ شەيئىلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىنچىكە نازۇك باغلىنىشلارنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى، ئۆزگىچە خاس مۇلاھىزە ئۇسۇلى ۋە ماھارىتى ئەسەردە قوللىنىلغان ئوخشىتىشلار ئارقىلىق روشەن گەۋدىلىنىدۇ. تۆۋەندە ئوخشىتىشلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئالا-

* بەلاغەت ئىلمى ـــ كىلاسسىك ئەدەبىياتتا ئوي ـ پىكىرنى تولۇق، يېتۈك ۋە جانلىق ئىپادىلەشنىڭ چارە ـ ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى ئىلىم.

ھېسلىكى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## «جاھاننامە» داستانىدىكى ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرى

بەلاغەت ئىلمىدە ئوخشىتىش ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تۈرلەرگە بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ تۈرلىرى ھازىرقى زامان ئىستىلىستىكىسىدىكى ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرىگە قارىغاندا بىرقەدەر كۆپ. بەلاغەت ئىلمىدىكى مۇكەممەل ئۇسۇل ئوخشىتىشنى ئۇسلۇب جەھەتتىن تۈرگە بۆلۈشتۇر. ئوخشىتىشنى ئۇسلۇب جەھەتتىن قىسقارتىلما ئوخشىتىش، ئىخچام ئوخشىتىش، رەتلەنگەن ئوخشىتىش، جەملەنگەن ئوخشىتىش قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. «جاھاننامە» داستانىدا يۇقىرىقىلاردىن ئالدىنقى ئۈچ تۈرى ئۇچرايدۇ.

1. قىسقارتىلما ئوخشىتىش. بۇ خىل شەكىلدە ئوخشىتىشنى تەشكىل قىلغۇچى تۆت ئامىل ئىچىدە ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى ۋە ئوخشىتىش قوشۇمچىسى بار بولغان، ئەمما ئوخشاشلىق نۇقتىسى قىسقارتىلغان بولىدۇ. بۇ خىل ئوخشىتىش شەكلى داستاندا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

قىلىچنى يالاڭ ئەيلەپ ئول مەردىكار،
قەدەم قويسە تەخت ئۈزرە ئول گۈلئۈزار.
بولۇپ لالىدەك ئەشكىدىن كۆزلەرى،

بۇ مىسالدىكى ئوخشىتىشتا ئوخشاشلىق نۇقتىسى قىزىل قىسقارتىلغان. بۇنىڭدا موللىنىڭ قىزى دۆننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، يىغلاپ كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەندىكى ھالىتىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن ئوخشىغۇچى «لالە»نى ئىشلەتكەن. چۈنكى، لالە گۈلىنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ.

2. ئىخچام ئوخشىتىش. بۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل ئوخشىتىش بولۇپ، ئوخشىتىشنى تەشكىل قىلغۇچى تۆت ئامىل ئىچىدە ئوخشالغۇچى ۋە ئوخشىغۇچى بار بولغان، ئوخشاشلىق نۇقتىسى ۋە ئوخشىتىش قوشۇمچىسى قىسقارتىلغان شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. داستاندا فىروزە شاھنىڭ چۈشىدىكى پەرىزات تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلىنىدۇ:

خۇسۇسەن ئولتۇرۇپتۇ بىر پەرىزاد،
يۈزى ئاي، كۆزى چولپان، قەددى شەمشاد.

بۇنىڭدا بىرقانچە ئىخچام ئوخشىتىش قاتار ئىشلىتىلگەن. يارنىڭ يۈزىنى ئايغا، كۆزىنى چولپان يۇلتۇزغا ئوخشاتقان. چۈنكى، قاراڭغۇ تۈننى ئاي نۇرى يورۇتقاندەك قىزنىڭ نۇرلۇق جامالى فىروزە شاھنىڭ تۈن قاراڭغۇسىدا قالغان قەلبىنى يورۇتقان. يەنى فىروزە شاھ ئۇ قىزنى چۈشىدە كۆرگەن بولۇپ، قەيەردە ئىكەنلىكى نامەلۇم ئىدى. شۇڭا، قىزنى تۈنجى كۆرگەندىكى ھالىتىنى تەسۋىرلىگەندە يۈزىنى ئايغا، كۆزىنى يۇلتۇزلار ئىچىدىكى ئەڭ نۇرلۇق چولپان يۇلتۇزغا ئوخشاتقان.

3. رەتلەنگەن ئوخشىتىش. بۇنىڭدا بىر قاتار ئوخشىتىش رېتى بويىچە ئۇلىنىپ كېلىدۇ ۋە ئوي ـ

پىكرىنى جانلىق ئىپادىلەشكە ھەسسە قوشىدۇ. بۇ خىل ئوخشىتىشنى ئىشلىتىش شائىردىن بىرقەدەر يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتنى تەلەپ قىلىدۇ. داستاندا بۇ خىل ئوخشىتىش بىرلا يەردە ئۇچرايدۇ.

تىشى دۇر، لەبى لەئلۇ، سىيمىن تەنى،
ساچى سۇنبۇل، يۈزى گۈل خىرمەنى.
كۆزى نەرگىس، قەددى سەرۋى سەھى،
جەھان شوخى رەئنالارىنىڭ شەھى.

بۇ مىسرالاردا بىرقانچە ئوخشىتىشنى رەتلەپ ئىشلىتىش ئارقىلىق ياغاچچى تەرىپىدىن ئويۇلغان، موللا خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ جان كىرگۈزگەن ساھىبجامال قىزنىڭ قىياپىتىنى كۆز ئالدىمىزغا سۇرەتتەك كەلتۈرۈپ بەرگەن.

بەلاغەت ئىلمىدە 13 ـ ئەسىردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بىر خىل تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى بار بولۇپ، بۇمۇ ئوخشىتىشنى تۈرگە بۆلۈشنىڭ ئەڭ ئىلمىي بولغان ئۇسۇلىدۇر. بۇنىڭدا ئوخشىتىشنى ئېنىق ئوخشىتىش، شەرتلىك ئوخشىتىش، قايتۇرما ئوخشىتىش، تەتۈر ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش، باراۋەر ئوخشىتىش قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلگەن. ھازىرقى زامان ئىستىلىستىكا ئىلمىدا ئوخشىتىش ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش ۋە ۋەكىللىك ئوخشىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي تۈردىن تەشكىل قىلىنغان. داستاندا پەقەت ئېنىق ئوخشىتىش ئۇچرايدۇ. بۇ ئوخشىتىش «جاھاننامە» داستانىدا ناھايىتى ۋايىگە يەتكۈزۈپ ئىشلىتىلگەن.

1. ئېنىق ئوخشىتىش. بۇنىڭدا ئوخشىتىشنى تەشكىل قىلغۇچى تۆت ئامىل تولۇق ھازىرلانغان بولىدۇ. تۆۋەندىكى مىسالنى كۆرۈپ باقايلى:

تۆكۈپ شەمئىدەك ئەشك دۇردانەسىن،
كۆرە ئالماي ئول ئوتدا پەرۋانەسىن.

بۇ مىسرالاردا سىمۋول بىلەن ئوخشىتىش تەڭ ئىشلىتىلگەن. شام مەشۇقتا، ئەڭ ئاخىرقى نەپەسى قالغۇچە ئۆزىنى شامنىڭ ئوتىغا ئۇرىدىغان پەرۋانە بولسا ئاشىققا سىمۋول قىلىنغان. ئوخشالغۇچى ئەشك دۇردانىسى، ئوخشىغۇچى شامنىڭ دانچىلىرى. يەنى داستاندا فىروزە شاھ چۈشىدە دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇنى سېغىنىپ خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ، جاينامازى ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئويغىنىپ كېتىدۇ ۋە غەمكىن ھالەتتە ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن پەرىزات قىز كۆز يېشى قىلىدۇ. قىزنىڭ كۆز يېشىنى يۇقىرىقى ئىككى مىسرادىكى ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئوخشالغۇچى ئەشك دۇردانىسى، ئوخشىغۇچى شامنىڭ دانچىلىرى. شام كۆيگەندە ئېرىپ چۈشكەن دانچىلىرى بىلەن كۆز يېشى دانچىلىرى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىقتىن پايدىلىنىپ كۆز يېشى ئېقىپ چۈشكەن ھالىتىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. چۈنكى، شام ئەينى زاماندا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ لازىملىق بويۇملارنىڭ بىرى. شام كۆيگەندە ئەتراپقا ئېرىپ چۈشۈشى نۇرغۇن ئادەملەرگە تونۇشلۇق بولغان ھالەت-

تۇر. شۇڭا، شائىر شامنى ئوخشىغۇچى قىلىپ تاللىۋالغان. داستاننىڭ ئاخىرىدا پەرىزات ۋاپات بولغاندا فىروزە شاھنىڭ يىغلىغان ھالىتىنى تۆۋەندىكى مىسرالار ئارقىلىق تەسۋىرلىگەن:

خەزان يامغۇرىدەك تۆكۈپ ياشنى،
بولۇتدەك قارا قىلدى بوي باشنى.

بۇنىڭدا كۆز يېشى خەزان يامغۇرىغا ئوخشىتىلغان. ئوخشىغۇچى باھار يامغۇرى ئەمەس، خەزان يامغۇرى. چۈنكى، باھار يېڭى ھاياتلىق پەيدا بولىدىغان پەسىل. باھار يامغۇرى بولسا ئەنە شۇ يېڭى ھاياتلىقلارنى ياشارتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئەكسىچە، خەزان پەسلى — يېڭى ھاياتلىقنىڭ خەزان بولۇش مەزگىلى، خەزان يامغۇرى بولسا ئۆلارنىڭ ماتىمى ئۈچۈن ياغقان يامغۇر. شۇڭا، پەرىزاتنىڭ گۈل غۇنچىسى خەزان بولغاندىن كېيىن، فىروزە شاھنىڭ قىلغان كۆز يېشىنى «خەزان يامغۇرىدەك تۆكۈپ ياشنى» دەپ ئالغان. «بولۇتدەك قارا قىلدى بوي باشنى» دېيىش ئارقىلىق قارا كىيىم كىيىپ ماتەم تۇتقان ھالىتىنى ئىپادىلىگەن. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىككى مىسالدا كۆز يېشىنىڭ ئوخشىمىغان ئىككى خىل ھالىتى ۋە دەرىجىسى ئارىسىدىكى پەرقنى ئوخشىمىغان ئىككى ئوخشىغۇچى ئارقىلىق ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

«جاھاننامە» داستانىدىكى ئوخشىتىشنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

يۇقىرىقى تەھلىللەرگە ئاساسەن «جاھاننامە» داستانىدىكى ئوخشىتىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرىنى خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇ:

داستاندىكى ئوخشىغۇچى شەيئىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئاي، يۇلتۇز، گۈل، چاقماق، قۇيۇن قاتارلىق تەبىئىي نەرسىلەر. بۇ خىل ئالاھىدىلىك بىر تەرەپتىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىق ئادىتىنى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئوخشىغۇچى ئوبيېكتى بولغان شەيئىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش نىسبىتى ئەڭ كۆپ بولغان شەيئى ئىكەنلىكىنى، بۇ شەيئىلەرنى ئوخشىغۇچى ئوبيېكتى قىلىپ تاللىسا، چۈشەندۈرمەكچى بولغان شەيئىنى ئوخشىتىشتىن ئىبارەت بۇ بەدىئىي ۋاستە ئارقىلىق تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نېمىنى ئوخشىغۇچى قىلىپ تاللىشىدىن، ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك قارىشىنى، يەنى تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەتتىكى تاغ ـ دەريا، گۈل ـ گىياھ قاتارلىق ئەڭ تەبىئىي نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈشتەك گۈزەللىك قارىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

بەزى ئوخشىتىشلار باشقا بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن گىرەلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، داستان تىلىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. ئوخشىتىش سىمۋول بىلەن، ئوخشىتىش تاناسىپ بىلەن گىرەلىشىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ خېلى پىشقان بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئىككى خىل بەدىئىي ۋاستىنى تەڭ ئىشلەتكەندە، مەزمۇن بىلەن شەكىلنى ماسلاشتۇرۇش خېلى باش قاتۇرمىسا بولمايدىغان مەسىلىدۇر.

بىر ئوخشالغۇچى داستاندا بىرقانچە جايدا مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن ئوخشىمىغان ئوخشىغۇچى

ئارقىلىق ئىپادىلەنگەندە، ئاپتور ئاشۇ ئوخشالغۇچى شەيئىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك پەرقلەرنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن كۆرسىتەلىگەن. يەنى كۆز يېشىنى بەزى جايدا خەزان يامغۇرىغا ئوخشاتسا، يەنە بەزى جايدا شامنىڭ ئېرىپ چۈشكەندىكى دانچىلىرىغا ئوخشاتقان. شۇ ئارقىلىق كۆز يېشىنىڭ ئوخشىمىغان ھالەتلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كونكرېتلاشتۇرۇپ بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن مىساللارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

قىسقىسى، كىلاسسىك ئەسەرلەر ناھايىتى رەڭدار ئوخشىتىش شەكىللىرىگە ئىگە بولۇپ، «جاھاننامە» داستانىدىكى ئوخشىتىشلار دېگىنىمىزنىڭ تامچىسىدەك ئوخشىتىشلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت خالاس. نەۋائىي، لۇتفىي قاتارلىق باشقا كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئوخشىتىشنىڭ باشقا تۈرلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى بەدىئىي سەنئەتلەردىن ئۈلگە ئېلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانسا، كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى ئىزچىللىققا ئىگە قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك تەلپىگە ماس كېلەلەيدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ. ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇ يەردە دېيىلگەن ئۈلگە ئېلىش ھەرگىزمۇ قەدىمكىلەرنىڭ ئوخشىتىشلىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىش مەنىسىدە ئەمەس. چۈنكى، ئوخشىتىشمۇ بەلگىلىك تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا دەۋرچانلىققا ئىگە بولىدۇ. بەزى ئوخشىتىشلارنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى كۆپ بولغاچقا، بۇنداق ئوخشىتىشلارنى ئەسەردە قايتا قوللانسا، ياخشى بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. يەنە بەزى ئوخشىتىشلاردىكى ئوخشىغۇچى ھازىرقى زامانغا نىسبەتەن ئاسان ئۇچراتقىلى بولمايدىغان شەيئى بولسا، ئۇلارنى ئۈلگە ئېلىپ ئىشلەتسەك، ئوخشىتىشنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭى ئوخشىتىشلارنى ئىشلىتىپ، نەمۇنىلىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك. شۇنداقلا يەنە كىلاسسىك ئەسەرلەردە ئوخشىتىشتىن قانداق پايدىلانغانلىقى، قايسى ئۇسۇلدا پىكىرنى بايان قىلغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە ئۇلاردىن ئۈلگە ئېلىش ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ رەڭدار تۈسكە كىرگۈزۈش، ئەدەبىياتىمىزنى ئىزچىللىققا ئىگە قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىزاھات:

① ئىمىن تۇرسۇن: «ئەدەبىياتىمىزدا تەشبىھ – مۇبالىغە»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى، 1998 – يىلى 4 – سان، 87 – بەت.

پايدىلانمىلار:

1. ئابدۇشۇكۇر تۇردى: «جاھاننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 – يىلى نەشرى.
2. ئارسلان ئابدۇللا: «قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىكى بەدىئىي ۋاستە — ئوخشىتىش توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1993 – يىلى 4 – سان.
3. ئىمىن تۇرسۇن: «ئەدەبىياتىمىزدا تەشبىھ – مۇبالىغە»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى، 1998 – يىلى 4 – سان.

(ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

ھۆرمەتجان فىكرەت

# كلاسسىك بەدىئىي سەنئەتلەر ھەققىدە

مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىيات نەزەرىيەسى «ئارۇز ئىلمى»، «قافىيە ئىلمى» ۋە «بالاغەت ئىلمى» دەپ ئۈچ تۈر بويىچە تەتقىق قىلىپ كېلىنگەن بولۇپ، بۇلاردىن «ئارۇز ئىلمى»دە شېئىرىيەتتىكى ۋەزىنلەر ۋە ئۇلارنىڭ قائىدە - قانۇنلىرى تەتقىق قىلىنىدۇ. «قافىيە ئىلمى»دە بولسا قافىيە قانۇنىيەتلىرى ۋە تۈرلىرى تەتقىق قىلىنىدۇ.

«بالاغەت ئىلمى»دىكى «بالاغەت» سۆزى «ۋايىگە يەتكەن، يېتۈك، تولغان، يېتىلگەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. سۆز مەنىسىدىنمۇ مەلۇم بولۇپ تۇرغىنىدەك، «بالاغەت ئىلمى» نۇتۇقنىڭ پاساھەتلىك بولۇشى، يەنى ئوچۇق، ئېنىق، چۈشىنىشلىك ۋە راۋان بولۇشىنى، ئۇنىڭ ماكان ۋە زامانغا ماس تەرزدە ئوتتۇرىغا چىقىشىنى تەلەپ قىلىدىغان، باشقىچە ئېيتقاندا، سۆزنىڭ تازا ۋايىگە يەتكەن، پاساھەتلىك تەرزدە ئىپادىلىنىشىنىڭ ئىمكانىيەتلىرى، قائىدە - قانۇنلىرى، ئۇسۇل ۋە شەكىللىرى ھەققىدىكى ئىلىمدۇر.

«بالاغەت ئىلمى» ئۆز ئىچىدىن يەنە «مەنە ئىلمى»، «بايان ئىلمى»، «بەدىئىيەت ئىلمى»دىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. بۇلاردىن «مەنە ئىلمى» — سۆزنىڭ شۇ ۋەزىيەت، ھالەتكە ماس تەرزدە ئىپادىلىنىش يوللىرى ھەققىدىكى ئىلىم بولۇپ، ئاساسەن نۇتۇقنىڭ گىراماتىكىلىق شەكىللىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ. «بايان ئىلمى»دە بولسا مەقسەتنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق شەكىللەردە ئىپادىلىنىش يوللىرى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ ئورۇندا سۆزىمىزگە مۇناسىۋەتلىك قىسقىغىنا بىر ھېكايەتنى قىستۇرۇپ ئۆتسەك ئارتۇقچىلىق قىلماس. بۇرۇنقى زاماندا، بىر پادىشاھ ئاغزىدىكى چىشلىرى تۆكۈلۈپ كېتىپ چۈش كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئويغىنىپ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بوپتۇ. ئۇ ئوردىغا چىققاندىن كېيىن قول ئاستىدىكىلەرنى داڭلىق چۈش تەبىرچىلىرىنى چاقىرىپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. تەبىرچى كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭغا كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلىپ، تەبىرىنى سوراپتۇ. تەبىرچى چۈشنىڭ تەبىرىنى بايان قىلىپ: «ئەي ئالەمنىڭ شاھى، سىلىنىڭ ئاتا - ئانا، ئاكا - سىڭىل بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى سىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدىكەن» دەپتۇ. كۆڭلى غەش بولۇپ تۇرغان شاھنىڭ تېخىمۇ غەزىپى ئۆرلەپ، تەبىرچىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىپتۇ. ئاندىن يەنە باشقا تەبىرچى چاقىرىشقا بۇيرۇپتۇ. ئىككىنچى تەبىرچىمۇ تۇتۇپ ئەكېلىنىپتۇ. ئىككىنچى تەبىرچى شاھنىڭ چۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئەي ئالەمپاناھ، ئاللاتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن سىلىنىڭ ئۆمۈرلىرى بارچە ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋمى قېرىنداشلىرىدىن ئۇزۇن بولىدىكەن» دەپ تەبىر بېرىپتۇ. شاھ ئۇنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنىڭغا شاھانە تون كىيدۈرۈپ تارتۇقلاپتۇ.

ھېكايەتتىكى ھەر ئىككى تەبىرچى ئەمەلىيەتتە بىر خىل مەنىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئالدىنقىسى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، كېيىنكىسى بولسا شاھانە تون بىلەن تارتۇقلىنىدۇ.

دېمەك، ئوي ـ پىكرنى، مەقسەتنى قايسى ۋەزىيەتتە قانداق شەكىل ۋە قانداق يول بىلەن بايان قىلىش ــ بۇ بىر ئىلىم. شۇڭا، شەرق ئالىملىرى قەدىمدىنلا نۇتۇققا (مەيلى ئۇ ئاغزاكى ياكى يازما بولسۇن) ناھايىتىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن ھەمدە نۇتۇق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە ـ قانۇنلىرىنى ئىشلەپ چىقىپ، بىر قاتار ئىلىملەرنى شەكىللەندۈرگەن.

ئەمدى «بالاغەت ئىلمى»نىڭ تەركىبىي قىسمىنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان «بەدىئىيەت ئىلمى» ــ بەدىئەت ئىلمىگە كەلسەك، بۇ بەدىئىي سەنئەتلەر ھەققىدىكى ئىلىم بولۇپ، «بەدىئ ــ ئەرەبچە يېڭى، ئاجايىپ، نادىر، يېڭى بايقالغان، كەشىپ قىلىنغان» دېگەن مەنىلەرنى بىرىدۇ.

دېمەك، بەدىئىيەت ئىلمى ــ پىكرنى راۋان ۋە گۈزەل، يېڭىچە ئىپادىلەش يوللىرى ۋە ۋاسىتىلىرى، بەدىئىي سەنئەتلەر (ئۇسلۇبلار، ۋاسىتىلەر)نىڭ تۈرلىرى ھەمدە خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ①. بەدىئىيەت ئىلمى ھەققىدە توختىلىشتىن ئاۋۋال، بۇ ئىلىمنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتمەي بولمايدۇ.

«بەدىئىيەت ئىلمى» ئەڭ دەسلەپتە ئەرەب ئالىملىرىنىڭ «قۇرئان» ۋە «ھەدىس»تىكى تىل پاساھىتى ۋە ئىپادە يوللىرى، ۋاسىتىلىرىنى تەتقىق قىلىش يولىدىكى ئىزدىنىشلەر بىلەن باشلانغان بولۇپ، تەدرىجىي قەدىمكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى بەدىئىي ئىپادىلەر ئۈستىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، بەدىئىيەت ئىلمىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى سېلىنغان.

شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا «بەدىئىيەت ئىلمى» ھەققىدە يېزىلغان تۇنجى ئەسەر ئابباسىيلار خەلىپىلىكى (مىلادىيە 750 ــ 1258) دەۋرىدە ياشىغان ۋە تارىختا «بىر كۈنلۈك خەلىپە» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەرەب ئالىمى ئابدۇللا ئىبنى مۇئتەز (863 ــ 908)نىڭ «كىتابۇل ـ بەدىئ»ناملىق ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا دەسلەپ بولۇپ بەدىئىي سەنئەتلەردىن «ئىستىئارە②، جىناس③، تىباق④، رەددۇل ئەجۇزەس ـ سەدر⑤، مەزھەبى كەلامىي⑥» قاتارلىق بەش سەنئەتنى بايان قىلغان.

ئىبنى مۇئتەزنىڭ بۇ ئەسىرى بىلەن بەدىئىيەت ئىلمى (ئىلمى بەدىئى)گە ئۇل سېلىنغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن نەسر بىننى ھەسەن «مەھاسىنۇل ـ كەلام» (گۈزەل سۆزلەر)، قۇدامە ئىبنى جەئفەر (888 ــ 948) «نەقدۇش ـ شىئر» (شېئىرىيەت تەنقىدى)، 11 ـ ئەسىردە ياشىغان

---

① ياقۇپجان ئىسھاقوۋ: «سۆز سەنئىتى سۆزلۈكى»، تاشكەنت، 2006 ـ يىلى، 7 ـ بەت.

② ئىستىئارە ــ سۆزنى ئەسلىي لۇغەت مەنىسىدىن باشقا مەنىدە، يەنى مەجازىي (كۆچمە) مەنىدە ئىشلىتىش سەنئىتى.

③جىناس ــ تەجنىس سەنئىتى، يەنى شەكىلداش سۆزلەرنى قوللىنىش سەنئىتى.

④-تىباق ــ مۇتابىقە، بۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى بىر يەردە قوللىنىش سەنئىتى بولۇپ، ئىلمىي بەدىئگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ بەزىسىدە «مۇتابىقە، مۇتەزاد» دېيىلسە، كۆپىنچىلىرىدە «تەزاد» (زىت قويۇش، قارشىلاشتۇرۇش) دەپ ئاتالغان.

⑤ بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىنىڭ بېشىدىكى سۆزنى، كېيىنكى مىسرانىڭ ئاخىرىدا قوللىنىش: جۈملىنىڭ بېشىدىكى سۆزنى ئاخىرىدا قوللىنىش سەنئىتى. مەسىلەن:

گۈل چاغى يارى سەفەر ئەيلەب نەۋائىي جانىغە،
ھەر بىرى بىر تازە قانلىغ داغى ھىجران بولدى گۈل.

⑥ مەزھەبى كەلامىي ــ نەسر ۋە نەزمدە ئۆز مەقسەت ـ مۇددىئاسى، پىكرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن چىرايلىق يوللار بىلەن دەلىل كەلتۈرۈش، دەلىللەش سەنئىتىدۇر.

ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئەبدۇلقاھىر جۇرجانىينىڭ «ئەسرارۇل ـ بەلاغە فى ئىلمى بەيان» (بايان ئىلمىدە بالاغەت سىرلىرى) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە سۆز سەنئىتىدىكى شەكىل ۋە مەزمۇن مەسىلىلىرىدە ئالاھىدە توختالغان بولۇپ، مۇشۇ ئاساستا «بەدىئىيەت ئىلمى» ئالاھىدە ئىلىم ساھەسى بولۇپ شەكىللەنگەن.

ئەرەب ئالىملىرىنىڭ شېئىرىيەت نەزەرىيەسىگە دائىر يازغان ئەسەرلىرى پارس ۋە تۈركىي تىللىق ئالىملارنىڭ بۇ ساھەدىكى ئىزدىنىشلىرىگە تۈرتكە بولغانىدى. «بەدىئىيەت ئىلمى»گە دائىر پارس تىلىدا يېزىلغان تۇنجى ئەسەر 11 ـ ئەسىردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ مۇھەممەد بىننى ئۆمەر ئەر ـ رادۇيانىينىڭ «تەرجۇمانۇل ـ بەلاغە» (پىشقان تەرجىمىلەر) ناملىق ئەسىرى ئىدى.

رادۇيانىي ئۆز كىتابىنى ئەرەب ئالىمى نەسر بىننى ھەسەننىڭ «مەھاسىنۇل ـ كەلام» ئەسىرىگە ئاساسلىنىپ يازغان بولۇپ، 73 خىل ئەدەبىي سەنئەتنى تونۇشتۇرغان. 11 ـ، 12 ـ ئەسىرلەر ئىچىدە بارلىققا كەلگەن «بەدىئىيەت ئىلمى» ھەققىدىكى ئەسەرلەردىن ئەڭ مۇكەممەل ۋە مەشھۇر بولغىنى رەشىدىددىن ۋەتۋاتنىڭ «ھەدايىقۇس ـ سىھر فى دەقايىقۇش شىئر» (شېئىر نازۇكلۇقلىرىدىكى سېھىر باغلىرى) ناملىق ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

«ھەدايىقۇس ـ سىھر» يۇقىرى ماھارەت بىلەن پۈتۈلگەن يۈكسەك سەۋىيەدىكى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن «بەدىئىيەت ئىلمى» بىلەن شۇغۇللانغان مۇئەللىپلەرنىڭ ھەممىسى دېيەرلىك مانا شۇ ئەسەردىن پايدىلانغان.

ۋەتۋاتنىڭ ئەسىرىدىن كېيىن پارس ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن پوئېتىكىغا ئائىت يەنە بىر مۇھىم ئەسەر 13 ـ ئەسىردە ياشىغان قامۇسىي ئالىم شەمس قەيس رازىينىڭ «كىتابۇل ـ مۇئجەم فى مەئايىرى ئەشئارىل ـ ئەجەم» (ئەجەم شېئىرىيىتى ئۆلچەملىرى قامۇسى) ناملىق كىتابىدۇر. بۇ ئەسەر شۇ ۋاقىتقا قەدەر شېئىرىيەت ساھەسىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ ساھەدە يارىتىلغان ئەسەرلەرنىڭ «گۈلتاجى» دەپ ئېيتىش مۇمكىن. چۈنكى، مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىدە كلاسسىك پوئېتىكىنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمى ئەرۇز، قافىيە ۋە بەدىئىيەت ئىلمى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىدۇ. شېئىر ۋە شائىرلىق، بەدىئىي ئەسەردىكى شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، تەنقىدنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىدىكى رولى ۋە ۋەزىپىلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ.

شەمس قەيس ئۆز ئەسىرىنىڭ بەدىئىيەت ئىلمى ھەققىدىكى ئۈچىنچى بۆلۈمىدە رەشىدىددىن ۋەتۋاتنىڭ ئەسىرىدىن كەڭ پايدىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئىستېداتى ۋە بىلىم دائىرىسىنى نامايان قىلىپ، ۋەتۋاتنىڭ ئەسىرىدىكى مەلۇماتلارنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، ئۇلارنى يېڭى ئىزاھلار بىلەن بېيىتىپ، دەلىل ۋە مىساللارنى تېخىمۇ كۆپەيتكەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بەدىئىيەت ئىلمىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەنىدى.

مەشھۇر شائىر خۇسرەۋ دېھلەۋىيمۇ نەسرىي ئەسەر قائىدىلىرى ھەققىدە ئىككى جىلدلىق كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يۈزدىن ئارتۇق بەدىئىي سەنئەتلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن①. ۋاھىدى تەبرىزىي «جەمئۇل ـ مۇختەسەر» (16 ـ ئەسىر) ئەسىرىدە ئارۇز، قافىيە بىلەن بىر قاتاردا بەدىئىي سەنئەتلەردىمۇ توختالغان. نىزامىددىن ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد سالىھ سىددىقىي ھۇسەينىي قەلىمىگە

① ياقۇپجان ئىسھاقوف: «سۆز سەنئىتى سۆزلۈكى»، تاشكەنت، 2006 ـ يىلى، 9 ـ بەت.

مەنسۇپ «مەجمەئۇس ـ سەنايىئى» (سەنئەتلەر توپلىمى) ناملىق ئەسەرمۇ پۈتۈنلەي بەدىئىيەت ئىلمىگە بېغىشلانغان بولۇپ، 80 گە يېقىن شېئىرىي سەنئەتنى تونۇشتۇرغان.

ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفىينىڭ «بەدايىئۇل ـ ئەفكار فى سەنايىئۇل ئەشئار» (شېئىردا پىكىرلەرنى گۈزەل ئىپادىلەش سەنئەتلىرى)، ئەتائۇللا ھۈسەينىينىڭ «بەدايىئۇس ـ سەنايىئ» (بەدىئىي سەنئەتلەر) قاتارلىق ئەسەرلىرىدىمۇ شېئىرىيەت ئىلمى، بەدىئىي سەنئەتلەر ھەققىدە مەخسۇس پىكىر يۈرگۈزۈلگەن، كۆپ قوللىنىلغان ئەدەبىي سەنئەتلەر مىساللار بىلەن تونۇشتۇرۇلغان.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، «بەدىئىيەت ئىلمى»گە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەب ۋە پارس تىلىدا يېزىلغان. ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەرمۇ دېيەرلىك پارس تىلىدا يېزىلغان. بۇنىڭ سەۋەبى 11 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەدەبىي ۋە ئىلمىي تىلى پارسىي بولۇپ، شائىر ـ ئەدىبلەر، ئالىم ـ ئۆلىمالار ئۆز ئەسەرلىرىنى ئاساسەن پارس تىلىدا يازغان.

نەۋائىي دەۋرىگە كېلىپ ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى. تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى تەبىئىي ھالدا تۈركىي تىلدا شېئىرىيەتنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئاساسلاپ بېرىشكە ئېھتىياج تۇغدۇرغانىدى.

بۇ مۇشەققەتلىك، ئەمما شەرەپلىك ۋەزىپىنى تارىخ بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ زىممىسىگە يۈكلىدى. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»، «رىسالەئى مۇئەمما» قاتارلىق ئەدەبىيات ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى ئەسەرلىرى مانا شۇنداق تارىخىي زۆرۈرىيەت نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرلەردە شائىرنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە دائىر قاراشلىرى بايان قىلىنغانىدى. ئەلۋەتتە، نەۋائىينىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى مۇھاكىمىلىرى، قاراشلىرى بۇ بىرنەچچە ئىلمىي، نەزەرىيەۋى ئەسەرلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. يەنە «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەيىن»، «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب» ۋە «خەمسە»نىڭ كىرىش قىسمى ۋە دىۋانلىرىنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىمۇ شېئىرىيەت ھەققىدىكى پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابىرنىڭ «مۇختەسەر» ئەسىرىمۇ ئارۇزغا بېغىشلانغان نەزەرىيەۋى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئارۇز ئىلمىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

كېيىنكى يىللاردا ئىلىم ساھەسىدە 15 ـ ئەسىردە ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئەدەبىياتشۇناس ئالىم شەيخ ئەھمەد تەرازىينىڭ ھىجرىيە 840 ـ (مىلادىيە 1436 ـــ 1437) يىلى يېزىلغان بەلاغەت ئىلمى ھەققىدىكى «فۇنۇنۇل ـ بەلاغە» (يېتۈكلۈك ئىلىملىرى) ناملىق تۈركىي تىلدىكى ئەسىرىنىڭ قولىيازمىسىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئاتاقلىق ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئابدۇقادىر ھەيتمېتوۋ (1926 ـــ 2004) تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ ئېلان قىلىنىشى①، تۈركىي تىلدا نەۋائىيدىن ئىلگىرىمۇ بۇ ساھەگە ئائىت ئىزدىنىشلەرنىڭ بولغانلىقى ۋە نەزەرىيەۋى ئەسەرلەرنىڭ يېزىلغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىت بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىللە، بىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەزەرىيەۋى قاتلىمى

① شەيخ ئەھمەد ئىبنى خۇدايداد تەرازىي: «فۇنۇنۇل ـ بەلاغە» ـــ «ئۆزبېك تىلى ۋە ئەدەبىياتى»، تاشكەنت، 2002 ـ، 2003 ـ يىللىق سانلىرى، ژۇرنالنىڭ 1 ـ ساندا ئا. ھەيتمېتوۋنىڭ بۇ ھەقتىكى ماقالىسىمۇ بېرىلگەن.

② سۆزىمىزنىڭ ئۇزىراپ كېتەسلىكى ئۈچۈن بۇ ئەسەر ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى ھەققىدە كۆپ توختالمىدۇق. بۇ ھەقتە ئايرىم ماقالە يېزىپ كەڭرەك توختىلىشىمىز مۇمكىن.

ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىشى شۈبھىسىز②.

تۆۋەندە ئاساسىي تېمىمىز بولغان بەدىئىيەت ئىلمى ھەققىدە توختىلىمىز.

## بەدىئىي سەنئەتلەر ھەققىدە چۈشەنچە

كىلاسسىك شائىرلارنىڭ گۈزەل مىسرالىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان ۋە دۇنيا ھەققىدىكى پەلسەپىۋى كۆزىتىشلىرى، مۇلاھىزە ۋە خۇلاسىلىرىنى بەدىئىي سەنئەتلەر ۋاستىسىدە ناھايىتىمۇ جانلىق، ئوبرازلىق، يارقىن ئىپادىلىگەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بۇنداق بەدىئىي يۈكسەكلىكنىڭ سىرلىرىنى بىلگۈمىز كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، كىلاسسىكلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بۇ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەت ئۇلارنىڭ شېئىرىيەت ئىلمىنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمى — ئارۇز ئىلمى، قاپىيە ئىلمى ۋە بەدىئىيەت ئىلمى (ئىلمى بەدىئى) قاتارلىق ئىلىملەرنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنىڭ سەمەرىسى ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا بەدىئىيلىك مەسىلىسى ھەممىشە شائىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، مەلۇم شائىرنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدە سۆز بولغاندا، ئۇنىڭ نېمىلەرنى تەسۋىرلىگىنى ئەمەس، بەلكى قانداق تەسۋىرلىگىنىگە كۆپرەك ئېتىبار بېرىلگەن. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە شېئىرىي سەنئەتلەردىن قانداق پايدىلىنىش ماھارىتى ئەسىرلەردىن بۇيان بەدىئىي سەنئەتكارلىقنىڭ ئاساسىي ئامىللىرىدىن بىرى سانىلىپ كەلگەن.

چۈنكى، «شېئىرىي سەنئەتلەر بەدىئىي ئەسەرلەردىن ئورۇن ئالغان غايىلەرنىڭ تېخىمۇ جانلىق ۋە تەسىرچان ئىپادىلىنىشىگە، لىرىك ۋە ئېپىك تېمىلارنىڭ يارقىنراق گەۋدىلەندۈرۈلۈشىگە، مىسرالار، بېيىتلەر، بەندلەرنىڭ تىل جەھەتتىكى نازاكىتى، ئاھاڭدارلىقى، جازىبدارلىقىنى تەمىنلەشكە خىزمەت قىلغان. ئۇ ياكى بۇ شائىرنىڭ ئىجادىغا باھا بېرىلگەندە ئىجادكار ئىپادىلەۋاتقان غايە ئۆز ئەكسىنى تاپقان ئىجتىمائىي ـ سىياسىي، پەلسەپىۋى ـ ئەخلاقىي، مەرىپىي ـ تەربىيەۋى مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە كۆلىمى، بەدىئىي تېمىلار جۇلاسى بىلەن بىر ۋاقىتتا قوللانغان شېئىرىي سەنئەتلەرنىڭ رەڭگارەڭلىكى، مەنتىقىي ئاساسلىنىشى، ئەسەر مەزمۇنىنى يورۇتۇشتىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەرگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىنغان»①. يەنە شۇ ئالىمنىڭ پىكرى بىلەن ئېيتىدىغان بولساق، «شېئىرىي سەنئەتلەر شائىرنىڭ بەدىئىي سالاھىيىتىنى كۆز ـ كۆز قىلىش، ئۇنىڭ خىلمۇخىل سەنئەتلەردىن ماھىرانە پايدىلىنىش ئۇسۇللىرىنى نامايان قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىجادكار بەدىئىي تەپەككۇرىدىكى يۈكسەكلىكنىڭ كۆلىمى، يۈكسەك ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي غايىلەرنى جۇلالاندۇرۇش سەنئىتىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ كەلگەن»②.

شۇڭا، شېئىرىي سەنئەتلەرنى قوللىنىشتا مۇئەييەن تەلەپ ۋە شەرتلەرگە ئەمەل قىلغان ھالدا قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ تەلەپ ۋە شەرتلەر ھەممىشە ئىجادكارلارنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرۇپ كەلگەن. بۇ تەلەپ ۋە شەرتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى شېئىرىي سەنئەتلەرنىڭ ئەسەر مەزمۇنى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى بولۇپ، بۇ قوللىنىلغان سەنئەت ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنىنى، پىكىرنى تېخىمۇ تولۇق،

① ئەنۋەر ھاجىئەھمىدوف: «مۇقتاز بەدىئىيەت مەلاھەتى» (كىلاسسىك بەدىئىيەت گۈزەللىكى)، تاشكەنت، 1999 ـ يىلى، 4 ـ بەت.
② يۇقىرىدىكى كىتاب 4 ـ بەت.

يارقىن ۋە جانلىق قىلىپ يەتكۈزۈشكە خىزمەت قىلىشى شەرت دېگەنلىكتۇر. بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىجادكارلار تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بەرمەي بولمايدۇ.

شېئىرىي سەنئەتلەرنى قوللىنىشتا ئۆلچەم مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. بۇ شېئىردا ھەددىدىن زىيادە سەنئەت قوللىنىشنى قوغلىشىشمۇ توغرا بولمىغىنىدەك، ئۇلارغا ئېتىبارسىز، پەرۋاسىز قاراپ ئەسەردىكى غايىلەرنى، پىكىرلەرنى بەدىئىي بېزەكلەرسىز ئىپادىلەشمۇ شېئىرنىڭ قىممىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ دېگەنلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۈيۈك سۆز ئۇستىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە شېئىرىي سەنئەتلەرنى ئورنى ۋە ئۆلچىمى بىلەن قوللانغان. ئاتايى، لۇتفىي، ئەلىشىر نەۋائىي، زەھىرىددىن مۇھەممەد بابىر، مەشرەپ، خەراباتىي، ھىرقەتىي، فۇرقەت كەبى كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى بۇنىڭ يارقىن مىسالى بولالايدۇ.

بۇ شائىرلار ھەربىر شېئىرىي سەنئەتنىڭ مۇئەييەن غايىۋى - بەدىئىي پىكىرگە خىزمەت قىلىشى لازىملىقىنى ياخشى تونۇپ يەتكەن. بۈيۈك ئىجادكارلار قوللانغان ھەربىر سەنئەت ئەسەردىكى غايىنى بەدىئىي ئىپادىلەش، لىرىك ۋە ئېپىك ئوبرازلارنى يارقىن گەۋدىلەندۈرۈش، ئەسەرگە جازىبىدارلىق ۋە جۇلا بېغىشلاش، ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

شېئىرىي سەنئەتلەرنىڭ قىممىتى بېيىتتا يارىتىلغان بەدىئىي تەسۋىر، ئوبرازلارنىڭ يېڭىلىقى، تەكرارلانمىغانلىقى بىلەنمۇ بەلگىلىنىدۇ. كىلاسسىك ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزدا بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، ئىلگىرى ئۆتكەن ياكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان باشقا شائىرلار تەسۋىرلىگەن لەۋھەلەر، تىمساللارنى قايتا تەكرارلىماسلىق ئۈچۈن، ئاشۇ ئىجادكارلارنىڭ تەسۋىرلىرى مەخسۇس توپلاملارغا جەملىنىپ بېرىلگەن. دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىينىڭ «تەزكىرەتۇش - شۇئەرا» ناملىق ئەسرىدە يېزىلىش، شائىر بولۇش ئۈچۈن كەم دېگەندە 20 مىڭ بېيىتنى ياد بىلىش، 10 مىڭ بېيىتنى شەرھلەپ، مەنىسىنى يېشىپ بېرەلەيدىغان بولۇش شەرت دەپ ھېسابلانغان. ئەلىشىر نەۋائىيمۇ «مۇھاكىمەتۇل - لۇغەتەين»دە ئۆزىنىڭ 50 مىڭ بېيىتنى ياد بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ مەلۇماتلاردىنمۇ شەرق شېئىرىيىتىدە شائىرلىققا قويۇلغان تەلەپلەرنىڭ قاتتىق بولغانلىقىدىن خەۋەردار بولۇش بىلەن بىللە، بۇنچە بېيىتلارنى ياد بىلىدىغان شائىرلارغا ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە زاماندىش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا قوللىنىلغان بەدىئىي تىمساللار، ئوبرازلارمۇ ئاساسەن ياد بولۇپ كېتىدىغانلىقى، شۇڭا ھەربىر شائىر ئالدىنقىلارنىڭ تىمساللىرىنى قايتىلىماستىن، ئۇنى يېڭىچە تەلقىن قىلىپ، ئۆزىگە خاس نەمۇنە يارىتىشقا ئىنتىلىمىسە، ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى نامايان قىلغىلى بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ماھارەت تەلىپىنىمۇ چۈشىنىپ يېتىمىز.

ئەدەبىياتىمىز تارىخىنى بۇ جەھەتتىن كۆزەتسەك، ھەربىر ئىجادكار ئەنئەنىۋى تەسۋىرلەرنى مۇتلەق يېڭى بەدىئىي تىمسال ۋە لەۋھەلەر ۋاستىسىدە قايتىلانماس بىر تەرزدە تەسۋىرلەش يولىنى تۇتقانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، شەرق شېئىرىيىتىدە مەھبۇبە لېۋىنىڭ شېرىنلىكىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ لاتاپىتى ۋە نازاكىتىنى تەكىتلەش ئەنئەنە بولۇپ كەلگەن. ئەمما، شۇ بەدىئىي ھەقىقەتنى ھەربىر شائىر يېڭىچە ئىپادىلىشى زۆرۈر ئىدى. ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ بىر غەزىلىدە ھۆسنى تەئلىل سەنئىتىگە ئاساسلىنىپ، مەھبۇبە لېۋىنىڭ شېرىنلىكى ھەققىدە ھەيران قالارلىق بەدىئىي تەسۋىر يارىتىدۇ:

يار ئاغىز ئاچماسقا دەردىم سورغەلى تاپتىم سەبەب،
كۆپ چۈچۈگلۈكدىن ياپۇشمىشلار مەگەر ئۇل ئىككى لەب.

بېيتتا مەھبۇبنىڭ لەۋلىرىنىڭ شېرىنلىكىدىن بىر - بىرىگە يېپىشىپ (چاپلىشىپ) قالغانلىقى تۈپەيلى ئۇ گۈزەل ئۆز ئاشىقىنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقا ئېغىز ئاچالمايۋېتىپتۇ دېگەن تەرزدىكى تەسۋىر تامامەن يېڭى بىر تەسۋىر نەمۇنىسىدۇر.

شېئىرىي سەنئەتلەرنى قوللىنىشتا، ئالدى بىلەن ئۇ مەنتىقىي زېمىنغا ئىگە بولۇشى، يەنى قوللىنىلىۋاتقان سەنئەت ھايات مەنتىقىسىگە ماس كېلىشى، ئۇنىڭغا زىت بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. مەسىلەن، شېئىردا قوللىنىلغان تەشبىھ تەسۋىرلىنىۋاتقان ئىككى نەرسە — ئوخشالغۇچى (مۇشەببەھ) ۋە ئوخشىتىلغۇچى (مۇشەببەھۇن بىھ) ئوتتۇرىسىدىكى مەنتىقىي مۇناسىۋەت ئاساسىغا قۇرۇلۇشى كېرەك. مەسىلەن، خارەزمىينىڭ:

قەددىڭ سەرۋۇ سەنەۋبەردەك، بېلىڭ قىل،
ۋەفا قىلغان كىشىلەرگە ۋەفا قىل.

بېيتنى ئالىدىغان بولساق، قەدنىڭ سەرۋۇ سەنەۋبەرگە ئوخشىتىلىشىدا مەنتىقىي ئاساس بار، يەنى يار قەددىنىڭ نازۇكلۇقى، تۈزلۈكى بىلەن سەرۋ ۋە سەنەۋبەر دەرەخلىرىنىڭ تۈپتۈزلۈكى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق ھايات ھەقىقىتىگە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر شائىر مەھبۇب قەددىنى مەجنۇنتالغا ئوخشاتسا، ئۇ ھالدا ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق بولۇشتىن ئىبارەت تەلەپ بۇزۇلغان بولاتتى - دە، شائىرنىڭ تەشبىھىدىن ھېچقانداق ئۈنۈم ھاسىل بولمايتتى. شائىر يارنىڭ بېلىنىڭ ئىنچىكىلىكىنى قىلغا قىياسلىشىمۇ ئەمەلىيەتكە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇشبۇ مۇبالىغىلىق تەسۋىرمۇ بەل ۋە قىل چۈشەنچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەنتىقىي ئوخشاشلىققا ئاساسلانغان.

شېئىرىي سەنئەتلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپلەرنىڭ يەنە بىرى، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن تېمىلارنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە چۈشىنىشلىك بولۇشىدۇر. ئەگەر بۇ تېمىلار ۋە ئوبرازلارنى ئوقۇرمەن چۈشىنەلمىسە، ئۇلار ئۆز ماھىيىتىنى يوقىتىشى مۇقەررەر. مەسىلەن، ئىجادكار ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان شەخس، بۇيۇم، تۇيغۇ ۋە باشقىلارنى بىرەر نەرسىگە سېلىشتۇرماقچى، ئوخشاتماقچى بولسا ئۇ نەرسە چوقۇم ئوقۇرمەنگە تونۇش بولۇشى، ئۇنى ئوقۇۋاتقاندا كۆز ئالدىغا مۇئەييەن بىر تەسۋىر، قىياپەت، مەنزىرە گەۋدىلىنىشى كېرەك. نەۋائىينىڭ:

ئارەزىن ياپقاچ، كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەر لەھزە ياش،
ئۆيلەكىم پەيدا بولۇر يۇلدۇز، نىھان ئولغاچ قۇياش.

بېيتنى ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا يار يۈزىنى يوشۇرغاندىن كېيىن ئاشىقنىڭ كۆزىدىن ياش ئېقىشىدىن ئىبارەت مەنزىرە، قۇياش پاتقاندىن كېيىن يۇلتۇزلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئوخشىتىلغان. بۇ تەسۋىردىكى مەنزىرە ئوقۇرمەن ئۈچۈن ناھايىتىمۇ تونۇشلۇق بولغىنى ئۈچۈن، بېيتتىكى تەسۋىر ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشىپ، كىشىگە زوق بېغىشلايدۇ.

بولۇپمۇ تەلمىھ سەنئىتىنى قوللانغاندا بۇ تەلەپكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، شائىر ئىشارەت قىلىدىغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر، قەھرىمانلار، تارىخىي ۋەقەلەر، ئىشارەت قىلىنىۋاتقان

شەخسلەرنىڭ ناملىرى چوقۇم ئوقۇرمەنلەر ئالمىسىغا ياخشى تونۇش بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، خارەزمىينىڭ:

دۇنيا ساڭا قالۇرمۇ، سۇلەيمانغا قالمىدى،
ئۆلكىم ئاڭا مۇسەخخەر ئىدى دېۋۇ ھەم پەرى؟

بېيىتنى ئالىدىغان بولساق، سۇلايمان پەيغەمبەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشلۇق. شۇڭا، بېيىتتا ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنىنى ئوقۇرمەن تېزلا چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ.

شېئىرىي سەنئەتلەرنى قوللىنىشتىكى تەلەپلەردىن يەنە بىرى، شېئىرىي سەنئەتلەرنىڭ گۈزەللىك قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشىدۇر. بۇ بەدىئىي تەسۋىر، لەۋھە، تىمساللار ئوقۇرمەندە گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلار، تەسەۋۋۇرلارنى ئويغىتىشى كېرەك دېگەنلىكتۇر.

كىلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىمىزگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىجادكارلار قوللانغان ھەربىر شېئىرىي سەنئەت جانلىق، ھاياتىي مەنزىرىلەر ۋاستىسىدە ئىجابىي خىسلەتلەرنى كامال تاپتۇرۇشقا خىزمەت قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ سەنئەتلەردىن بەدىئىي سۆزنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىنى، تىلىمىزنىڭ تەڭداشسىز بايلىقىنى ۋە گۈزەللىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

## بەدىئىي سەنئەتلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدە

بەدىئىي سەنئەتلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن «مەنىۋىي سەنئەتلەر» ۋە «لەفزىي سەنئەتلەر» دەپ ئىككىگە ئايرىش ئەنئەنە بولۇپ قالغان. ئەمما، بەدىئىي سەنئەتلەرگە ئائىت نەزەرىيەۋى ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىدە بۇنىڭدىن قىسمەن پەرقلىنىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت.

شەرق كىلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنىڭ يىرىك ئالىملىرىدىن ئەتائۇللاھ ھۈسەينىي ئۆزىنىڭ «بەدايىئۇس ـ سەنايىئ»(بەدىئىي سەنئەتلەر) ناملىق كىتابىدا، شېئىرىي سەنئەتلەرنى ئۈچ تۈرگە بۆلگەن بولۇپ، يۇقىرىدىكى «مەنىۋىي سەنئەتلەر» ۋە «لەفزىي سەنئەتلەر»دىن باشقا بۇ ئىككى تۈرنىڭ ھەر ئىككىسىگە تەۋە بولىدىغان بىر قىسىم سەنئەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۇلارنى «مۇشتەرەك سەنئەتلەر» (ئورتاق سەنئەتلەر) دەپ ئاتايدۇ①. كېيىنكى ئالىملار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن كىلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ئائىت بەزى لۇغەت ۋە تەتقىقات كىتابلىرىدىمۇ مۇشۇ خىل بۆلۈش ئەنئەنىسى داۋام قىلغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن②.

تۈرك ئالىمى، پىروفېسسور، دوكتور ئەلى نىھاد تارلان ئەپەندى بولسا ئەدەبىي سەنئەتلەرنى «ھاياجاد-غا باغلىق سەنئەتلەر» ۋە «پىكىرگە باغلىق سەنئەتلەر» دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەجاز سەنئەتلىرى، مەنە سەنئەتلىرى، سۆز سەنئەتلىرى دەپ بۆلۈش ئەھۋاللىرىمۇ ئۇچرايدۇ②.

بۇ خىل بۆلۈشلەردە تۈرلەرنىڭ ناملىرىدا قىسمەن پەرقلەر كۆزگە چېلىقسىمۇ، لېكىن شۇ تۈرلەرگە

① ئەتائۇللاھ ھۈسەينىي: «بەدايىئۇس ـ سەنايىئ» (پارسچىدىن ئەلبېك رۇستەموف تەرجىمىسى)، تاشكەنت، 1881 ـ يىلى. 34 ـ، 225 ـ بەتلەر؛ ياقۇپجان ئىسھاقوف: «سۆز سەنئىتى سۆزلۈكى»، تاشكەنت، 2006 ـ يىلى، 14 ـ بەت.
② يۇقىرىدىكى كىتاب 15 ـ، 16 ـ بەتلەر.

كىرگۈزگەن ئەدەبىي سەنئەتلەرنى كۆرۈپ چىقىدىغان بولساق، يەنىلا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن «مەنىۋى سەنئەتلەر» ۋە «لەفزىي سەنئەتلەر» دېگەن ئىككى چوڭ تۈرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا، بىزمۇ ئەنئەنىۋى بولۇش بويىچە ئەدەبىي سەنئەتلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن «مەنىۋى سەنئەتلەر» ۋە «لەفزىي سەنئەتلەر»دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

مەنىۋى سەنئەتلەر — نۇتۇقنىڭ مەنىسى، ماھىيىتى بىلەن ئالاقىدار بولغان بەدىئىي سەنئەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەسەردىكى غايىلەرنى يارقىن ئىپادىلەش، لىرىك ۋە ئېپىك تىمساللارنى جانلىقراق گەۋدىلەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ مەنىۋى قىياپەتلىرى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى تەسىرلىكرەك ئەكس ئەتتۈرۈشكە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ تۈردىكى سەنئەتلەر شېئىرىيەتتە يۈكسەك بەدىئىيلىكنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. مەنىۋى سەنئەتلەردىن مۇبالىغە، تەشبىھ، ئىستىئارە، كىنايە، رۇجۇ، تەمسىل، تەشخىس، ئىنتاق، تەلمىھ، تەزمىن، ئىقتىباس، سوئال ۋە جاۋاب، تەنسىقەس - سىفات، مۇئەمما قاتارلىق كۆپلىگەن سەنئەتلەر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ناھايىتىمۇ كەڭ قوللىنىلغان.

لەفزىي سەنئەتلەر — نۇتۇقنىڭ ئىپادە ئۇسۇلى بىلەن ئالاقىدار بەدىئىي سەنئەتلەر بولۇپ، ئەسەرنىڭ تىل جەھەتتىكى جازىبىدارلىقىنى، ئاھاڭدارلىقىنى تەمىنلەشكە ياردەم بېرىدۇ. لېكىن، ئەتائۇللاھ ھۇسەينىي تەكىتلىگىنىدەك، «لەفزىي گۈزەللىكلەرنىڭ ئاساسىي شۇكى، ئەلفاز (سۆز) مەنىگە بويسۇندۇرۇلىدۇ. ئومۇمەن، بارچە گۈزەللىكلەرنىڭ ئاساسى شۇكى، نۇتۇق شۇنداق يوسۇندا بايان قىلىنىدۇكى، مەنىنى چۈشىنىشكە، ئۇنىڭ لاتاپىتى، تەركىبى ۋە يېتۈكلۈكىنى چۈشىنىشكە ھېچ تەسىر يەتمەيدۇ»①.

دېمەك، لەفزىي سەنئەتلەر پەقەت نۇتۇقنىڭ (خۇسۇسەن بەدىئىي نۇتۇقنىڭ، بولۇپمۇ شېئىرىيەتنىڭ) بېزىكى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇئەييەن پىكىر، مەقسەتنىڭ يېتۈك بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلىنىشى ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىدىغان مۇھىم ۋاستىدۇر.

لەفزىي سەنئەتلەردىن تەجنىس، تەكرىر، مۇكەررەر، كىتابەت، تەلمىئى، نىدا، ئىيھام، تەناسۇب، ئىشتىقاق، تەزاد، تەئدىل، تەردۇ ئەكس، تەفرىق، تەلمىھ، تەرىخ، رەددى مەتلەئى كەبى بىر قاتار سەنئەتلەر كىلاسسىكلىرىمىز ئىجادىدا كۆپ قوللىنىلغان.

بۇلاردىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم ھەم سۆزگە، ھەم مەنىگە ئالاقىدار سەنئەتلەر بار بولۇپ، ئەتائۇللاھ ھۇسەينىي بۇ خىلدىكى سەنئەتلەرنى مۇشتەرەك سەنئەتلەر دەپ ئاتىغان. ئالىمنىڭ كىتابىدا كۆرسىتىلگەن بۇ تۈرگە تېگىشلىك سەنئەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: مۇتابەقە، ھەقىقىي تەقابۇل، تەدبىخ، مۇقابەلە، مۇراتۇ - نەزىر، تەفۋىف، تەئدىل، تەنسىقۇس - سىفات، ئىرساد، مۇزاۋەجە، ئىتتىراد، ئىقتىباس، ئەقد، ھەلل، تەزمىن، ھۇسنى ئىبتىدا، بەرائەتى ئىستىھال، ھۇسنى تەخەللۇس، ھۇسنى مەتلەئى، ھۇسنى مەقتەئى.

بىز نامىلىرىنى ئاتاپ ئۆتكەن مەنىۋى ۋە لەفزىي سەنئەتلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى، ئۆزىگە خاس ئىمكانىيەت دائىرىسى بار بولۇپ، بۇ ئەدەبىي سەنئەتلەر پەقەت ئىجادكارلارنىڭ تەپەككۇر قۇۋۋىتى، ئانا تىلىنىڭ بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش ماھارىتى ۋە بەدىئىي سالاھىيىتىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، يەنە شائىرلىرىمىزنىڭ شەخسىيىتى، روھىي دۇنياسىغا

① ئەتائۇللاھ ھۇسەينىي: «بەدايىئۇس - سەنايىئ»، تاشكەنت، 1981 - يىل، 35 - بەت.

كىرىشىنىڭ ئاچقۇچى بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ.

چۈنكى، ھەربىر شائىرنىڭ ئىجادىيەتتە قايسى ئەدەبىي سەنئەتلەرگە مايىللىقى، قانداق تەشبىھ ۋە تىمساللاردىن پايدىلىنىشى قاتارلىقلار ئەمەلىيەتتە شۇ شائىرنىڭ تەبىئىتى، خاراكتېرى، روھىي دۇنياسى، پسىخىك ھالەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئىجادكارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئەدەبىي سەنئەتلەرنى تەتقىق قىلىش، بىزگە ئۇنىڭ بەدىئىي ماھارىتى، سەنئەتتە يەتكەن پەللىسىنى يورۇتۇش ئىمكانىيىتى يارىتىپلا قالماستىن، يەنە سەنئەتكارنىڭ شەخسىيىتى، خاراكتېرى، پسىخولوگىيەسى، تەپەككۇر دۇنياسىنى يورۇتۇش مۇمكىنچىلىكىنىمۇ بېرىدۇ. بالاغەت ئىلمى تەتقىقاتچىسى تۈرك ئالىمى پىروفېسسور، دوكتۇر يەكتا سەراچ ئۆزىنىڭ «كىلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيەسى — بالاغەت» ناملىق كىتابىدا ھەقلىق ھالدا «ئەدەبىي سەنئەتلەرنىڭ ئىپادە شەكىللىرى ۋە خاسلىقلىرىنىڭ كۆپى قاراشنى ۋە كۆرۈشنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، سەنئەتكارنىڭ شەخسىيىتىگە ئېچىلغان پەنجىرىلەردۇر» دەپ يازغاندى.

بۇ ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان باشقا ئالىملارمۇ بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ، «سەنئەتكارنىڭ روھىي دۇنياسىنى بىزنىڭ ئالدىمىزدا نامايان قىلىدىغان بىر يول — ئەدەبىي سەنئەتلەرنى يېڭى بىر نۇقتىئىنەزەردىن قولغا ئېلىپ تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر» دەيدۇ. پىروفېسسور ئەلى نىھاد تارلان بولسا ئۆزىنىڭ «ئەدەبىي سەنئەتلەر» ناملىق كىتابىدا «ھەربىر ئەدەبىي سەنئەت دۇنياغا كېلىش نۇقتىئىنەزەردىن بىر روھىي ئېھتىياجنىڭ ئىپادىسىدۇر» دەيدۇ. ئالىم ھەتتا ئەسەرلەردىكى بەدىئىي سەنئەتلەرنى تەھلىل قىلىشتا «پسىخىك ئانالىزدىن پايدىلىنىش» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، «بۇ ئارقىلىق سەنئەتكارنىڭ روھىي دۇنياسىغا كىرگىلى بولىدۇ، ئەسەر پۈتۈن سىرلىرى بىلەن نامايان بولىدۇ» دەپ قارىغان.

بىزنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزدا كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەزەرىيە قاتلىمى، بولۇپمۇ ئەدەبىي سەنئەتلەر تېخى تەتقىق قىلىنمىغان بوش ساھە. بىز كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تاشقى ئامىللىرىنى كۆپرەك تەتقىق قىلدۇق، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ـ نەزەرىيەلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلمىدۇق. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئۆزگىچە خاسلىقى، بەدىئىي ماھارىتىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يورۇتۇپ، ياش ئەۋلادلارغا ئۇنىڭ جازىبىسىنى، گۈزەللىكىنى تولۇق يەتكۈزۈپ، چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگىنىمىز يوق.

مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، بەدىئىيەت ئىلمىنى تەتقىق قىلماي تۇرۇپ كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈزەللىك ئالىمىگە كىرەلمەيمىز. شۇڭا، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتە ئۆگەنگەنلىرىم ۋە ئوقۇغانلىرىم ئاساسىدا بولسىمۇ، ئەدەبىي سەنئەتلەر ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدە ئۇچۇر بېرىشنى لايىق كۆردۈم.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

# ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئاناتولىيەدىكى تەسىرى

يۇسۇپجان ياسىن

15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خۇراساندا ئەدەبىي ئىجادىيەت، سىياسىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي مەشھۇر شائىر، سەنئەتكار، ئالىم، مۇتەپەككۇر ۋە دۆلەت ئەربابى سۈپىتىدە خەلقىمىزنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەپەككۇر ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر ياراتقانىدى. فىرانسۇز شەرقشۇناسى جون پائۇل روكس بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن مەدەنىي هاياتتىن سۆز ئاچقاندا، نەۋائىينىڭ تارىخىي تۆھپىسىگە يۇقىرى باها بەرگەن ۋە «قائىدىلىك ۋە نازۇك روھلۇق ھۆكۈمدار ھۈسەيىن بايقارا چاغاتاي تۈركچىسىدە مۇھىم ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى ياراتقان شائىر ۋەزىرى مىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ياردىمى بىلەن ھىراتنى شەرقنىڭ فىلورىنسىيەسىگە ئايلاندۇردى. بۇ پەۋقۇلئاددە بىر دەۋر ئىدى»[1] دەپ خاراكتېرلەندۈرگەن.

نەۋائىي شېئىر، دىن ـ تەسەۋۋۇپ، ئەخلاق، تارىخ، تەزكىرە ۋە ھۆججەتشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەردە 30 پارچىغا يېقىن ئەسەر يازغان ۋە تۈركىي تىلدىكى نۇرغۇن ئەدەبىي تۈرنىڭ باشلامچىسى بولغان، يەنى تۈركىي تىلدىكى تۇنجى «خەمسە»نى ئۇ يازغان تۈركچە تۇنجى شائىرلار تەزكىرىسى ئۇ تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان؛ ئارۇز بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۇنجى نەزەرىيەۋى ئەسەرنى ئۇ ياراتقان؛ دىۋانغا ئىسىم قويۇش ئەنئەنىسى ۋە بۇ خىل ئەسەرنى دىباچە بىلەن باشلاش ئۇسۇلى تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە كۆرۈلگەن. نەۋائىينىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە تۈرك ــ ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيە تارىخىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئىنسانىي مەركەز قىلىشتىن ئىبارەت باش تېما ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇپ تۇرلۇك نۇقتىدىن تەھلىل قىلىنغان. نەۋائىي كاتتا ۋە مەزمۇنغا باي بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى بىلەن بىر تەرەپتىن كىلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە چىقارغان، يەنە بىر تەرەپتىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۈكسەك بىر ئەدەبىي تىل ئىكەنلىكىنى گۈزەل ئۆرنەكلەر بىلەن ئىسپاتلىغان. دېمەك، نەۋائىي ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ئىپادە قىلغان پىكرىي ۋە بەدىئىي ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋەكىلىگە ئايلانغان. نەۋائىينىڭ دەۋردىشى ھۈسەيىن بايقارا ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ: «قابىلىيەتنىڭ يۇلتۇزىنى ئەڭ ئىپتىدائىي دەرىجىدىن ئەڭ يۈكسەك چوققىغا قەدەر كۆتۈرگەن ۋە خورلۇق تۇپرىقىدىن پەلەكنىڭ چېكىگە قەدەر يەتكۈزگەن»[2] دەپ تەرىپلىسە؛ بابۇر شاھمۇ: «ئەلىشىر بەگ تەڭدىشى يوق ئادەم ئىدى. تۈركىي تىلدا شۇنداق شېئىرلارنى يېزىپتۇكى، ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك كۆپ ھەم ياخشى يازغان ئەمەس»[3] دەپ خاراكتېرلەندۈرگەن. نەۋائىينىڭ شۆھرىتى ۋە ئەسەرلىرى ئاشۇ دەۋردىلا ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھالقىپ، ئىران، ئىراق، ھىندىستان، كاۋكاز، ئىدىل بويلىرى، قىرىم، ئاناتولىيە (ئانادولۇ) ۋە

رۇمەلىگە قەدەر تارقالغان. مەشھۇر شەرقشۇناس ۋ.ۋ. بارتولد بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئەلشىر نەۋائىي ئۆزىدىن بۇرۇن ياشىغان شائىرلارنىڭ ھەممىسىدىن ھالقىپ كەتتى. ئۇ پارسچىمۇ يازدى. لېكىن، ھەقىقىي تۈرك شائىرى سۈپىتىدە شۆھرەت قازاندى. ئەسەرلىرى توبول شەھىرىدىن ئىستانبۇلغا قەدەر بولغان رايونلاردا پۈتۈن تۈركلەر ئۈچۈن كىلاسسىك ئەدەبىياتقا ئايلاندى»④ دەپ كۆرسەتكەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، نەۋائىي تۈركىي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى بىر مەدەنىيەت جۇغلانمىسى سۈپىتىدە ئەڭ ئىنچىكە بىر سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزگەن ۋە بۈگۈنكى كۈندە چاغاتاي تىلى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىۋاتقان ئەدەبىي تىلغا ئۆزىنىڭ نامىنى بېرىپ، ئۇنى «نەۋائىي تىلى»، «نەۋائىي تەرزى» دەپ تەرىپلىنىدىغان بىر تىلغا ئايلاندۇرغان بۈيۈك بىر سەنئەتكار ئىدى. نەۋائىي بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەنمۇ دۇنيادا يېگانە بىر شەخستۇر. بۇنىڭدىن سىرت، دۇنيادا ھېچقانداق بىر تىل بىر شائىرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئەمەس.

نەۋائىينىڭ ھايات چېغىدىلا ئىجادىيىتىنىڭ تېمۇرىيلار چېگراسىدىن ھالقىپ شۇنچە كەڭ جۇغراپىيەلىك دائىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ۋە ئەدەبىي كامالىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا تېررىتورىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيادىن غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپاغا قەدەر كېڭەيگەن تېمۇرىيلارنىڭ شۇ مەزگىلدە قوشنا مەملىكەتلەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرىمۇ نەۋائىي تەسىرىنىڭ كېڭىيىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

15 ـ ئەسىردە تېمۇرىيلار بىلەن ئوسمانلىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈچىيىپ، ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ـ پەن ئالاقىسى قويۇقلاشقان. بۇ چاغدا ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىدىن قازىزادە رۇمىي، فەنارىي ئەلى قاتارلىق بىرمۇنچە ئىلىم ئەگىلىرى ھىرات، بۇخارا ۋە سەمەرقەندكە كېلىپ ئۆگىنىش، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. ئوسمانلى شائىرلىرىدىن شەيخى، ئابدۇللاھ ئىلاھى، مەلىھى، كاستامونۇلۇ جامىي، ئۇمۇر رۇشەنىي، بۇرسالى قەندىي، بەھىشتىي سىنان، جەمىلىي ۋە كاتىبىي قاتارلىقلارمۇ تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىنى زىيارەت قىلىپ، بۇ يەردە مەيدانغا كەلگەن ئىلمىي ۋە ئەدەبىي تەرەققىيات بىلەن يېقىندىن ئۇچراشقان. بۇلار تېمۇرىيلارنىڭ ئەدەبىيات مەھسۇللىرىنى ئوسمانلى تۈركلىرىگە تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم ۋاستە بولغان. ئوسمانلى سۇلتانلىرىدىن مۇرات Ⅱ (1421 ــ 1451)، فاتىھ سۇلتان مەھمەت Ⅱ (1451 ــ 1481)، بايەزىد Ⅱ (1481 ـ 1512)، ياۋۇز سۇلتان سەلىم (1512 ــ 1520) ۋە قانۇنى سۇلتان سۇلەيمان (1520 ــ 1566) قاتارلىقلار ئىلىم ـ پەن ۋە سەنئەتنىڭ ھامىيسى بولۇپ، بۇ سۇلتانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يۈرگۈزگەن بەزى قارار ۋە تەدبىرلىرى، ھەتتا ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى سىرتىدىكى ئىلىم ئەگىلىرى ۋە ئەدىب ـ شائىرلارنىمۇ جەلپ قىلغان. نەتىجىدە تېمۇرىيلار مۇھىتىدا يېتىشكەن بىر قىسىم ئالىم ۋە شائىرلار ئاناتولىيە ۋە ئىستانبۇلغا بېرىپ، ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. بۇلاردىن ئەلى قۇشچى ۋە فەتھۇللاھ شىرۋانى قاتارلىقلار ئوسمانلىلارنىڭ ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە ئىلمىگە كۆپ ھەسسە قوشقان. تۈركىيە ئالىمى جەمال كۇرنازنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 15 ـ ئەسىردىن باشلاپ تاكى 19 ـ ئەسىرگە قەدەر خۇراسان، ئىران، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىكى سەمەرقەند، بۇخارا ۋە قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردىن ئالىم، شائىر ۋە باشقا سەنئەت ئەرباپلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 88 كىشى ئوسمانلى تەۋەسىگە بېرىپ، ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئابدۇللاھ نىدائى دېگەن شائىرنىڭ قەشقەرلىك كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم⑤. بۇ شائىرلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار ناھايىتى چەكلىك ھەم ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئەسەرلىرى

كۆنىمىزگە قەدەر يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، 15 ـ ئەسىردىن كېيىن شائىرلار ئۈچۈن بىر خىل ئەدەبىي ئەنئەنىگە ئايلانغان نەۋائىينى ئۈرنەك قىلىشتەك ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، بۇ شائىرلارنىڭ ئوسمانلىلاردا نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ كۆچۈرۈپ تارقىتىلىشىدا ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئۆزلىرىمۇ شائىر بولۇپ، شېئىر توپلاملىرىنى مىراس قالدۇرغان فاتىھ ۋە بايەزىد II قاتارلىق سۇلتانلار ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئوسمانلى تەۋەسىدە ئورتاق تىل ۋە ئورتاق بىر ئەدەبىي ئەنئەنە يارىتىشقا تىرىشقان. تېمۇرىيلار ئىمپېرىيەسىدە دۆلەت يېزىقى سۈپىتىدە قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 15 ـ ئەسىردە ئوسمانلىلار سارىيىدىمۇ ھىمايە قىلىنىشى ۋە سارايدا ئوتتۇرا ئاسىياغا ئالاقىدار بىر دىۋاننىڭ تەسىس قىلىنىشى مۇشۇنداق بىر ئارزۇ نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن. بايەزىد II گە ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن يېزىلغان بىر رىسالە ھازىر ئىستانبۇل مىللەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ساراي تەشكىلاتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرى بىلەن رەسمىي خەت ـ ئالاقە قىلىشقا مەخسۇس مەسئۇل كاتىپلار بار ئىدى. «باخشى» ئۇنۋانىدا ئاتالغان بۇ مەمۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋە ئىلمىي ۋەزىيىتىنى پىششىق بىلىدىغان ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن كىشىلەردىن تەيىنلەنگەنلىكى مەلۇم. شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىمۇ فاتىھ سۇلتان مەھمەت دەۋرىدە مۇشۇنداق بىر ۋەزىپە بىلەن ئىستانبۇلدا تۇرغانىدى. 1474 ـ يىلى شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى ئۈچۈن فەنارىزادە قازى ئەلى ئىستانبۇلدىن مەكتۇپ ئەۋەتىپ، نەۋائىي تۇغۇلۇشتىن ئىككى يىل بۇرۇن «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ھىراتتا ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسىنى توقاتتىن ئەكەلدۈرگەن. فاتىھ سۇلتان مەھمەتنىڭ ئۆزۈن ھەسەنگە قارشى غەلىبىلىك ھالدا ئاخىرلاشقان ھەربىي يۈرۈشىدىن كېيىن تۈرلۈك مەملىكەتلەرگە ئەۋەتىلگەن زەپەرنامىلەر ئىچىدە ھەرھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىغا ئەۋەتىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ۋە ئەرەب يېزىقلىرى بىلەن 1474 ـ يىلى يېزىلغان يارلىقنىڭمۇ شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغانلىقى مەلۇم. بۇ زات ئاياسوفىيا كۇتۇپخانىسىدا 4757 نومۇرلۇق تىزىملىكتە ساقلىنىۋاتقان، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر ۋە ئەرەب يېزىقلىرىدا يېزىلغان بىر مەجمۇئەنى تۈزۈش ۋە كۆچۈرۈش ئىشىنى 1479 ـ يىلى تاماملىغان⑥.

فاتىھنىڭ ھېچقانداق بىر نەزەرىيەنى ئىلگىرى سۈرمەستىن ئوسمانلى تۈركلىرىگە ئۇيغۇرچىنى تونۇتۇپ، خوراسان ئەدىبلىرى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش شارائىتىنى يارىتىپ، ئەدەبىي تىل بىرلىكىنى تەتبىقلىنىش ساھەسىگە ئېلىپ كىرىشى تۈرك مەدەنىيەت تارىخىدا ئەھمىيەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان نۇقتىدۇر. بايەزىد II نىڭ شېئىرلىرىدا شەرق تەسىرى كۆزگە چېلىقىدىغاندەك، نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئوغۇز شېۋىسىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ كۆرۈلۈشى ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن تىل ۋە ئەدەبىي ئالاقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ⑦. دېمەك، 15 ـ ئەسىردىن ئېتىبارەن تېمۇرىيلار بىلەن ئوسمانلىلار ئوتتۇرىسىدا جانلانغان ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتلەر ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى ئىلىم ـ پەن ۋە ئەدەبىيات ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش دەۋرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. نەۋائىينىڭ ئوسمانلى ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا بارلىققا كەلگەن.

نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى فاتىھ سۇلتان مەھمەت دەۋرىدىلا ئوسمانلى شائىرلىرىغا تونۇلۇشقا باشلىغان. نەۋائىينىڭ ئاناتولىيەدىكى تەسىرىگە دائىر دەسلەپكى مەلۇماتلارنى بىز ئوسمانلىلاردا بارلىققا كەلگەن شائىرلار تەزكىرىلىرى بىلەن دىۋان ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەردىن ئۆگىنىمىز.

شۇنىسى ئېنىقكى، شائىرلار تەزكىرىلىرىدە نەۋائىينىڭ بىئوگرافىيەسى ۋە شېئىرلىرى ھەققىدە تولۇق مەلۇماتلار ئۇچرىمايدۇ. بۇ نەۋائىينىڭ ئاناتولىيەدە ياشىمىغانلىقى ۋە ئوسمانلى تۈركچىسىدىن پەرقلىق بولغان بىر تىل شېۋىسىنى قوللانغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. لېكىن، نەۋائىينىڭ تەزكىرىلەردە ئورۇن ئېلىشى شېئىردىكى ئۇسلۇب مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. چۈنكى، تەزكىرىلەردە بەزى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا كۆرۈلگەن شەكىل ۋە ئۇسلۇبنىڭ مەنبەسىنى ياكى باشلانغۇچىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئېھتىياجى نەۋائىيدىن سۆز ئېچىلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىدى. كىلاسسىك ئوسمانلى شېئىرىدا نەۋائىي ئاناتولىيە تۈرك ئەدەبىياتى مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن شەكىللەنگەن بىر ئەدەبىي ئېقىم (مەكتەپ)نىڭ ۋەكىلىدۇر. ئاناتولىيە شائىرلىرى ئۇنى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى يېتەكچى قىلغان. كىشىلىكىگە ھۆرمەت ھېسسىياتىدا بولغان، نەۋائىينى ئەدەبىي تەرەپلىرى بىلەن شېئىرلىرىغا تېما قىلغان. ئوسمانلىلاردا ئۆز ساھەسىدە ئېقىم تەشكىل قىلغان شائىرلار ئۇنىڭ ئىسمىنى شېئىرلىرىدا ئەسلەشنى بىر خىل ئېھتىياج دەپ قارىغان.

تەزكىرە ئاپتورلىرى ئوسمانلى شائىرلىرى بىلەن نەۋائىي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن سۆز ئاچقاندا، بەزىدە ئۇلارنىڭ نەۋائىي بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشكەنلىكىنى، بەزىدە نەۋائىي بىلەن مەكتۇپلاشقانلىقىنى، بەزىدە نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىغا نەزىرە يازغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

تەزكىرىلەردىن ۋە يېزىلغان نەزىرەلەردىن ئاناتولىيەدە نەۋائىي تەسىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئىككى دەۋر بويىچە چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى دەۋر فاتىھ دەۋرىدۇر. بۇ دەۋردە بەزى دۆلەت خادىملىرى ۋە شائىرلار، يەنى مەھمۇد پاشا، سىنان پاشا، ئەھمەد پاشا ۋە قارامانلى نىزامىي قاتارلىقلار ھىراتتىكى جامىي ۋە نەۋائىي بىلەن يېقىن ئالاقە ئورناتقان ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىغان. بۇ 1465 ـ يىلى تۈنجى دىۋاننى يازغان نەۋائىينىڭ شۆھرىتىنىڭ ئاشۇ يىللاردا ئاناتولىيەگە قەدەر يېتىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ ئىككىنچى دەۋر بولسا بايەزىد II دەۋرىدۇر. بۇ دەۋردە نەۋائىي تەرىپىدىن بايەزىد II گە ئالاھىدە ھاۋالە بىلەن ئەۋەتىلگەن ئوتتۇز ئۈچ پارچە غەزەلگە ئەھمەد پاشا نەزىرە يېزىشقا بۇيرۇلغان. ئەھمەد پاشا نەۋائىينىڭ «ئاي ئاڭ» ۋە «ئان بىرلە بەھس» رادىفلىق غەزەللىرىنىڭ ھەربىرىگە قىرىق پارچىغا يېقىن نەزىرە يازغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ غەزەللەر ئوسمانلىلار تۇپرىقىدا مەشھۇر شېئىرغا ئايلانغان ۋە نەۋائىينىڭ ئەسلىي تەسىرىمۇ بۇ دەۋردە ھېس قىلىنىشقا باشلىغان. ھەتتا بۇ مەزگىلدە شائىرلار نەۋائىينىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىمۇ يېقىندىن ئۆگەنگەن.

تەزكىرىلەردىكى ئەڭ دىققەتنى تارتقان ۋە كېيىنكى كۈندە تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا كۈچلۈك مۇنازىرە قوزغىغان بىر نۇقتا نەۋائىي بىلەن ئەھمەد پاشانىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىدۇر. ئەھمەد پاشا فاتىھ سۇلتان مەھمەت دەۋرىدىكى ئەڭ مەشھۇر شائىر ئىدى. ئوسمانلىلارنىڭ شۇ دەۋردىكى يەنە بىر بۈيۈك شائىرى نەجاتىيدىن باشلاپ شائىر ۋە تەنقىدچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنى «ئۇستاز» دەپ بىلگەن. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەھمەت پاشانىڭ شېئىرلىرى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئوردىسىدا ئوقۇلغان، جامىي ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى يۇقىرى باھالىغان. لېكىن، تەزكىرىلەردىكى بەزى بايانلار كېيىنكى كۈندە كۈچلۈك مۇنازىرىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغىمۇ سەۋەب بولغان. يۇقىرىدىمۇ بايان قىلىنغىنىدەك، ئاشىق چەلەبى تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنغان «نەۋائىي تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئوتتۇز ئۈچ پارچە غەزەل بايەزىد II نىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆرنەك قىلىپ يېزىش ئۈچۈن ئەھمەد پاشاغا بېرىلگەن» دېگەن مەلۇمات كىنالىزادە يازغان تەزكىرىدە تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ، «ئەھمەد پاشانىڭ كۈچلۈك شېئىرلانى يېزىش خىسلىتى نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن باشلانغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ مەلۇماتقا ئاساسەن

1840 ـ يىلىدىن باشلاپ نورغۇن تۈرك ئالىملىرى ئەھمەد پاشانىڭ ئەدەبىي سالاھىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە نەۋائىينىڭ كۈچلۈك تەسىرى بولغان دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ قاراشنى ھىمايە قىلىدىغانلار يەنىلا كۆپ. لېكىن م. فۇئاد كۆپرۈلۈ بۇ خىل قاراشنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى فاتىھ دەۋرىدىلا تۈركىيەدە شۆھرەت قازانغان ۋە ئەھمەد پاشامۇ ئۇنىڭغا نەزىرەلەر يازغان. لېكىن ئەھمەد پاشانىڭ ئەدەبىي سالاھىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە نەۋائىينىڭ ھېچقانداق بىر تەسىرى بولمىغان ۋە بولالمايتتى. نەۋائىينىڭ شۆھرىتى تۈركىيەدە يېيىلغان چاغدا ئەھمەد پاشامۇ مەملىكەتنىڭ بۈيۈك شائىرى سۈپىتىدە تونۇلۇپ بولغان»⑧. فۇئاد كۆپرۈلۈنىڭ قارىشىچە، نىيازى، شەيخى، ئاتايى ۋە مەلىھى قاتارلىق ئۇستاز شائىرلارنىڭ تەسىرىدە يېتىشكەن، شۇنىڭدەك يەنە شېئىرلىرىدا ساۋەجى، كەمال خوجەندىي، كاتىبىي، ھاپىز ۋە جامىي تەسىرلىرىمۇ كۆرۈلگەن ئەھمەد پاشا ئوسمانلى شائىرلىرى ئىچىدە نەۋائىي شېئىرلىرى بىلەن ئەڭ دەسلەپ ئۇچراشقان ۋە نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىغا تۇنجى بولۇپ نەزىرە يېزىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ ئوسمانلىلاردا يېيىلىشىغا يول ئاچقان كىشى ئىدى.

تەزكىرىلەردە نەۋائىي بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدىغان شائىرلامۇ بار. مەسىلەن، بەسىرىي، قەندىي ۋە بىھىشتىي قاتارلىقلار. بۇلاردىن بەسىرىنىڭ نەۋائىي شېئىرلىرىنى ئاناتولىيەگە تۇنجى قېتىم ئېلىپ بارغان كىشى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. نەۋائىينىڭ ئاناتولىيەدىكى بەزى شائىرلار ۋە دۆلەت خادىملىرى بىلەن مەكتۇپلاشقانلىقىمۇ مەلۇم. مەنبەلەرگە قارىغاندا، نەۋائىي بىلەن مەكتۇپلاشقانلاردىن بىرى باش ۋەزىر ھەم شائىر مەھمۇد پاشا(ئەدنىي) ئىدى. ئۇنىڭ ئەھمەد پاشا، خەيالىي، رەھمىي ۋە باقىي قاتارلىق شائىرلارنىڭ شۆھرىتى ئارقىلىق خوراسان تەۋەسىدە يېقىندىن تونۇلغانلىقى ۋە ئەسەرلىرىنىڭمۇ بۇ تەرەپلەردە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ.

فاتىھ ۋە بايەزىد II دەۋرلىرىدە ئىستانبۇل سارىيى (ئوسمانلى ئوردىسى) ھېرات سارىيى بىلەن، ئۇزۇن ھەسەن ئۆلۈشىدىن كېيىن ئاق قويۇنلۇ سارىيى بىلەن ناھايىتى دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغان. ئىسلام شەرقى بولۇپمۇ تۈرك ئەللىرى بىلەن، ھەتتا ھىندى سارىيى بىلەن ئاناتولىيە ئوتتۇرىسىدا پىكرىي ۋە ئەدەبىي ئالاقىلەر داۋام قىلغان. بۇ ئىككى ھۆكۈمدار باشقا مەملىكەتلەردىكى مەشھۇر ئالىم ۋە شائىرلارنى ئۆز سارىيىغا ئېلىپ كېلىشكە مۇمكىن بولمىسا، ئۇلارغا ھەدىيە ۋە جائىزە ئەۋەتىش، مەكتۇپلىشىش ئارقىلىق تۈرك ۋە ئىسلام ئەللىرى ئىچىدە مەنىۋى نوپۇزىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشقان. بايەزىد II مۇ دادىسىغا ئوخشاش مەشھۇر شائىر جامىي بىلەن مەكتۇپلىشىپ تۇرغان ۋە ئۇنىڭغا ھەر يىلى مىڭ دىنار ئەۋەتكەن. نەۋائىينىڭ شۆھرىتىمۇ 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، يەنى بايەزىد II دەۋرىدە پۈتۈن تۈركىيەگە تارالغان. ئەسەرلىرى سارايدا ۋە ئەدەبىي سورۇنلاردا كۈچلۈك ئالقىشقا ئېرىشكەن. نەۋائىي «دىۋان»ىدىمۇ ئوسمانلى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۆزىگە ھەدىيە ئەۋەتكەنلىكىدىن سۆز ئېچىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ نەۋائىيغا نەزىرە يېزىش ئوسمانلى شېئىرىيىتىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك سۈپىتىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

16 ـ ئەسىردە ئوسمانلىلاردا دىۋان ئەدەبىياتى گۈللەنگەن. بۇ ئەسىردىكى ئوسمانلى ئەدەبىياتىدا جامىي بىلەن نەۋائىينىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئىران ئەدەبىياتى يېتىشتۈرگەن بۈيۈك كىلاسسىكلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى بولغان جامىينىڭ بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى بۇ مەزگىلدە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان، بولۇپمۇ مەسنەۋىلىرى ئوسمانلى مەسنەۋىلىرىگە ئۈلگە بولغان. نەۋائىيغا كەلسەك، چاغاتاي ئەدەبىياتى مۇھىتىغا مەنسۇپ بۇ شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئەدەبىي سورۇنلاردا يۇقىرى

www.uyghurkitap.com



نوپۇزغا ئېرىشىپ، بىرمۇنچە ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنغان ۋە تەقلىد قىلىنغان. نەۋائىيغا بولغان مەپتۇنلۇق كۈچەيگەن. بايەزىد II نىڭ ئاماسيادىكى كۇتۇپخانىسىدا نەۋائىينىڭ «دىۋان»ى قويۇلغىنىدەك، ياۋۇز سۇلتان سەلىم (1512 ــ 1520) نەۋائىينىڭ ئىجادىيىتىگە تولىمۇ ھەيران ئىدى. قانۇنى سۇلتان سۇلايمان (1520 ــ 1566) مۇ نەۋائىينىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچ پارچە كىتابىنى ئۆزىنىڭ كىتابخانىسىغا ئالدۇرغان. نەۋائىينىڭ نوپۇزى ئاستىدا ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا چاغاتايچە نەزىرە يېزىش ئەۋج ئالغان، 16 ـ ئەسىردە ياۋۇز سۇلتان سەلىمدىن باشلاپ ھاپىز، ئەجەم، نىيازىي، سانىي، ئەزمىي، سەلاھىي، كۇرت شۇكرۇ ۋە خەزانىي قاتارلىق بىرمۇنچە شائىر نەۋائىيغا چاغاتايچە نەزىرەلەر يازغان. چاغاتاي شېۋىسىدە نەۋائىيغا نەزىرە يېزىش تۈركىيىدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا تېخىمۇ كۈچىيىپ مودىغا ئايلانغان. بۇ مودا تەنزىماتقا قەدەر (1840 ـ يىلى) كۈچلۈك تۈردە داۋام قىلغان⑨. ئاناتولىيىدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا «خەمسە» يازغان بارلىق شائىرلار نەۋائىينىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشنى ئۇنۇتمىغان. مەسنەۋىچىلەرمۇ ئۇنىڭ مەسنەۋىلىرىدىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن، ئەسەرلىرىنىڭ مۇقەددىمىلىرىدە نەۋائىينىڭ نامىنى ھۆرمەت ۋە سۆيگۈ بىلەن تىلغا ئالغان. دۇكاكىنزادە يەھيابەي «گۇلشەنى ئەنۋار» دېگەن مەسنەۋىسىدە نەۋائىينى مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

مىر نەۋائىي گۈلى بىخاردۇر،
«خەمسە»سى بىر نافەئى تاتاردۇر.
سۆزلەرىدۇر ئىشق ئودىنۇن سەرسەرى،
ھەربىرى بەھرى غەزەلۇن گەۋھەرى.
ۋەسفەدەمەم زاتى خىرەد مەندىنى،
ئەينى ئەجەم كۆرمەدى مانەندىنى.
گەرچە سەقىل ئولدى ۋەلي زەر كەبى،
سۆزلەرىنۇن قىيمەتى گەۋھەر كەبى⑩.

باشقا ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش بىلەن بىرلىكتە جامىينىڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغانلىقى ئۈچۈن «جامىئى رۇم» دېگەن لەقەم بىلەن تونۇلغان شائىر لامىئىي «فەرھاتنامە» دېگەن ئەسىرىنى نەۋائىينىڭ مەسنەۋىلىرىدىن پارچىلار تولاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئىران ۋە خوراساندىن تۈركىيىگە كەلگەن شائىرلارمۇ نەۋائىينىڭ شۆھرىتىنى تارقىتىش خۇسۇسىدا تەسىرلىك رول ئوينىغان. بۇلاردىن جەمىلىينىڭ سۇلتان سۇلەيمان ۋە ئىبراھىم پاشانىڭ نامىغا ئاتاپ تۈزگەن چاغاتايچە دىۋانى ئومۇمەن باشتىن ـ ئاخىر نەۋائىيغا يېزىلغان نەزىرە بىلەن تولغان⑪. تەزكىرىلەردە نەۋائىينىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان شائىرلارنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىدىن سۆز ئېچىلىدۇ. بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە بولغان مەزگىللەردە ئوسمانلى مۇھىتىدا يېتىشكەن شائىرلار ئىچىدە 26 نەپەر شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە نەۋائىينىڭ تەسىرى كۆرۈلگەن. دەسلەپ باغدادتا كېيىن ئىستانبۇلدا ياشىغان ئەزەربي شائىر فۇزۇلى نەۋائىينىڭ تەسىرىگە ئەڭ كۈچلۈك ئۇچرىغان شائىر ئىدى. نەۋائىيغا نەزىرە يېزىشتىمۇ فۇزۇلى ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرغان. ئۇنىڭدىن قالسا ئوسمانلى شائىرى مۇھيى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان. مۇھيى نەۋائىيغا ئاتاپ 61 پارچە نەزىرە يازغان⑫. ئوسمانلى ئەدەبىياتىدا نەۋائىيغا

يېزىلغان نەزىرەلەر ئومۇمەن نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىنى تەقلىد قىلىش، نەۋائىي بىلەن بەسلىشىش ۋە نەۋائىينىڭ نامى ۋە ئۇسلۇبىغا شېئىرلىرىدا ھەقلىق باھا ۋە ئورۇن بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىل بىلەن يېزىلغان. 18 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر شائىر نەدىمنىڭ نەۋائىينىڭ تىلى ۋە ئۇسلۇبىدا يازغان بىر نەزىرەسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

باروپ كويىنگە يىغلاماق تىلەدىم بىر سەدا تارتوپ،
يۈگۈردى مەن سارى ئول غەمزە تىغى سۈرمە سا تارتىپ.

ئالوپ تىغىغى ئىلگە ساچى زەھرىن سالمىش ئارھايا،
مېنىڭ قەسدىمگە قىلمىش ئۈچ تولۇق جامى سەفا تارتوپ.

ئۆش ئول ئاھۇ كۆزىن قىلماغ ئۈچۈن قىيماچ ئۆزە قىيماچ،
سالار دۇنبالە نەخۋەت سۈرمەسىن ئول پۈرجەفا تارتوپ.

سەرى كويىنگە بارماق ئىختىيارىم بىلەتور سانمان،
گۆنۈلنۈ ئىلتۈرۈپ قۇۋۋەت بىلە زۈلفى دۇتا تارتوپ⑬.

نەۋائىي روھى كىلكىندىن نەدىما كۆر تاپار لەززەت،
تەرەننۇم ئەيلەگەچ نې ياخشىلىغ ئۇن سالوپ نەۋا تارتوپ.

نەۋائىينىڭ «دىۋان»ىدىكى شېئىرلىرى ۋە مەسنەۋىلىرىدىن باشقا تەزكىرە ۋە مۇئەممالىرىمۇ ئاناتولىيە شائىرلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» دېگەن تەزكىرىسى 15 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىنى يورۇتۇشتا مۇھىم مەنبە بولغاندىن سىرت ئاناتولىيە تەزكىرىلىرىگە ئۈرنەك بولۇش رولىنى ئوينىغان. ئوسمانلى ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى شائىرلار تەزكىرىسى شەھىينىڭ 1538 ـ يىلى نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»ىغا تەقلىد قىلىپ يازغان «ھەشت بېھىشت» دېگەن ئەسىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن لاتىفىي، ئاشىق چەلەبىي، بەغدادلى ئەھدىي، ھەسەن چەلەبى ۋە ئەلى تەزكىرىلىرى يېزىلغان⑭. نەۋائىينىڭ تەسىرى ھەققىدە مەشھۇر ئەزەرى ئالىمى، تىلشۇناس ئەھمەت جافەرئوغلۇ مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن ھاياتىنى ئاتىلىق ھالدا تۈرك تىلىغا ۋە تۈرك مەدەنىيىتىگە بېغىشلىغان ئەلىشىر نەۋائىي قىلغان داۋاسىنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئۆلۈمىدىن كېيىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراق جايلاردىن، يەنى ئىراندىن، تۈركىيەدىن، ئەزەربەيجاندىن، سۈرىيەدىن، ھىندىستاندىن ۋە ھىراتتىن توپ ـ توپى بىلەن يېتىشىپ چىققان نەچچە يۈز شاگىرتى ئۇنىڭ قۇرغان ئەدەبىيات مەكتىپىنى ۋە ئەدەبىي چاغاتاي شېۋىسىنى تۈركلۈكنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىغا قەدەر ئېلىپ باردى. ئوسمانلى ئەدەبىياتىنىڭ ئەھمەدى دائىي، قارامانلى نىزامىي، بەھىشتىي، ئەمرىي، دۇكاكىنزادە ئەھمەت، زافىئ، فۇزۇلىي، كاتىبىي تەخەللۇسىدىكى سەيدى ئەلى رەئىس، نەدىمى قەدىم، فەسىھ ئەھمەت دەدە، نەدىم، شەيخ غالىب، مۇۋاققىدزادە م. پېرتىۋ، بەنلىزادە م. ئىززەتبەگ ۋە رەفىئى ئامىدىي قاتارلىق شائىرلىرى چاغاتايچە شېئىرلار يېزىشقا باشلىدى. بۇ شېئىرلار چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ۋە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئوسمانلى ئەدەبىياتىدىكى تەسىرىنىڭ مۇھىم ئۈرنەكلىرىدۇر⑮.» ھەقىقەتەن نەۋائىينىڭ «دىۋان»لىرىدىكى 2600 دىن كۆپرەك غەزىلى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەم

ئاناتولىيەدە كۆپ ئوقۇلغانىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، نەۋائىينىڭ ئەدەبىي تەسىرىگە ياندىشىپ، ئۇنىڭ تىلى — چاغاتاي تىل شېۋىسىمۇ ئەزەربەي، تۈركمەن ۋە ئوسمانلى ئەدەبىياتىدا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسەتكەن ۋە نەۋائىينىڭ ئىزىدىن ماڭغان شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە تەتبىقلانغان. نەتىجىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر تىلى ۋە خاقانىيە تۈركچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن چاغاتاي تىل شېۋىسىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن، نوپۇزى تېخىمۇ ئاشقان. بۇ تەسىر مەسىلىسىنى فۇئاد كۆپرۈلۈ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»گە يازغان «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دېگەن ئەسىرىدە «تامامەن ئاڭلىق ۋە پىلانلىق بىر غەيرەت بىلەن چاغاتايچىنى پارسچىدىن ھېچقانداق بىر شەكىلدە كەينىدە قالمىغان، تېخىمۇ توغرىسى ئوخشاش شەكىلگە ئاساسەن ئىشلەنگەن بىر كلاسسىك شېئىر تىلىغا ۋە بىر مەدەنىيەت تىلىغا ئايلاندۇرغان نەۋائىينىڭ زور تەسىرى ئەسلىي بۇنىڭدىن (15 ـ ئەسىردىن) كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۆزىنى كۆرسەتتى، نەۋائىي دەۋرىدە تۈرك دۇنياسىغا چېچىلغان ساغلام ئۇرۇقلار 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ ھەر تەرەپتە مول ھوسۇللارنى بەردى. نەۋائىينىڭ ئۇتۇق قازانغان ئەڭ چوڭ ئىشى ئەڭ مەشھۇر ئەجەم ئۇستازلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئورۇن ئېلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتقان كەڭ ۋە تەۋرەنمەس شۆھرىتى سايىسىدە چاغاتايچىنى يالغۇز تېمۇرىيلار ۋە چاغاتايلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە قەشقەردىن قازانغا، قىرىمدىن تەبرىزگە ۋە ئىستانبۇلغا قەدەر پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي مۇھىتىدا مەنىۋى ئېتىبارغا ئىگە قىلىشتا كۆرگەنلىكىدۇر»[16] دەپ تەرىپلىگەن.

16 ـ ئەسىردىن باشلاپ ماۋەرائۇننەھر، خوراسان، ھىندىستان (ھۆكۈمدار سارىيىدا)، خارەزم، قازان، قىرىم، ئىراندا ۋە ھەتتا تۈركمەنلەر ئارىسىدا نەۋائىي تىلى، يەنى چاغاتايچە يۈكسەك بىر مەدەنىيەت تىلى دەپ چۈشىنىلگەن ۋە «ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس بىر ئىدىيال ئۆرنەك» دەپ قارالغان، نەۋائىي ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇش ئەدەبىي مەدەنىيەتنىڭ تولۇقلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر دەپ ھېسابلانغان. شۇ ۋەجىدىن نەۋائىي ئەسەرلىرىنى ئاسان ئوقۇش ۋە ياخشى چۈشىنىش مەقسىتىدە بۇ مەزگىلدىن باشلاپ بىر مۇنچە لۇغەتلەر، گىرامماتىكا كىتابلىرى ۋە ئانتولوگىيە ئەسەرلىرى تۈزۈلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادا، ئىراندا، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىدە، ئەزەربەيجاندا ۋە ھىندىستاندا ھازىرغا قەدەر تۈزۈلگەن چاغاتاي شېۋىسىدىكى گىرامماتىكا كىتابلىرى ۋە لۇغەتلەرنىڭ سانى خېلىلا كۆپ. ئالاھىدە دىققەتنى تارتىدىغان بىر نۇقتا شۇكى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى نەۋائىيغا بېغىشلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاناتولىيەدە تۈزۈلگەن چاغاتايچە ـ تۈركچە «ئابۇشقا لۇغىتى»دۇر. ئاپتورى ۋە ئەسلىي نامى نامەلۇم بولغان بۇ لۇغەتنىڭ تۇنجى ماددىسى «قېرى ئايال» ياكى «ياشانغان ئەر» مەنىسىدىكى «ئابۇشقا» دېگەن سۆز بىلەن باشلانغاچقا، ئىلىم ساھەسىدە ئاشۇ نام بىلەن ئاتاش ئومۇملاشقان. ئاساسلىقى نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغان چاغاتايچە سۆزلەرنى ئوسمانلى تۈركچىسى بويىچە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈلگەن بۇ لۇغەتتە يەنە مەۋلانا لۇتفىي، مىر ھەيدەر مەجزۇپ، سۇلتان ئىسكەندەر مىرزا، ھۈسەين بايقارا ۋە بابىر مىرزا قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىنمۇ ئۆرنەك ۋە مىساللار بار. ئىككى مىڭغا يېقىن سۆزلۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە كېيىنكى باشقا بارلىق چاغاتايچە لۇغەتلەرگە مەنبە بولغان بۇ ئەسەر ناھايىتى ئەستايىدىل تۈزۈلگەن بولۇپ، پايدىلىنىشقا تولىمۇ ئەپلىك بىر لۇغەتتۇر. بۇ لۇغەتنى تۈزۈشتە نەۋائىينىڭ 19 پارچە ئەسىرىدىن پايدىلىنىلغانلىقى مەلۇم. ھازىر بۇ لۇغەتنىڭ 1552 ـ يىلىدىن كېيىن كۆچۈرۈلگەن ھەر خىل نۇسخىلىرى ئىستانبۇل، ۋېنا، سانكت پېتېربورگ، لېيدېن ۋە ميۇنخېن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بەزى نۇسخىلىرى نەۋائىينىڭ نامىغا باغلىنىپ «لۇغەتى مەۋلانا نەۋائىي» (لېيدېن ئاكادېمىيەسىدىكى نۇسخا)،

«ئەل ـ لۇغەتۇن ـ نەۋائىيىيە ۋەل ـ ئىستىشبەدۇل ـ چاغاتائىيىيە» (سانكىت پېتېربۇرگ خەلق كۇتۇپخانىسىدىكى نۇسخا)، «لۇغەتى مىر ئەلىشىر نەۋائىي» (لېيدېندىكى يەنە بىر نۇسخا)، «ئەل لۇغەتۇ ئەلا لىسانى نەۋائىي» (سانكىت پېتېربۇرگ تاشقى ئىشلار كۇتۇپخانىسىدىكى نۇسخا) دېگەن نامدا ئاتالغان. بۇنىڭدىن باشقا، سانكىت پېتېربۇرگدا چاغاتايچە ـ پارسچە تۈزۈلگەن «لۇغەتى نەۋائىي» دېگەن بىر لۇغەتمۇ بار. سانكىت پېتېربۇرگ خەلق كىتابخانىسىدىكى نۇسخا 1869 ـ يىلى ۋېلىئامىنوف زېرنوف تەرىپىدىن «چاغاتايچە ـ تۈركچە لۇغەت» دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان. ئارمىن ۋامبېرىي باشقا بىر نۇسخىنى 1862 ـ يىلى بۇداپېشتتا «ئابۇشقا، چاغاتايچە ـ ئوسمانلىچە سۆزلۈك» دېگەن نامدا، سۆزلۈكلەرنىڭ لاتىنچە تەرجىمىسىنىمۇ بىرىش شەكلى بىلەن نەشر قىلغان[17].

ئوسمانلىلاردا نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەسلەپكى تەتقىقاتلار ياۋۇز سۇلتان سەلىم دەۋرىدە باشلانغان. «ئابۇشقا لۇغىتى» نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئاناتولىيەدە بارلىققا كەلگەن تۇنجى ئىلمىي ئەسەردۇر. بۇ دەۋردە يەنە ھاكىم شاھ مۇھەممەد قازۋىنىي «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»نى پارسچىغا تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان، بۇنىڭ تەرجىمىسى قانۇنىي سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدە تاماملانغان. 16 ـ ئەسىردە يېزىلغان شائىرلار تەزكىرىلىرىدە نەۋائىي كۆزگە چېلىقمايدۇ، لېكىن 17 ـ ئەسىردىن ئېتىبارەن نەۋائىينىڭ نامى شائىرلار تەزكىرىلىرىدە كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان II (1618 ــ 1622) نىڭ دىۋان كاتىپلىرىدىن ئەدىرنەلىك مەھمەد بىننى مەھمەدنىڭ «نۇخبەتۇت تەۋارىخ ۋەل ئەخبار» دېگەن ئەسىرىدە، مۇستافا ئەلىنىڭ «مەناقىبى ھۇنەرۋەران»، كاتىپ چەلەبىينىڭ «كەشپۇز ــ زۇنۇن» ۋە «سۇللەمۇل ــ ۋۇسۇل»، مۇستەقىمزادە سۇلەيمان سادەددىنىنىڭ «مەجەللۇتۇن ــ نىساب» ۋە «تۇخفەئى خەتتاتىن» دېگەن ئەسەرلىرىدە، نەۋائىينىڭ «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم» ناملىق ئەسىرىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى بولغان فەنايىنىڭ «تارىخى فەنايى» دېگەن ئەسىرىدە، ئاپتورى نامەلۇم بولغان «گەرىدە تەلىقىيان»دا، سۇلەيمان فەھمىنىڭ «سەفىنەتۇش ــ شۇئەرا» دېگەن تەزكىرىسىدە، لەبىبىنىڭ «جەۋاھىرى ــ مۇلتەقەتە» دېگەن ئەسىرىدە نەۋائىي ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن. نەۋائىي ھەققىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار تەنزىماتتىن كېيىنكى تۈرك ئەدەبىياتىدىمۇ داۋام قىلغان. زىيا پاشا «خەرابات» دېگەن ئەسىرىدە نەۋائىينىڭ ئەسىرىدىن ئۆرنەك ئالغان. ئەھمەد ۋەفىق پاشانىڭ «لەھجەئى ئوسمانىي»، شەيخ سۇلەيمان بۇخارىينىڭ «لۇغەتى چاغاتايى ۋە تۈركى ئوسمانىي»، ئەھمەت رىفاتنىڭ «لۇغەتى تارىخىيە ۋە جۇغرافىيە»، شەمسەتتىن سامىنىڭ «قامۇسۇل ــ ئالەم» ۋە مەھمەد سۈرەيىيانىڭ «سىجىللى ئوسمانىي» قاتارلىق تىل، تارىخ ۋە جۇغراپىيەگە ئائىت ئەسەرلەردە نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە سۆز ئېچىلغان[18]. شۈبھىسىزكى، نەۋائىي ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەر بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. 1923 ـ يىلى ئاناتولىيەدە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان تۈرلۈك ئىلمىي ئورگانلاردا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تىل، تارىخ ۋە ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىدا نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ۋە سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنىش باشلانغان، بۇ مەملىكەتتە «نەۋائىيشۇناسلىق» ئىلمىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سېلىنغان. بۇ ساھەدە نەجىب ئاسىم، ھۈسەيىن كازىم قەدرى، راغىب ھۇلۇسى ئۆزدەم، بەسىم ئاتالاي، فۇئاد كۆپرۈلۈ، تاھىر شاكىر چاغاتاي، ئابدۇلقادىر ئىنان، رەشىد رەھمەتى ئارات، ئالى نىھات تارلان، ئا. زەكىي ۋەلىدى توغان، ھاسان ئەرەن، ئاگاھ سىررى لەۋەند، سەئادەت چاغاتاي، ئەھمەت ئاتەش، ئەھمەت جافەرئوغلۇ، ئىبراھىم كافەسئوغلۇ ۋە كەمال ئەرسلان قاتارلىق ئالىملار چوڭقۇر تەتقىقاتى ۋە يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى بىلەن يول

ئېچىش رولىنى ئوينىغان. بۇنىڭدىن باشقا نىكىتسكىي، بېلىن، بارتولد، سامويلوۋىچ ۋە روماسكېۋىچ قاتارلىق ئالىملارنىڭ نەۋائىي ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنىمۇ تۈرك ئالىملىرى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ، نەۋائىيشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇھىم تەتقىقات مەنبەلىرى بىلەن تەمىنلىگەن. 1941 ـ يىلى نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 500 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش مۇراسىمى تۈركىيەدىكى نەۋائىيشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا ئايلاندى. يەنە نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 525 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1966 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش مۇراسىمىدا نەۋائىينىڭ ھاياتى، ئەسەرلىرى، سەنئىتى ۋە سالاھىيىتىنى تۈركىيە جەمئىيىتىدە ۋە باشقا ئەللەردە ياشايدىغان تۈركىيلەر ئارىسىدا كەڭ تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ بىر تەتقىقات پىلانى قوبۇل قىلىنغان. تەتقىقات قارارى بويىچە تۈركىيە تىل جەمئىيىتى ئاگاھ سىررى لەۋەندكە نەۋائىي ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. ۋەزىپە تېزلا تاماملىنىپ نەۋائىينىڭ كۇللىياتى نەشر قىلىنغان. بۇ كۇللىياتقا كىرگۈزۈلگەن ھەربىر ئەسەر تەتقىقات، مەتىن (ئەسلىي تېكىست)، تەرجىمە ۋە ئىندېكستىن ئىبارەت تۆت چوڭ مەزمۇن بويىچە تەييارلانغان. نەۋائىي ۋاپاتىنىڭ 500 يىللىقى مۇناستى بىلەن 2001 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىستانبۇل بۈيۈك شەھەر بەلەدىيەسى (ۋالىيلىقى)نىڭ باشقۇرۇشىدا يەنە بىر قېتىم نەۋائىينى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس تېمىدىكى تەتقىقاتلىرىنىڭ سىرتىدا، تىل، تارىخ، ئەدەبىيات، ھوقۇق، پەلسەپە، دىن، ئەخلاق، تەزكىرە، سەنئەت ۋە فولكلور پەنلىرى بويىچە دوتسېنتلىق، دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق ۋە باكالاۋرلىق ئىلمىي ئۇنۋانلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە، تۈرلۈك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوقۇلغان ماقالىلەر توپلىمىدا، تەتقىقات مەركەزلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ۋە ھەر خىل جەمئىيەتلەر تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سەھىپىلىرىدە نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تېما قىلغان نەچچە يۈزلىگەن ماقالىلەرنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. نەۋائىينىڭ ھاياتى يازغۇچى، شائىرلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭمۇ ئىجادىيەت تېمىسىغا ئايلانغان. بۈگۈنكى تۈركىيە جەمئىيىتىدە نەۋائىينىڭ نامىنى ۋە ئەدەبىي سالاھىيىتىنى بىلمەيدىغان بىرمۇ ئىنسان يوق دېيىشكە بولىدۇ. بۇ دۆلەتتە نەۋائىي تىلغا ئېلىنىسلا چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداق بىر تۈرك قايسى سالاھىيەتتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھامان «نەۋائىي ئۇيغۇر، تۈركىيلەرىدىن كېلىپ چىققان»، «قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىن تۈركلەردىن چىققان ئەڭ بۈيۈك شائىر ۋە مۇتەپەككۇر»، «چاغاتاي تىلى، نەۋائىي تىلىدۇر»، «چاغاتاي ئەدەبىياتى ـــ نەۋائىي ئەدەبىياتىدۇر»، «كېيىنكى 500 يىلدىكى تۈرك شائىرلىرىنىڭ ئۇستازى» دېگەن ئۇقۇملارنىڭ خالىغان بىرى بىلەن تەرىپلەپ بېرىدۇ.

قىسقىسى، 15 ـ ئەسىردە ھېراتتا يېتىشكەن ئەلشىر نەۋائىي ئاشۇ دەۋردىلا سىبىرىيەدىن بالقانغا قەدەر بولغان رايونلاردىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شائىرغا ئايلانغان. ئۇ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق تۈركىي تىلىنىڭ نوپۇزىنى قوغدىغان. ھازىر ئارىدىن 500 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بۇ چوڭ ۋە ئەھمىيەتلىك ساھەنىڭ ئەڭ بۈيۈك سىيماسى سۈپىتىدە ئارىمىزدا ياشىماقتا. نەۋائىينىڭ ئۆزىمۇ ھەر ۋاقىت ھۆرمەت بىلەن ئەسلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ۋە بۇ ھېسلىرىنى «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين»نىڭ ئاخىرىدا «ئۈمىدىم ئولكىم بۇ فەقىرنى خەير دۇئاسى بىلە ياد قىلغايلار ۋە روھۇمنى ئانىڭ بىلە شاد قىلغايلار» دېگەن قۇرلار ئارقىلىق ئىپادە قىلغان[19].

مەنبەلەر:

① جون پائۇل روكس : «تۈركلەرنىڭ تارىخى»(تىنچ ئوكياندىن ئاق دېڭىزغىچە 2000 ـ يىل)، تۈركچە، 339 ـ بەت، 2007 ـ يىلى، ئىستانبۇل، كابالچە نەشرىياتى.

② ئەھمەت جەفەرئوغلۇ : «تۈرك تىلى تارىخى»، تۈركچە، 2 ـ توم، 215 ـ بەت، 1984 ـ يىلى، ئىستانبۇل، ئەندۇرۇن نەشرىياتى.

③ زەھىرىددىن مۇھەممەد بابىر: «بابىرنامە»، ئۇيغۇرچە، 319 ـ بەت، 1992 ـ يىلى، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى.

④ ۋ. ۋ. بارتولد، م. فۇئاد كۆپرۈلۈ: «ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخى»، تۈركچە، 87 ـ بەت، 2004 ـ يىلى، ئەنقەرە، ئاقچاغ نەشرىياتى.

⑤ جەمال كۇرناز : «تۈركىيە ـ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئالاقىلىرى»، تۈركچە، 188 ـ، 201 ـ، 203 ـ بەتلەر، 1999 ـ يىلى، ئەنقەرە، ئاقچاغ نەشرىياتى.

⑥ رەشىد رەھمەتى ئارات : «قۇتادغۇ بىلىگ»، مەتىن، تۈركچە، 36 ـ،37 ـ بەتلەر، 1979ـ يىلى، ئەنقەرە، تۈرك تىل قۇرۇمى نەشرىياتى.

⑦ ئا.زەكىي ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە، 386 ـ بەت، 1981 ـ يىلى، ئىستانبۇل، ئەندۇرۇن نەشرىياتى.

⑧ م. فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، تۈركچە، 380 ـ بەت، 2004 ـ يىلى، ئەنقەرە، ئاقچاغ نەشرىياتى.

⑨ م. فۇئاد كۆپرۈلۈ، يۇقىرىقى ئەسەر، 387 ـ، 391 ـ بەتلەر.

⑩ مۇستافا ئىسەن : «قارشى تەرەپتىن بىر سادا»، «دىۋان ئەدەبىياتى ۋە بالقاندا تۈرك ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلەر»، تۈركچە، 304 ـ بەت، 1997 ـ يىلى، ئەنقەرە، ئاقچاغ نەشرىياتى.

⑪ م. فۇئاد كۆپرۈلۈ، يۇقىرىقى ئەسەر، 391 ـ بەت .

⑫ مۇستافا ئارسلان : «16 ـ ئەسىردىكى ئاناتولىيە ساھەسىدە نەۋائىينىڭ مۇھىم بىر ئىزچىسى ـــ مۇھيى ۋە ئۇنىڭ نەزىرەلىرى»، «مودېرن تۈركلۈك تەتقىقاتلىرى ژۇرنىلى»، تۈركچە، 2007 ـ يىلى، 4ـ سان، 66 ـ بەت.

⑬ مەتىن ئاققۇش : «تارىخى ۋە ئەدەبىي بىر ئوبراز سۈپىتىدە نەۋائىي ۋە نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدە ئىنسان مەسىلىسى»، «ئاتاتۈرك ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىيات تەتقىقاتلىرى ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى»، تۈركچە، 2002 ـ يىلى، 19 ـ سان، 129 ـ، 130 ـ بەتلەر.

⑭ م. فۇئاد كۆپرۈلۈ، يۇقىرىقى ئەسەر، 404 ـ بەت.

⑮ ئەھمەت جەفەرئوغلۇ ، يۇقىرىقى ئەسەر، 219 ـ، 220 ـ بەتلەر.

⑯ ئەھمەت بىجان ئەرجىلاسۇن : «تۈرك تىلى تارىخى» (باشلانغۇچتىن 20 ـ ئەسىرگە قەدەر)، تۈركچە، 410 ـ بەت، 2007 ـ يىلى، ئەنقەرە، ئاقچاغ نەشرىياتى.

⑰ «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى» («ئابۇشقا» ماددىسى)، تۈركچە، 1 ـ توم، 91 ـ بەت، 1968 ـ يىلى، ئىستانبۇل، مىللىي مائارىپ نەشرىياتى.

⑱ رىدۋان جانىم : «تۈرك كۇلتۇر ۋە ئەدەبىياتىدا ئەلىشىر نەۋائىي ھەم تۈركىيەدە ئەلىشىر نەۋائىي تەتقىقاتلىرى»، «ئاتاتۈرك ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىيات تەتقىقاتلىرى ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى»، تۈركچە، 2002 ـ يىلى، 19 ـ سان، 138 ـ بەت.

⑲ ئەھمەت جافەرئوغلۇ ، يۇقىرىقى ئەسەر، 220 ـ بەت.

(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

ئابدۇقادىر سادىر

# شائىر سوپۇرگى سەنجەرىي ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ئىلمىي ئەمگەكلىرى

19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان دېموكراتىك شائىر سوپۇرگى سەنجەرىي 1946 ـ يىلى كوزدە گوما ناھىيەسىنىڭ ھازىرقى گوما بازىرىغا قاراشلىق سەنجەر كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. شائىرنىڭ تەخەللۇسى «غېرىبى» بولۇپ، ئۆز يازمىلىرىدا ئۆزىنى «سوپۇرگى سەنجەرىي»، «سوپۇرگى غېرىبى سەنجەرىي»، «سوپۇرگى ئاسىي سەنجەرىي»، «موللا سوپۇرگى ئاسىي» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتاپ كەلگەن ۋە مۇشۇ ناملار بىلەن شەرق ئەدەبىياتىدىن ئەرەب، پارس تىللىرىدىن بىر بۆلۈك داڭلىق، نادىر ئەسەرلەرنى تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان.

سوپۇرگى سەنجەرىي كىچىكىدىن ئەقىللىق ۋە زېرەك چوڭ بولغان. ئاتىسى ئۇنىڭغا بولغان تەربىيەنى كۈچەيتكەن ۋە ئۇنىڭغا بىلىم ئاساسىنى سالغان.

شائىرنىڭ ئاتىسى توختى موللام ئۇنى گومىدىكى بىرنەچچە نوپۇزلۇق مەدرىسەلەرنىڭ بىرى بولغان «ئىبراھىم ئەلەمئاخۇنۇم» مەدرىسەسىگە ئاپىرىپ بەرگەن. ياش سوپۇرگى بۇ جايدا بەش يىل بىلىم ئالغان. بۇ جەرياندا ئۇ مول بىلىم ئىگىلىگەن. بەش يىلدىن كېيىن قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت ئوچاقلىرىدىن بولغان ياركەنت(يەكەن)گە كېلىپ نوپۇزلۇق مۇدەررىس ئابدۇلمەجىد ھېسا داموللامنىڭ مەدرىسەسىدە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ بۇ جەرياندا شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان.

كېيىن ئۇ قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىگە بېرىپ مەخسۇس شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇشنى ئاساس قىلغان بەدىئىي ئەدەبىيات مۇتالىئەسى بويىچە ئوقۇغان. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىدە 1885 ـ يىلىغىچە ئوقۇپ، ئاندىن بۇخارا «كوكۇلداش» مەدرىسەسىگە بارغان. ئۇ بۇ جايدا شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئىسلام پەلسەپەسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىپ بىلىمىنى كېڭەيتكەن.

سوپۇرگى سەنجەرىي شائىر بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇستا خەتتات. ئۇ شەرق خەتتاتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە زور ئىشتىياق باغلىغان ھەمدە خۇشخەت مەشقى قىلىپ ئۇستا خەتتات بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ 1890 ـ يىلى بۇخارادىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ ئانا يۇرتى گومىغا قايتىپ كەلگەن.

سوپۇرگى سەنجەرىينىڭ ئىملاسى توغرا، خېتى چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ يازغان خەتلىرى ھەرقانداق ساۋاقداشلىرىنىڭكىدىن چىرايلىق، ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خۇشخەت، خۇشقەلەملىكىدىن ئۇستازلىرىمۇ ئۇنىڭدىن رازى ئىدى. ساۋاقداشلىرى ھەۋەسلىنەتتى. ئۇ بۇخارادىكى مەزگىلىدە شەرق خەتتاتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە ئەڭ زور ھېرىسمەنلىك بىلەن ئىشتىياق باغلىغان ۋە گۈزەل سەنئەتلىك خەت نۇسخىلىرىدا ئىشلەنگەن ئەسەرلەرنى، ئۈرنەك، ئوقۇشلۇقلارنى توپلاپ بىر مەھەل خۇشخەت مەشقى ئېلىپ بارغان، شۇنداقلا بەلگىلىك دەرىجىدە لاياقەتلىك بولغان بىر مۇكەممەل خەتتات بولۇپ يېتىشىپ چىققان. شۇنداق قىلىپ بۇ ياش زىيالىي 1890 - يىلى قىرىق بىر يېشىدا بۇخارادىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ ئانا يۇرتى گۇمىغا قايتىپ كەلگەن.

شائىرى سوپۇرگى سەنجەرىي قەشقەر خانلىق مەدرىسى ۋە بۇخارادىكى «كوكۇلداش» مەدرىسلىرىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە تىل ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئەينى زامان ئەدەبىياتىدا كۆپرەك ئىشلىتىلىۋاتقان ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى بىرقەدەر پىششىق ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تىل ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇچراتقان، كۆرگەن - ئوقۇغان باشقا تىللاردىكى نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىپ ئۆز ئېلىگە تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت بىر ئۇلۇغ مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈككەن. ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت، دىنىي پەلسەپە، مائارىپ، تەلىم - تەربىيە، ئەدەپ - ئەخلاق، ھېكمەت، تېبابەت، ئىلمىي نۇجۇم، ئىلمىي كىمىيا ... كەبى بىلىم دېڭىزىنىڭ ئۈنچىلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. مانا شۇ مول بىلىم ئۈنچىلىرىدىن ئۇيغۇر تالىپ - تالىبەلىرىنى خەۋەردار قىلىش شائىر ئۈچۈن ھاياتىدىكى ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇ بۇخارادىن قايتىپ كېلىپ دەسلەپ ناھىيە بازىرى، كېيىن بىر قىسىم يېزا بازار مەدرىسەلىرىدە مەكتەپخانلىق، مۇدەررىسلىك قىلغان. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن سىرت، خەتتاتلىق ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

ئۇ دەسلەپ ئۆزى تاللىغان تېمىلار، كېيىن باشقىلارنىڭ ھاۋالىسى ئاساسىدا نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەر (قىسسە - داستان، چۆچەك - رىۋايەتلەر، شېئىر - دىۋانلار)نى، (ئىسلام پەلسەپىسى، دىنىي ئەقىدات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىسلام قانۇنلىرى، ئۆگۈت ۋە نەسىھەتكە ئوخشاش تالاي - تالاي كىتابلارنى ئەرەب تىلى ياكى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا) تەرجىمە قىلغان. شائىرنىڭ تەرجىمە قىلغان، خۇشخەت قەلىمى بىلەن بىر ھەرپ - بىر ھەرپتىن يېزىپ چىققان ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ.

كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە شائىرنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى جۈملىسىگە يەنە بىر ئەھمىيەتلىك، يەنى كىتاب توپلاش ۋە مۇقاۋىچىلىق قوشۇلغان. شائىر پاكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق جايلاردىن بىر يۈرۈش مۇقاۋىچىلىق ۋە توپلاش سايمانلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ، ئائىلىسىدە بىر تەرەپتىن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن توپلىغان كىتابلىرىغا كۆن - خۇرۇمدىن قاتتىق مۇقاۋا ئىشلەپ، تولىمۇ سۈپەتلىك مۇقاۋىلاپ چىقارغان. كېيىن بۇ كەسىپمۇ روناق تاپقان. ئۇ ئۆزى توپلىغان كىتابلارغىلا ئەمەس، چەت ئەلدىن (پاكىستان، ئافغانىستانلاردىن) كەلگەن زاكازلار بويىچە يىلبويى مۇقاۋا ئىشلەپ ئاشۇ يەرلەرگە ئاپىرىپ كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغان. شائىرنىڭ ئۆزى ئىشلىگەن كۆن مۇقاۋىغا ماركا ئورنىدا ئىشلىتىدىغان «سەنجەر غېرىبى» ناملىق مەخسۇس تامغىسى بولۇپ، ئاشۇ يىللاردىلا تاۋار ماركىسى ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن (شائىرنىڭ ئۆز نامىدىكى ئاشۇ تامغىسى بېسىلغان مۇقاۋىلىق كىتابلارنىڭ بىرنەچچە ئەۋرىشكىسى ھېلىمۇ بار).

شائىرنىڭ ھازىرغا قەدەر قېزىپ تونۇلغۇچىلارنىڭ قوللىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئىلمىي ئەمگەك مېۋىلىرىنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرۇشقا بولىدۇ.

1. «جامىئۇل ـ پەتىۋا»: (قانۇن پەتىۋالىرى توپلىمى)، قولىيازما. بۇ كىتاب ئەسلىي ئەرەبچە يېزىلغان بولۇپ، ئەدىب تەرىپىدىن ھىجرىيە 1324 ـ يىلى (مىلادىيە 1906 ـــ 1907 ـ يىللار) ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، خۇشخەتلەر بىلەن كۆچۈرۈپ، توپلەپ كۆن خۇرۇمدا مۇقاۋىلانغان. كىتاب 32 × 20 سانتىمېتىر كەسلەم، جەمئىي 550 بەت، پاتلانغان خوتەن قەغىزىگە ھەربىر بېتىگە 15 قۇردىن قىلىپ كۆچۈرۈلگەن. كىتابنى سېلىشتۇرما قىلىپ پايدىلىنىش ۋە ئەسلىي مەنىنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن بولسا كېرەك، بىر ئابزاس ئەرەبچە تېكىستى، ئاندىن 2 ـ ئابزاسقا ئۇنىڭ تۈركىي (ئۇيغۇرچە) تەرجىمىسى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ كۆچۈرۈلگەن.

كىتاب مەزمۇن جەھەتتىن «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن قانۇن ۋە ئەخلاقىي مىزانلار ئاساسىدا تۈزۈلگەن 42 بابلىق دەستۇر بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ دىنىي قائىدە ـ نىزاملار، جىنايى ئىشلار، ئامانلىق ئىشلىرى، ئائىلە ـ نىكاھ، ئىگىدارلىق، شېرىكچىلىك، ھەق ـ تەلەپ، سودا ـ تىجارەت، ئامانەت ـ قەرز، توختام ۋە تۆلەم، بېقىش ـ بېقىۋېلىش، بېقىلىش... قاتارلىق ئىشلارنى (دىلو، ماجىرالارنى) بىر تەرەپ قىلىش قانۇن ـ مىزانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پايدىلىنىش دەستۇرىدۇر.

2. «سەباتۇل ـ ئاجىزىن، ۋە زىيائىل ـ قۇلۇب،» (نامى «رىسالەئى ئەزىزە»)، قولىيازما) بۇ كىتاب ئەسلىي پارسچە يېزىلغان بولۇپ، ھىجرىيە 1333 ـ يىلى (مىلادىيە 1914 ـــ 1915 ـ يىللار) ئەدىب سۇپۇرگى سەنجەرىي تەرىپىدىن تۇپلەپ ـ مۇقاۋىلانغان.

كىتابنىڭ ئەسلىي مۇئەللىپى سوپى ئاللايار بولۇپ، ئۇنىڭغا دىداكتىك شائىر سوپى ئاللايارنىڭ شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ شېئىرلار تاجىدىن يالچىغۇلى تەرىپىدىن نەسرىي يەشمە ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، ھەربىر بېيىت ياكى ئىككى بېيىتتىن كېيىنكى قۇرنىڭ ئاستىغا شېئىرلارنىڭ شەرھى ئاساسىدا نەسرىي يەشمىسى بېرىلگەن. ئالاھىدە تېرمىنلارغا بىرنەچچە خىل تىلدا ئېنىقلىما بېرىلگەن، كىتابنىڭ ئاخىرىغا تاجىدىن يالچىغۇلنىڭ تەكلىپ ـ تەلىپى بويىچە، سۇپۇرگى سەنجەرىي يەنە «زىيائىل ـ قۇلۇب»، «رىسالەئى زىكرى جەۋھەرى» ناملىق 2 پارچە ئەسەرنى پارسچىدىن تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىپ قوشۇپ تۇپلەپ قويغان.

پۈتۈن كىتاب ھازىرقى زامان ئاق «سۆت قەغىزى»گە سىزىق ـ رامكىلار سىزىلىپ، 35 ×21 سانتىمېتىر كەسلەم چوڭلۇقتا ھەربىر بېتىگە 15 قۇردىن قىلىپ، شېئىرلار چوڭ نومۇردىكى ھۆسنخەت بىلەن، شەرھىسى كىچىكرەك خۇشخەتلەم بىلەن يېزىلغان. كىتاب جەمئىي 717 بەت بولۇپ، كىتابنىڭ باش بەت، تىتول ۋە ھەربىر باب، سەھىپىلىرىنىڭ ئورنى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن پۈتۈنلەي قولدا ئالتۇن ھەللىك ۋە باشقا رەڭلىك گۈل ـ نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. بۇ ئەمگەكلەرنىڭ ھەممىسىنى شائىر، خەتتات، ئەدەبىي تەرجىمان موللا سۇپۇرگى سەنجەرىي ئۆزىنىڭ مۇبارەك قوللىرى بىلەن قومۇش قەلەمدە ئىشلەپ چىققان. ئاخىرىغا ئۆز قەلىمى بىلەن «بۇ كىتاب مۇستەتاب (رىسالەئى ئەزىزە ـ شەررىھ ‹سەباتۇل ـ ئاجىزىن›)نى سەنجەرىي سۇپۇرگى ئاخۇن پۈتۈپ تامام قىلغان.

3) «چاھار دەرۋىش»: (مۇئەللىپى خۇسرەۋ دىھلەۋىي) كىتاب سۇپۇرگى سەنجەرىي تەرىپىدىن ھىجرىيە 1327 ـ يىلى (مىلادىيە 1909 ـ يىلى) پاتلانغان خوتەن قەغىزىنىڭ ھەر بېتىگە 19 قۇردىن قىلىپ كۆچۈرۈپ مۇقاۋىلاپ چىقىلغان. كىتاب 21×18 سانتىمېتىر كەسلەمدە 216 بەت. كىتابنىڭ ئاخىرىغا ئەدىب سەنجەرىي ئۆز قەلىمى بىلەن:

«بۇ كىتاب چەھارتاق لەفزى نىھان،
بەئزى ئەلفازى فارسى پىنھان.
ئەھلى ئەزۋاقلار ئوقۇپ كۆرسە،
بەئزى لەفزى مۇغەللەت تىل ئۇزرە.
زەۋق ـ شەۋق كۆڭلىدە قەرار ئالماي،
بەئزى لەفزى گۇمان بىلەن بىلمەي.
چەھپا بولغانىكەن بۇ رەڭ تىلدە،
مىڭ ئۈچ يۈز ئون سەككىزىنچى يىلدە.
بۇ كىتاب ساھىبى ئىدى شاھىيار،
كەنت كىلىيان ئىچىدە ھاتەمدار.
ئىلتىماس ئەتتى نەقل قىلماققە،
سەقىل ئەلفازىنى تۈزەتمەككە.
نەچچە كۈن مەن سۈپۈرگى خەت پۈتدۈم،
لەفزى مۇغەللەتنى ئىنتىقال ئەتدىم.
بۇ كىتاب شاھىيار خوجا ئاكامنىڭدۇر،
ھاتەمىي تايدەك شەھرىيارنىڭدۇر.
ئادەمىي كامىل ھەم دىيانەتلىك،
سېخىيلىق بابىدا نىھايەتلىك.
ئەھلى ئىنساب ئېرۇر نىھايەتسىز،
دىن يولىدا خىلاف ئادەتسىز.
ئەمرى ھەق يولىنى تۇتۇپ مەھكەم،
سەئىد ئاخۇننى ئوقۇتۇپ بىغەم.
قەۋلى پەيغەمبەر ۋەئدە قىلدىلەر،
ئىلىم ئوقۇتقانغە مۇژدە قىلدىلەر.
بىر سەبىنى ئەگەر ئوقۇشقە بېرىپ،
ئايغىل دەپ مۇئەللىم لۇقمە بېرىپ.
ئۇل سەبىي ئايتسە ئۇشبۇ تەئلىمنى،
دەۋزەخ ئوتىدىن ئەمان ئابى ئادەمنى.
شۇل سەبىي ھەم ئامان بولۇر ئۇستاد،
تۆت كىشى دەۋزەخ ئوتىدىن ئازاد.
سۆز ئۇزۇن بولسە ئېھتىمام خەتا،
مۇختەسەر سۆز ھەقىقەتەن ئەئلا.
ۋەقتى كۈنجايىش بولمادى ئەلھال،
سۆز ئۇزۇن بولماقىغە قىلۇ قال.
كامىلى شەھىيار ۋەسفىنى قىلسام،
مىڭ تىلىم بولسا سىفەتدىن قىلسام.
ئاز كېلۇر تىللار تەئرىفىن ئايتماق،
سەخىيلىق ئىشلارنى ۋەسفى ئەتمەك.
ئەقلى كامىلدۇر سۆزنى ئاز قىلماق،
لەفزى ئاز مەئنەسىن دەراز قىلماق.
بۇ جىھەتدىن سۆز بولدىلار ھەسرى،
زىبى ھىممەتلىك مىسلىدۇر قەسرى.
سۆزنى توختاتتى بىھۇدە گۇفتار،
سەنجەرىيدۇر سۈپۈرگى غۇربەتزار.»

دەپ يېزىپ، ئاخىرىغا: ھىجرىيە 1327 ـ يىلى دەپ يېزىپ ئىمزاسىنى قويغان.

4. نامسىز قولىيازما: كىتاب ئىسمى يوق. ئاخىرىدىن خېلىلا كۆپ بەتلىرى چۈۋۈلۈپ يوقالغان. تىلى ئەرەبچە، كىتاب قولىيازما بولۇپ 24 × 13 سانتىمېتىر كەسلىمدە ھەر بېتىگە 14 قۇردىن قىلىپ پاتلانغان خوتەن قەغىزىگە ھىجرىيە 1324 ـ يىلى (مىلادىيە 1906 ـــ 1907 ـ يىللار) كۆچۈرۈلگەن. كىتابنىڭ بىر بېتىدىكى سۈپۈرگى سەنجەرىينىڭ ئەسلەتمىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ بۇ كىتابنى مۇھەممەد ئىمىن ئاخۇن ئىسىملىك بىرىگە كۆچۈرۈپ بەرگەن.

5. «نەفەھاتىل ـ ئۇنس»: (ئابدۇرەھمان جامىينىڭ 600 دىن ئارتۇق شائىر، ئەدىب ـ ئۆلىمانىڭ بىئوگرافىيەسىنى تونۇشتۇرغان ئەسىرى)نى ھىجرىيە 1334 ـ يىلى (مىلادىيە 1915 ـــ 1916 ـ يىللار) پارس تىلىدىن تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلغان. پاتلانغان خوتەن قەغىزىگە چىرايلىق كۆچۈرۈپ، تۈپلەپ مۇقاۋىلىغان.

6. «دىۋانى غىياس» (غىياس ئىسمىلىك شائىرنىڭ پارسچە شېئىرلار توپلىمى): سوپۇرگى سەنجەرىي تەرىپىدىن ئۆز تىلى (پارسىي) بويىچە پاتلانغان خوتەن قەغىزىگە 23×14 سانتىمېتىر كەسلەمدە ھەر بېتىگە 24، 22 مىسرادىن قىلىپ كۆچۈرۈپ تۇپلەنگەن (باش ـ ئاخىرى تولۇق بولمىغاچقا كۆچۈرۈلگەن يىل دەۋرى، بەت سانى ئېنىق ئەمەس، پەقەت 102 بەتلا قېپقالغان).

7. «دىۋانى غەرىبى»: ئۇ يەنە «غەرىبى» تەخەللۇسى بىلەن كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر مىراسى «دىۋانى غەرىبى»دۇر. بۇ دىۋان ھىجرىيە 1335 ـ يىلى (مىلادىيە 1916 ـــ 1917 ـ يىللار)دا تۈزۈلگەن. دىۋاندا شائىرنىڭ ھىجرىيە 1319 ـ يىلى (مىلادىيە 1901 ـــ 1902 ـ يىللىرى) يېزىلغان شېئىرلىرىمۇ بار.

شائىر يەتمىش ئىككى ياشقىچە ياشىغان بولسىمۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن ئىلمىي، ئەدەبىي ئەمگەكلەرنى قىلىپ 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرىگە بىباھا گۆھەرلەرنى قېزىپ، ئىنسانىيەتكە زور مىراسلارنى قالدۇرغان. شائىر ئىرىشچان، ئۈپرىماس روھ ۋە خورىماس كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە جەڭگىۋار قەلەم ساھىبى ئىدى. ئۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن تالاي ياخشى ئىشلارنى قىلغان. ئەلنى ئىلىم ـ مەرىپەت يولىغا باشلىغان. مىڭلىغان ئۇيغۇر باللىرىنىڭ قەلبىگە مەرىپەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ دىللىرىنى ئېرپان نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرغان. سەبىيلەرنىڭ ئەقىل كۆزلىرىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقان. ئۇنىڭ بىر بەيتۇلمۇقەددەسنى تاۋاپ قىلىپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ كېلىش ئارمانى بار ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۆزىنىڭ «يا، بەيتىللا» ناملىق شېئىرىدا قەيت قىلغىنىدەك، ئىقتىسادىي كۈچى يار بەرمىدى. كېيىن يېشىنىڭ ئۇلغىيىشى بىلەن سالامەتلىكى يار بەرمەي، بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن. شائىر قولىدىكى قەلىمىنى تەخمىنەن 40 يىل تاشلىماي يېزىقچىلىق بىلەن بولۇپ، بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى ئىجاد ئېتىپ مىلادىيە 1918 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى توغرىسىدا ئىلگىرى ئېلان قىلىنىپ كەتكەن يىلنامىلەردە ئازراق خاتالىق مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنى 1864 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1936 ـ يىلى ۋاپات بولغان دېيىلگەنىدى. ھازىر تېپىلغان يازما خاتىرىلەر (يىلنامىلەر)گە ئاساسلانغاندا، شائىر سوپۇرگى سەنجەرىي 1846 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1918 ـ يىلى ۋاپات بولغانلىقى دەلىللەندى. بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك ھۆججەت بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. «ساباتىل ـ ئاجىزىن»نىڭ قوشۇمچە بېتىدە سوپۇرگى سەنجەرىي ئۆز قەلىمى بىلەن: «بۇ كىتاب مۇستەتاب رىسالەئى ئەزىزە ـ ‹شەررىھ سەباتۇل ـ ئاجىزىن›نى سەنجەرىي سوپۇرگى ئاخۇند پۈتۈپ تامام قىلغان. ۋە «رىسالەئى زىكرى جەھرى» ۋە «رىسالەئى زىيائىل قۇلاب»دىن ئىبارەت بۇ ئىككى كىتاب پارسى ئىدى، تۈركى تەھرىر قىلىپ، مۇئەششەرىزۇ ۋە مۇقاۋى مەجىدا قىلىپ فارىغ بولغان. بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئۈچىنچى يىلىدا» دەپ يازغان بولۇپ، بۇنىڭدىن شائىرنىڭ ئىككى رىسالىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانلىقى ھەمدە بۇ كىتابنىڭ ئۇنىڭ 1914 ـــ 1915 ـ يىللىرىدىكى ئەمگىكى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

2. يەنە شۇ كىتاب، شۇ قوشۇمچە بەتنىڭ كەينىگە: «تارىختا بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز يەتتە ماھى مۇھەررەمنىڭ يىگىرمەسىدە ئۇشبۇ كىتابنى سەنجەرىي سوپۇرگى ئاخۇن مەرھۇم ئوغۇللىرى ئابدۇللاخاندىن پېقىر ئابدۇللا ئاخۇند سوداگەر ئىلى ئاخۇند ئوغلى توقسان تەڭگىگە ھەدىيە قىلدىم... نىشانە ئابدۇللا (ئىمزا قويۇلغان)» دەپ يېزىلغان.

بۇ ئەسلەتمىدىن بىز بۇ كىتابنىڭ ئىگىسى ــ شائىر موللا سوپۇرگى سەنجەرىينىڭ ھىجرىيە ھېسابىدا 1337 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى (مىلادىيە 1919 - يىلى) ئاللىقاچان «مەرھۇم بولۇپ بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئەمما، بىراۋ ۋاپات بولۇپ بولغۇچە بالا - چاقىلىرىنىڭ ئۇنىڭ تەۋەررۇكلىرىنى باشقىلارغا «ھەدىيە» قىلىۋېتىشىمۇ ئانچە ئەقىلغا سىغمايدۇ. شۇڭا، شائىرنىڭ ۋاپاتىنى بۇ كىتاب «90 تەڭگىگە ھەدىيە» قىلىۋېتىلىشتىن ئاز دېگەندە بىرەر يىل بۇرۇن بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، بۇ مەلۇماتلاردىن شائىر سوپۇرگى سەنجەرىينى مىلادىيە 1918 - يىلى 5 - ئايلاردا ۋاپات بولغان دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

(ئاپتور گۇما ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)



# ئەھمەد زىيائىي ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى

ئابابەكرى ئابدۇرەشىت

ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، يازغۇچى ـ شائىرلار ئىجادىيەتتە ھامان مەلۇم بىر تېما، كونكرېت ۋەقە ياكى ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا نىسبەتەن كۈچلۈك خاھىشچانلىقنى ئىپادىلەپ، شۇنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىجاد قىلىدۇ، ئۇنىڭغا قان ـ تەرىنى سىڭدۈرۈپ قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەيدۇ. ئۆتكۈر ئەپەندى قەشقەرگە نىسبەتەن چوڭقۇر ھېسسىياتى بارلىقىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان ھەمدە قەشقەر ھەققىدە گۈزەل لىرىكىلارنى يېزىپ چىققان؛ زوردۇن سابىرنىڭ خېلى كۆپ ئەسەرلىرى مەكتەپ ۋە مەكتەپلىكلەر تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان؛ مەمتىمىن ھوشۇر ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىزىقچى، يۇمۇرىستىك خاراكتېرىنى يېزىش بىلەن داڭق چىقارغان بولسا؛ ئەختەم ئۆمەر كۆپىنچە ئەسەرلىرىنىڭ سۇژىتىنى دولانلىقلارنىڭ ھايات كارتىنىسى ئىچىدىن ئىلغاپ ئالغان؛ ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن خەلقىمىزنىڭ قەيسەر، سۆيۈملۈك قىزى نۇزۇگۇم ھەققىدە قەسىدىلەر يازغان. يەنە بىر جەھەتتىن، بەزى تېمىلارنىڭ قايتا ـ قايتا قەلەمگە ئېلىنىشى ئەدەبىياتىمىزدىكى كۆپ كۆرۈلىدىغان ھادىسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يېقىندا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن بىر «نۇزۇگۇم» تېمىسىدا توققۇز ئەدىب 8 خىل ژانىردا 9 پارچە ئەسەرنى رويابقا چىقارغان. ئەمدى ئەھمەد زىيائىيغا كەلسەك، ئۇ كلاسسىك ئەدەبىياتقا، جۈملىدىن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى «رابىيە ـ سەئىدىن» تېمىسى ۋە بۇ ھەقتىكى ۋەقەلىككە ئالاھىدە قىزىقىپ، ئۇنى ئىجادىيەت ھاياتىدىكى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى قىلغان. ئەدىب ئەھمەد زىيائىينىڭ ھايات مۇساپىسى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتىدىن كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلەنگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

## 1. ئەدەبىي ھەۋەسنىڭ بىخلىنىشىدىن بەدىئىي تالانتىنىڭ كامالىتىگىچە

كىشى ھاياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئامىل شۇ ئادەمگە ئۆمرىدە (كۆپىنچە ھاللاردا بالىلىقىدا) ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغان، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئېلىپ ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە دائىما سايە تاشلاپ تۇرىدىغان، ئەس ـ يادىدىن مەڭگۈ چىقىپ كەتمەيدىغان بالىلىقتىكى تەربىيەدۇر. ئەدىب ئەھمەد زىيائىيغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، كېيىنكى ئىجادىيەت ھاياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان نەرسە دەل ئاتىسى، ئۇنىڭ

مەدرىسە تەربىيەسى، ئەزىزانە قەشقەر ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە كىلاسسىك ئەنئەنە دەپ ئېيتساق خاتالاشقان بولمايمىز.

ئەمەلىيەتتە، ئەھمەد زىيائىينىڭ ئون نەچچە يېشىدا خېلى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيەدىكى شېئىرلارنى يازالىشى، 15 يېشىدا پارس تىلىدا 1000 مىسرادىن ئارتۇق ھەجىمدىكى داستاننى يېزىپ چىقىشى ئەدەبىياتقا بولغان مۇھەببىتى، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بالا زىيائىينىڭ قەلبىدە پەيدا قىلغان شېئىرىيەتكە بولغان كۈچلۈك ھەۋەس ۋە كىلاسسىك نەمۇنىلەردىن قوبۇل قىلغان ئىجادىيەت ئوزۇقىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى ئىدى. ئەدىب ئۆزىنىڭ بالا ۋاقىتلىرىدا قوبۇل قىلغان تەربىيەسىنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىگە بولغان تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «كېيىنكى چاغلاردا خەلققە ۋە مىللەتكە ئاز ـ تولا پايدىلىق ئىشلارنى قىلالىشىمدا دادامنىڭ مېنى قاتتىق قوللۇق بىلەن تەربىيەلىشى ۋە چېنىقتۇرۇشى ئالاھىدە رول ئوينىغان. مەسىلەن، ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان (ماقاماتى ھىرى)نى مەن شۇ چاغدىلا ئوقۇپ تۈگەتكەن؛ پارس كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك پەللىسى ـــ بىدىل ئەسەرلىرىنىمۇ شۇ چاغدىلا ئوقۇپ بولغانىدىم» دەيدۇ①. بۇ يەردە شۇ نەرسە ئالاھىدە دىققىتىمىزدە بولسۇنكى، ئەھمەد زىيائىي ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يۇقىرىقى ئەسەرلەرنى ئوقۇشتىن بۇرۇن ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ۋە ئەرەب، پارس تىلىدىكى ئاز بولمىغان باشقا ئەسەرلەرنى ئوقۇغان، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشىدا شەك يوق، چۈنكى ئەدىب «تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم» دېگەن رومانىدا بىزنى بۇ ھەقتىكى ناھايىتى مۇھىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەھمەد زىيائىي ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇساپىسىدە شېئىر، داستان، دىراما، ئوپېرا ۋە رومان قاتارلىق كۆپ خىل ژانىرلاردا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، شېئىر، داستان ۋە دىراما ئىجادىيىتى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەدىبنىڭ يۇقىرىقى ھەر خىل تۈردىكى ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن شۇ نەرسىنى بايقايمىزكى، ئەھمەد زىيائىي ئۆز ئىجادىيىتىدە، بولۇپمۇ چوڭراق ھەجىمدىكى يىرىك ئەسەرلىرىدە «رابىئە ـ سەئدىن» تېمىسىغا ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن. 1943 ـ يىلى يازغان ئوپېراسى، 1944 ـ يىللاردا تۈرمىدە يېزىشنى باشلىغان رومانى ۋە كېيىنكى دەۋر ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ۋە شائىرلىق ئىستېداتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان داستانىنى دەل مۇشۇ تېمىغا بېغىشلىغانىدى. ئەھمەد زىيائىي «رابىيە ـ سەئدىن» تېمىسىغا نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ؟ ئەھمەد زىيائىينىڭ ئۆز ئەسلىمىسى ۋە بۇ ھەقتە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ بايانلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، زىيائىي بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىلىدە دادىسىنىڭ نەچچە مىڭ پارچە كىتاب قويۇلغان كۇتۇپخانىسىدا ئاز بولمىغان كىلاسسىك ئەسەرلەر بىلەن تونۇشقان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇرېھىم نىزارىي يېزىپ قالدۇرغان «رابىئە ـ سەئدىن» داستانىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرتى قەشقەردە يۈز بەرگەن رېئال مۇھەببەت پاجىئەسى ئاساسىي ۋەقەلىك قىلىنغان بۇ داستان ئاشۇ يىللاردا ئەھمەد زىيائىيغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن ھەم گۇدەك قەلبىدە بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارغا تېخىمۇ مۇكەممەلرەك ئابىدە تىكلەش ئىستىكىنى ئويغاتقان. ئەدىب بۇ ھەقتە: «مەندە ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئەرەبلەرنىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن»ى، ئەرەبىستان، باغدادلىقلارنىڭ «پەرھاد ـ شىرىن»ى، «غېرىب ـ سەنەم»ى بار ئىكەن، بىزدە بۇنداقلار يوقمۇ؟ دەپ ئويلار ئىدىم. بەختكە يارىشا،

ماڭا بۇ مەقسەتكە ئېرىشىش مۇيەسسەر بولدى، مەن بۇنى تاپتىم. ئۇنى ئەرەبىستان چۆللىرىدىن، باغداد ۋادىلىرىدىن، ئەرمەنىستان تاغلىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ قايىنمى بولغان قەشقەرنىڭ بايتوقاي يېزىسىنىڭ جىگدە ـ سۆگەتلىكلىرى ئارىسىدىن، يامانيار ئۆستىڭىنىڭ بويىدىن تېپىۋالدىم»[2] دەپ يازىدۇ. بۇ قۇرلار ئەھمەد زىيائىينىڭ مەزكۇر تېمىغا نېمىشقا شۇنچىلىك قىزىقىدىغانلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نەزىرە[3] باغلاش ھادىسىسى ئەھمەد زىيائىينىڭ بۇ تېمىغا ۋارىسلىق قىلىپ قايتا ـ قايتا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت ئاساسى ئىدى. «شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىدا نەزىرە ئەنئەنىسى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئەڭ دەسلەپتە بىرقەدەر قىسقىراق ئەسەرلەردە كۆرۈلگەن، 10 ــ 12 ـ ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاز بولمىغان زور ھەجىملىك ئەدەبىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن نەزىرە يازغۇچىلار دىققەت ـ ئېتىبارىنى مەزكۇر ئەسەرلەرگە قارىتىشقا باشلىدى. بۈيۈك پارس شائىرى فىردەۋسى (934 ــ 1020) نىڭ ‹شاھنامە›سى ۋە نىزامى گەنجىۋى (1141 ــ 1209) نىڭ ‹خەمسە›سى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، نۇرغۇن ئەدىب، شائىرلار خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك بەس ـ بەستە نەزىرە يېزىشقا كىرىشىپ، شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىدا نەزىرە يېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى»[4]. شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ نەزىرە باغلاش ئەنئەنىسى ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان ۋە كۆپ قوللىنىلغانىدى.

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، «شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن. نۇرغۇن يازغۇچى، شائىرلار نەۋائىينى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ ‹خەمسە›سىدىن ئوزۇق ئېلىپ ئەسەر ئىجاد قىلغان ھەم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى بارغانسېرى كۈچەيگەن. بەزى ئۇيغۇر يازغۇچىلار نەۋائىينىڭ ‹خەمسە›سىنى نەسرىي تىلغا ئۆزگەرتىپ، تېخىمۇ ئاددىي، ئاممىباب تىل بىلەن خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرماقچى بولغان»[5]. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ بىرى بولغان مول ھوسۇللۇق ئەدىب ئابدۇرېھىم نىزارىيمۇ نەۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن» قاتارلىق ئىككى داستانىغا نەزىرە باغلاپ، ئۆز ئىجادىيىتى داۋامىدا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنى قوشۇپ، كۈچلۈك يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلغان.

دېمەك، مەلۇم تېمىلارنىڭ قايتا ـ قايتا قەلەمگە ئېلىنىشى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۇزاقتىن داۋاملىشىپ كەلگەن، چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە بىر تۈرلۈك ئىجادىيەت ھادىسىسى بولۇپ، «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىنىڭ نېمىشقا «ئىجادىيەت» تېمىسى بولغانلىقى توختىتى قاتارلىق ھازىرقى زامانغا تەۋە شائىر، يازغۇچىلىرىمىز قەلىمىدە دەۋر روھى ۋە كۈچلۈك يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلىنىشى؛ «نۇزۇگۇم» تېمىسىنىڭ بىرقانچە ئەدىب قەلىمىدە ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئىپادە قىلىنىشى قاتارلىقلار نەزىرە باغلاش ئەنئەنىسىنىڭ 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەمۇنىلىرى دەپ ئېيتىش تامامەن مۇمكىن. ئەھمەد زىيائىينىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» تېمىسىغا كۈچلۈك مۇھەببەت باغلىشى ۋە بىرقانچە پارچە ئەسەر يېزىپ قالدۇرۇشى ماھىيەتتە ئەنە شۇنداق ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىجادىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆزىگە

مەنبە ۋە ئاساس قىلغانىدى.

ئەھمەد زىيائىي شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى — رومانتىزم ۋە رېئالىزمنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان ۋارىسلىق بىلەن ئىجادىيلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ماسلاشتۇرۇلۇشى ئىدى. ھازىرقى زامان ئىجتىمائىيلىقىدىكى تۈرلۈك - تۈمەن ھادىسىلەر شائىرغا كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ شائىرلىق ئىلھامىنى قوزغىتىپ تۇرغان بولسا، كىلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسىدىن كېلىۋاتقان ئېنېرگىيە ئۇنىڭ بەدىئىي تالانتىنى ئۈزلۈكسىز تاۋلاپ، ئەھمەد زىيائىينىڭ قېرىماس شېئىرىي تالانتىنى نامايان قىلغان. دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، «ئەھمەد زىيائىي كىلاسسىك شېئىرىي شەكىللەرنى قوللانغان، شېئىرلارنى ئارۇز ۋەزنىدە يېزىپ، تىلىدىكى پاساھەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇنداقلا يەنە شېئىرىي پىكىرلەرنى، شېئىر مەزمۇنىنى بىۋاسىتە ئەمەس بەلكى «يار»، «ۋىسال»، «ھىجران» دېگەندەك شېئىرىي ئوبرازلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا يەنە دەۋر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن، ئەمما ئۇمۇ بىۋاسىتە بولماستىن، شېئىرىي تەركىبلەرنىڭ قات - قېتىغا سىڭىپ كەتكەن»⑥. شائىرنىڭ شېئىرىيەتتىكى يۇقىرى تالانتى، بەدىئىي ماھارەتلىرگە شۇ قەدەر پىششىق بولۇپ، شېئىرلىرىنىڭ كىلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسى بىلەن زىچ باغلىنىشقا ئىگە بولۇشى ئەمەلىيەتتە كۆپ خىل تىل مۇھىتىدا كىلاسسىك ئەدەبىياتنى چوڭقۇر ئۆگەنگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇ نەرسىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، كىلاسسىك شائىرلار ئىجادىيىتىنىڭ خېلى يۇقىرى پەللىسى ھېسابلانغان، كىلاسسىك ئەدەبىياتتا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتى ئامىللىرى ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. مەسىلەن، ئۇنىڭ «ھەيرەت ئىچىدە» دېگەن شېئىرىدىكى تۆۋەندىكى بىرقانچە مىسرانى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

يار ئەكسى جامۇ مەيدە قىلمىدى يالغۇز زۇھۇر،
بارچە بارلىق يار ئەكسى سارى قىلدى ئىقتىدا.

قالمىغاي بۇ سىر يېشىلگەن چاغدا بۇ مەنلىككە ئورۇن،
سىر ئېرۇر يەرۇ ئاسمان زەرد قۇياش شاھۇ گەدا.

ئۇشبۇ سىرلار ئېرۇر ۋابەستە بارلىق رىشتەسى،
تەۋرىسە بۇ رىشتە گەر بولغاي ئاڭا مىڭ جان پىدا⑦.

ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا يېزىپ تاماملانغان «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىز ئىجادچىلىرى — يۇسۇپ ۋە مەھمۇد» ناملىق تارىخىي داستانى ئۇنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە كىلاسسىك مەدەنىيەت قەھرىمانلىرىمىزغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتى بولۇپ، ئېنىقكى، ئەدىب بۇ داستان ئارقىلىق كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىككى بۈيۈك نامايەندىگە مەڭگۈلۈك ئابىدە تىكلىمەكچى بولغان. شائىر ۋە تۆھپىكار ئالىم ئەھمەد زىيائىي يەتمىش بەش يېشىدا يېزىپ تاماملىغان

بۇ يىرىك ئەسەر ئۈچ بۆلۈم، ئون بەش مىڭ مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، داستان «بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى ۋاقىتتىن باشلىنىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەرىيدىن ئىبارەت ئىككى ئالىم مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىياتى، گۈللىنىش جەريانى، بۇ ئىككى ئالىمنى يېتىشتۈرگەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە چۈشكۈنلىشىشى، «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ يېزىلىش جەريانى، ئۇنىڭ يازغۇچىلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ۋاپاتىغا دائىر جەريانلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن»⑧. كېيىنكى ئىككى بۆلۈمۇ ئاساسەن بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىگە بېغىشلانغان. 15 مىڭ مىسرادىن تۈزۈلگەن بۇ چوڭ ھەجىملىك تارىخىي داستان ئەھمەد زىيائىينىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى داستانچىلىق ئەنئەنىسىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى.

شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىنكى، ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەدەبىي ھەۋىسى كلاسسىك ئەدەبىيات زېمىنىدا بىخلانغان ۋە كۆكلەپ مېۋە بەرگەن بولۇپ، كېيىنكى دەۋر ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىمۇ يەنىلا شۇ كلاسسىك ئۇزۇقلار — كلاسسىك تىل، كلاسسىك ئۇسلۇب، كلاسسىك ژانىر، كلاسسىك تېما قاتارلىقلار ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

## 2. كلاسسىك ئەدەبىيات كانىدىن ئالىملىق ئىستىبداتقىچە

مەلۇم بولغىنىدەك، ئەھمەد زىيائىي ئۇيغۇر شېئىرىيەت ئاسمىنىدا پارلىغان نۇرلۇق يۇلتۇز بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن يېتۈك ئالىم ئەدىب ئەھمەد زىيائىي كلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى، كۈچلۈك مۇھەببىتى ۋە بۇ جەھەتلەردىكى ئارتۇقچىلىقى سەۋەبلىك ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا قاتناشقاندىن تارتىپ تاكى ئاخىرقى نەپەسلىرىگىچە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدىكى نۇرغۇن بوشلۇقلارنى تولدۇردى، نەچچە ئەسىرلىك كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلىشىگە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ، بىزلەرنى جاھان مەدەنىيەت دۇنياسىدا يېگانە، ئالەمشۇمۇل ئەسەرلىرىمىز بىلەن قايتىدىن بوگۈنكى زاماننىڭ تىلىدا يۈز كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر قىلدى.

تەتقىقاتچى ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەدەبىيات تەتقىقات پائالىيىتى (20 ـ ئەسىرنىڭ) 40 ـ يىللىرىدا باشلانغان بولۇپ، ئاشۇ يىللاردا «ئۇ ‹ياش يازغۇچىلارغا ياردەم› ماۋزۇسى ئاستىدا بىر قىسىم ئەدەبىي ماقالىلەر ۋە ‹ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى خىسلەت ۋە سەنئەت ئۇنچىلىرى› قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان»⑨. ئەدىبنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان يۇقىرىقىدەك ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن باشقا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ۋە نەتىجىلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

1. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى بىباھا قامۇس — «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىشتەك جاپالىق ئىلمىي ئەمگەكنى ئورۇنلىغان. ئەمما، بۇ تەرجىمە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىگەن.

2. 50 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەھمەد زىيائىي شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە كېلىپ

كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى باشلىۋەتكەن. شۇ ۋاقىتلاردا كىلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ئىشلىرىنى ئىشلەپ، ئابدۇرېھىم نىزارىينىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى ۋە موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانىنى نەشرگە تەييارلاپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نادىر ئۆلگىلىرى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتۇرغان.

3. ئاشۇ يىللاردا (1957 ـ يىلى) يەنە «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغانلىرىمىز»، «كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت تىل تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى» دېگەن ماقالىلەرنى يېزىپ، بىزنى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، مەشھۇر كىلاسسىكلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كىلاسسىكلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلاردىن خەۋەردار قىلىپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدا ئەدەبىي تىلنىڭ ساپلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش مەسىلىسىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

4. 80 ـ يىللار ئالىمنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى ئۈچۈن يېڭى بىر زېمىن ھازىرلاپ بەردى. ئەھمەد زىيائىي 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا مەدەنىيەت خەزىنىمىزدىكى يەنە بىر بىباھا گۆھەر «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي نۇسخىسىنى ئىشلەشتەك زور ئەمگەككە قاتنىشىپ، جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى تەييارلاپلا قالماي، «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ نوپۇزلۇق پىرامىداسىنى بىر مىليارد نوپۇسلۇق خەنزۇ يېزىقىدا نەشر قىلىشقا ئاساس يارىتىپ⑩، بۇ يېگانە ئەسەرنى ئىلىم ئالەمگە ئەسلىي سالاھىيىتى بىلەن قايتىدىن تونۇتتى.

5. بۇ مەزگىللەردە ئەدىب «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدە ئۆتكۈر پىكىرلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، «تارىخىي مىراس ــ ‹قۇتادغۇ بىلىك› توغرىسىدا»، «‹قۇتادغۇ بىلىك› كىمنىڭ ۋە ئۇنىڭ تىلى قايسى تىل؟» دېگەن تېمىلاردىكى چوڭ ھەجىملىك ماقالىلەرنى يېزىپ، مەزكۇر ئەسەر ۋە مۇئەللىپ ھەققىدە شۇ ۋاقىتلاردا ئىلىم ساھەسىدە مەۋجۇت بولغان ھەر خىل كۆز قاراشلارغا پولاتتەك پاكىتلار ئاساسىدا رەددىيە بېرىپ، «‹قۇتادغۇ بىلىك› ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ، ئۇنىڭ تىلى ــ ئۇيغۇرتىلى»⑪ دېگەن بىر ھەقىقەتنى يورۇتۇپ بەردى.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، ئەھمەد زىيائىي ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە كىلاسسىك ئەسەرلەردىن تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان بولۇپ، «رەۋزەتۇس ـ سەفا» (دوستلار گۈلىستانى)، «تارىخى رەشىدىي»نى پارچىدىن، «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، «قۇتادغۇ بىلىك، ئىندېكسى»، «قۇتادغۇ بىلىك، ئىنجۇمەلىرى»، «بۈيۈك ھون ئىمپېراتورلۇقى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغانىدى.

دېمەك، شائىر ۋە تەتقىقاتچى ئەھمەد زىيائىي ئۆمۈرلۈك ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات مۇساپىسىدە كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان. شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى، تىلى، ئۇ ئىجاد ئەتكەن ژانىر ـ تۈر قاتارلىقلاردا كىلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان ئىزچىللىق ۋە ۋارىسلىق ناھايىتى روشەن گەۋدىلەنگەن. بولۇپمۇ شائىر ئىجادىيىتىدە ئىشلەتكەن تىل ئۇنى كىلاسسىك تىل بىلەن بىۋاستە باغلاپ تۇرغان. ئەھمەد زىيائىي ئۆزىنىڭ تىل ئۇسلۇبى توغرىسىدا توختىلىپ:

«ئەسەرلىرىمدە پارسچە، ئەرەبچە سۆزلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ سۆزلەرنى پۇقرالارنىڭ تولۇق چۈشىنىپ كېتىشى ناتايىن. ئەسەر يازغاندا ساپ ئانا تىل بىلەن يازاي دەيمەنۇ، قولغا قەلەم ئالغاندا غەيرىي سۆزلەر ئارىلىشىپ قالىدۇ»⑫ دەيدۇ. روشەنكى، ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ شائىرغا بولغان تەسىرى شۇ قەدەر چوڭ بولغانكى، ئۇنى ئاڭلىق ئۆزگەرتىشكە ئىمكانىيەت يار بەرمىگەن، كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسى شائىرنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن.

ھالبۇكى، بىز بۇ يەردە ئەھمەد زىيائىي كىلاسسىك ئەدەبىياتقا تەۋە، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دېمەكچى ئەمەس. شائىر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى باسقۇچىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى، ھازىرقى زامان ئېڭى بىلەن سۇغىرىلغان نادىر ئەسەرلەر ۋە ئوبرازلارنى ياراتتى، بۈگۈننىڭ تېنىنى يەپ، بۈگۈننىڭ غېمىدە بولدى. بۇ نۇقتىدا ئەھمەد زىيائىي ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسىنى ياراتقان بايراقدار ئەدىبلەرنىڭ بىرى، بۇنىڭدا ھېچبىر شەك يوق. كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئەھمەد زىيائىي ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە بولغان كونكرېت تەسىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شائىر ۋە تەتقىقاتچى ئەھمەد زىيائىي كىلاسسىك ئەدەبىيات تەسىرىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويدى، كېيىنكى ئىجادىيىتى داۋامىدىمۇ شۇ تەسىر تۈپەيلى كىلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان ۋارىسلىقى باشقا يازغۇچىلارغا قارىغاندا بىرقەدەر روشەن گەۋدىلەندى.

قىسقىسى، ئەھمەد زىيائىي كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «ئۈچ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ رىشتىسى»گە ئايلاندى. ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ، بولۇپمۇ شېئىرىيەتنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ئاساسىدا تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كاتتا ئەجىر قىلدى.

ئىزاھاتلار:


① دىلدار ئەزىز تەييارلىغان: «ئەھمەد زىيائىينىڭ ئۆز ھاياتى توغرىسىدىكى ئەسلىمىسى»، «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» (28)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 136 ـ بەت.

②⑦⑪ «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، 15 ـ، 73 ـ 223 ـ بەتلەر.

③ «نەزىرە» دېگەن بۇ سۆز ئەرەب تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، «ئوخشاش»، «بىردەك» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتتا «تەقلىد قىلىش» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

④ ئەسەت سۇلايمان: «خەمسە، ھادىسىسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، 17 ـ بەت.

⑤ ئابدۇرېھىم دۆلەت: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نۇزۇگۇم تېمىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماگىستىرلىق ئىلمىي ماقالىسى (2006 ـ يىللىق)، 13 ـ بەت.

⑥ كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئەھمەد زىيائىي ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1998 ـ يىلى، 2 ـ سان، 19 ـ بەت.

⑧ ئەھمەد زىيائىي: «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىز ئىجادچىلىرى — يۇسۇپ ۋە مەھمۇد»، قەشقەر ئەدەبىياتى ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى 6 ـ سان، 1 ـ بەت.

⑨ كېرىمجان ئابدۇرېھىم، ھەبىبۇللا ئابدۇسالام: «ئەھمەد زىيائىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 6 ـ نەشرى، 70 ـ بەت.

⑩⑫ «قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 28 ـ، 36 ـ بەتلەر.

# شاھزادە سەمەر ۋە مەلىكە ئەختەر

(چۆچەك)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئۇچقۇنچان ئۆمەر، ئەنۋەر ئابلەت شەيدائىي

بۇرۇنقى زامانلاردا، ئېگىز دۆڭلەر تاغ بولغان، ئويمانلىرى باغ بولغان گۈزەل بىر ئەلدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇ باغقا ناھايىتى ھېرىسمەن بولغاچقا، ئوردا ئىشلىرىدىن قولى بوشىغان ھامان باغقا چىقىپ ئايلىنىپ، سەيلە قىلىدىكەن. تۈرلۈك ـ تۈمەن مېۋىلەرنى ئۆز قولى بىلەن پەرۋىش قىلىپ، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزى ئېغىز تېگىدىكەن. پادىشاھنىڭ بۇ خىسلىتىدىن تەسىرلەنگەن بۇ ئەلدىكى ھەممە كىشى باغۋاران قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان بوپتۇ. بۇ مەمۇرچىلىقتىن ھەممە كىشى بەھرىمەن بولىدىكەن.

بۇ پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى زەپەر، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئەمىر، كەنجىسىنىڭ سەمەر ئىكەن. ئاي، يىللار ئۆتۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۇپتۇ. پادىشاھ جاھاننىڭ تۈرلۈك جايلىرىدىن ھەر خىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنى ئەكەلدۈرۈپ، يېڭىدىن بىر باغ بىنا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھ ناھايىتى يىراق بىر ئەلدە مېۋىسى ئاجايىپ يوغان خىسلەتلىك بىر خىل ئالمىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپتۇ ـ دە، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بىر تال كۆچىتىنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. ئۇنى ئۆز قولى بىلەن تىكىپ، ئۆز قولى بىلەن پەرۋىش قىپتۇ. شاھ ئۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈشكە تەقەززا ئىكەن. يىللار چېپىشىپ، ئايلار ئالدىراپ، كۈنلەر كۆرۈنمەي ئۆتۈپ، ئاخىرى ئالما كۆچىتى مېۋىگە كىرىپتۇ. ئۇنىڭدا ناھايىتىمۇ يوغان تۆت تال ئالما بوپتۇ. شاھ خۇرسەن بولۇپ، ئەمدى بۇ ئالمىلارنىڭ پىشىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈپتۇ. بىراق، ئالمىلار تازا تولۇپ، رەڭلىنىپ پىشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇشتۇمتۇت غايىب بولۇپ، شاھنى ھەسرەتتە قويۇپتۇ. شاھ ھەرقانچە قىپمۇ ئالمىنىڭ دېرىكىنى قىلالماپتۇ ۋە ئەلەم بىلەن ياندۇرقى يىلىنى كۈتۈپتۇ. ياندۇرقى يىلىمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئالما شېخىدا يەنە ناھايىتى يوغان سەككىز تال ئالما بوپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشاللانغان شاھ: «ئەگەر كىم مۇشۇ ئالمىلارنى پىشقۇچە ساقلاپ بېرەلىسە، شاھلىقىمنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا تۇتىمەن» دەپ جاكارلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھنىڭ چوڭ ئوغلى زەپەر ئەھدە قىلىپ، قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرى بىلەن باغنى مۇھاپىزەت قىلىپ يېتىپتۇ. ئالما پىشىدىغان مەزگىل كېلىپ، ئالمىلار تازا تولۇپتۇ. زەپەر مۇھاپىزەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىپتۇ. بىراق، شۇ كۈنلەردە پىشىش ئالدىدىكى ئالمىلارنىڭ بىرى ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كېتىپتۇ. شاھ غەزەپلىنىپ، ئوغلىنى باغنى مۇھاپىزەت قىلىشتىن قالدۇرۇپتۇ. بۇنى ئۇققان شاھنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەمىر ئەھدە قىلىپ، قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرى بىلەن باغقا ئورۇنلىشىپ، ئۆزى بىر بۆلۈك لەشكەرلەر بىلە ئالما شېخىنى قورشاپ يېتىپتۇ. باغقا ئادەم تۇگۇل، ئۇچارقاناتلارنىمۇ كىرگۈزمەپتۇ.

تۈركىي كىتاب تور بېكىتى www.turkitap.com



شۇنداق قىلسىمۇ، ئەتىسى قارىسا شاختا بىر تال ئالما كەم، شاھزادە ئەمىر ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ تىلى گەپكە كەلمەي قاپتۇ. شاھ ئۇنىمۇ قالدۇرۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كەنجى شاھزادە سەمەر ئەھدە قىلىپ، قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرى بىلەن باغقا ئورۇنلىشىپتۇ. ئالما ئەتراپىنى مۇستەھكەم قورشاپ ئېلىپ، قالغان ئالتە تال ئالمىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن چىراغ ئېسىپ قويۇپتۇ. ئۆزى بولسا قىلىچىنى مەھكەم تۇتۇپ، كىرپىك قاقماي ئالمىغا قاراپ تۇرۇپتۇ. تۈن تەڭ بولغاندا قاتتىق بوران چىقىپ، ئارقىدىن شارقىراپ يامغۇر يېغىپتۇ. ھەمدە بىر كالپۇكى يەرگە تېگىپ، بىر كالپۇكى كۆككە تاقىشىپ تۇرىدىغان بەتبەشىرە بىر دىۋە پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ بىر تال ئالمىنى ئۈزۈپ ئېلىپ ئاغزىغا ساپتۇ ۋە يەنە قول ئۇزىتىپتۇ. شۇ چاغدا، ئالمىنى كۆزىتىپ تۇرغان شاھزادە سەمەر دەرغەزەپكە كېلىپ دىۋىگە كۈچ بىلەن قىلىچ ئۇرۇپتۇ. دىۋە قېچىپتۇ. قىلىچ تەگكەن يەردىن ئاققان قان يول بويىغا ئىز ساپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە، شاھزادە سەمەر بولغان ئىشلارنى ئاتىسىغا ئېيتىپتۇ. ھەمدە دىۋىنى قوغلاپ بېرىشقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ. شاھ ماقۇل بولۇپ ئۇنىڭغا ئىككى ئاكىسىنى ھەمراھ قىپتۇ. ئۈچ شاھزادە دىۋىدىن تامغان قان ئىزلىرىنى بويلاپ، يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار يول يۈرۈپتۇ. يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر جاڭگالغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، قان ئىزى ھالقىسىمان بىر شەكىلدە بولۇپ يۇر شۇ يەردىلا ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. ئۇلار بۇ يەرنى كولاپتۇ، كولاپتۇ. كولىغان يەردىن بەكمۇ زور بىر پارچە تاش چىقىپتۇ. تاشنى يۆتكىگەنىكەن، چوڭقۇر بىر قۇدۇق كۆرۈنۈپتۇ. ھېلىقى تاش بولسا، ئاشۇ قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى ئېتىدىغان تاش ئىكەن.

شاھزادىلەر تۇرۇپ قاپتۇ. سەمەرنىڭ ئىككى ئاكىسى ئۇنىڭغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە سەمەر ئۆزى يالغۇز قۇدۇققا چۈشمەكچى بوپتۇ. ئۇلار ئارغامچا كەلتۈرۈپ سەمەرنى باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈرۈپ، ئىككى شاھزادە ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ، قۇدۇق بېشىدا قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھزادە سەمەردىن ئاڭلايمىز. سەمەر چۈشۈپ قارىسا، بۇ بىر يەر ئاستى دۇنياسى ئىكەن. سەمەر بىر يولنى تاللاپ مېڭىپ، خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ئالدىدا بىر قەسىر كۆرۈنۈپتۇ. قان ئىزىمۇ ئاشۇ قەسىر ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. سەمەرمۇ قەسىرگە كىرىپتۇ. قەسىر تولىمۇ ھەشەمەتلىك ئىكەن، سەمەر سىنچىلاپ مارىلاپتۇ. قارىسا، ھېلىقى دىۋە پۇتى بىلەن ئىشىكنى تاقاپ ئۇخلاۋاتقانىكەن. شاھزادە سەمەر ئىشىك يوچۇقىدىن قىلىچنى سولاپ، دىۋىنىڭ پۇتىغا بوشقىنا سانجىپتۇ. دىۋە پۇتىنى تارتىپتۇ. سەمەر ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ كىرىپ، قىلىچنى ھاۋادا پىرقىرىتىپ دىۋىگە ئۇرۇشقا تەمشىلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، «ھەي يىگىت، توختاپ تۇر» دېگەن بىر سادا كەپتۇ. قارىسا، 100 قاداقلىق ئالتۇن قەپەس ئىچىدە گۈزەل بىر پەرىزات قاراپ تۇرغۇدەك. ئۇ — دىۋە ئېلىپ قاچقان زۆھرە ئىسىملىك قىز ئىكەن. قىز:

— ھەي يىگىت، ئەگەر دىۋىنى ئۆلتۈرمەكچى بولساڭ، قىلىچ بىلەن بىرنىلا ئۇرغىن، ياندۇرۇپ يەنە بىرنى ئۇرساڭ، ئۇنىڭدىن تامغان ھەربىر تامچە قاندىن يەنە بىردىن دىۋە پەيدا بولۇپ، سىنى ھالاك قىلىدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە سەمەر قىلىچنى كۆتۈرۈپ زەرپ بىلەن بىرنى ئۇرۇپتۇ. قان ئىچىدە ياتقان دىۋە تېپىرلاپ:

— ھەي، ئادەم بالىسى. جېنىم قىينىلىپ

كەتتى. قىلىچ بىلەن يەنە بىرنى ئۇرغىن، — دەپ نالە قىپتۇ.

سەمەر پەرىزاتنىڭ دېگىنى بويىچە يەنە قىلىچ ئۇرماپتۇ. دىۋە ئۇزاققىچە جان تالىشىپ ئاخىرى هالاك بوپتۇ. قەپەس ئىچىدىكى پەرىزات:

— ئەي يىگىت، ياندىكى ئۆيدە بۇنىڭدىنمۇ يوغانراق بىر دىۋە بار. شۇنىمۇ هالاك قىلساڭ، ئاندىن بىز بۇ يەردىن چىقىپ كېتەلەيمىز، — دەپتۇ.

شاهزادە سەمەر قارىسا، بۇ ئۆيدىمۇ بىر دىۋە پۇتى بىلەن ئىشىكنى تاقاپ ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئالدىنقىسىغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ، دىۋىگە قىلىچ ئۇرماقچى بولۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا، «هەي يىگىت، توختاپ تۇر» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. شاهزادە سەمەر قارىسا 120 قاداقلىق ئالتۇن قەپەستە ساهىبجامال بىر مەلىكە تۇرغۇدەك. ئۇ دىۋە ئېلىپ قاچقان قەمەر ئىسىملىك قىز ئىكەن. ئۇ:

— ئەي يىگىت، دىۋىنى قىلىچ بىلەن بىرىنىلا ئۇرغىن. ياندۇرۇپ يەنە بىرنى ئۇرساڭ، ئۇنىڭدىن تامچىغان هەربىر تامچە قاندىن بىر دىۋە تىرىلىپ سېنى هالاك قىلىدۇ، — دەپتۇ.

شاهزادە قىلىچنى پىرقىرىتىپ كۈچ بىلەن بىرىنىلا ئۇرۇپتۇ. قان ئىچىگە غەرق بولغان دىۋە يېلىنىپ:

— ئەي ئادىمىزات، بەك قىينىلىپ كەتتىم. رەهىم قىلىپ يەنە بىرنى ئۇرغىن، — دەپتۇ.

شاهزادە سەمەر قىزنىڭ ئېيتقىنى بويىچە، قىلىچ ئۇرماپتۇ. دىۋە ئۇزاققىچە پىلىتىڭلاپ جان تالىشىپ، ئاخىرى هالاك بوپتۇ. قەپەس ئىچىدىكى ساهىبجامال:

— ئەي يىگىت، ياندىكى ئۆيدە بۇنىڭدىن يوغانراق بىر دىۋە بار. شۇنىمۇ هالاك قىلساڭ، ئاندىن بىز بۇ يەردىن چىقىپ كېتەلەيمىز، — دەپتۇ.

شاهزادە سەمەر ماقۇل بولۇپ، ياندىكى ئۆيگە كىرىپتۇ. بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئۇ دىۋىنىمۇ هالاك قىپتۇ. تەڭداشسىز گۈزەل پەرى ئەختەرنى 150 قاداقلىق ئالتۇن قەپەستىن ئازاد قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ شاهزادە سەمەر ئۈچ پەرىزاتنى باشلاپ، سىرتقا چىقىدىغان قۇدۇققا كەپتۇ. ئۇ قىزلارنى ئاۋۋال چىقىشقا ئۈندەپتۇ. قىزلار شاهزادىنى زورلاپتۇ. شاهزادە «سىلەرنىڭ چىقماي قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن. شۇڭا، سىلەر ئاۋۋال چىقىڭلار» دەپتۇ. مەلىكە ئەختەر: «ساڭا ئىشىنىمىز، بىراق ئاكىلىرىڭدا ئىشەنچ يوق. ئۇلار بىزنى دەپ سېنى ئۇنتۇپ قالارمىكىن. شۇڭا، سەن ئاۋۋال چىق» دەپتۇ. شاهزادە سەمەر: «ئاكىلىرىم ئۇنداق ۋاپاسىزلاردىن ئەمەس. ئۇنداق قىلمايدۇ» دەپتۇ. مەلىكە ئەختەر «ئەي يىگىت، ئەگەر ئاكىلىرىڭ هەقىقەتەن ۋاپاسىزلىق قىلسا، سەۋر قىلىپ ساقلاپ تۇرساڭ بىر جۈپ قوچقار كېلىدۇ. بوز قوچقارغا مىنمە. ئاق قوچقارغا مىنسەڭ سېنى ئۈستىگە ئاچىقىپ قويىدۇ» دەپ تاپىلاپتۇ.

شاهزادە سەمەر ئارغامچىنى لىڭشىتىپتۇ ۋە قىزلارنى ئارغامچىغا باغلاپ، بىردىن - بىردىن ئۈستىگە چىقىرىپتۇ. ئۈچ قىزنى كۆرگەن شاهزادە زەپەر بىلەن شاهزادە ئەمىرنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، ئارغامچىنى تاشلىۋېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇلار بىرىنچىدىن دادىسى ئالدىدا «دىۋىنى بىز ئۆلتۈردۇق» دەپ ماختانماقچى، ئىككىنچىدىن ساهىبجامال ئەختەرنى ئىنىسىدىن تارتىۋالماقچى ئىكەن. ئىككى شاهزادە شۇڭا ئىنىسىنى قۇدۇقتا قالدۇرۇپ، ئۈچ قىزنى ئېلىپ ئۆز شەهىرىگە يول ئاپتۇ ۋە شەهەرگە كىلىپ دادىسىغا ئەهۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— بىز — دەپتۇ ئۇلار دادىسىغا، — دىۋىنى

ئىزدەپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ماڭغانىدۇق. ئىككىمىز دىۋىلەرنى تېپىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، بۇ ئۈچ پەرىزاتنى ئېلىپ كەلدۇق. ئىنىمىز سەمەر بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ كېلەلمىدى. بەلكىم، دىۋىلەر ئۇنى ھالاك قىلغان بولۇشى مۇمكىن...

شاھ كەنجى ئوغلى سەمەرنىڭ دەردىدە يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. بىراق ئورنىغا كەلمەپتۇ.

ئەمدى گەپنى يەنە قۇدۇقتا قالغان شاھزادە سەمەردىن ئاڭلايمىز. مەرد، سادda، ئاق كۆڭۈل سەمەر، ئاكىلىرىنىڭ ۋاپاسىز، نامەردلىكىدىن غەزەپلىنىپتۇ. دانىشمەن مەلىكە ئەختەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ راستلىقىغا قايىل بولۇپتۇ. ئۆز خىيالىغا بەند بولۇپ تۇرسا، مەلىكە ئەختەر ئېيتقاندەك ئۇنىڭ ئالدىغا بىر جۈپ قوچقار كەپتۇ. پىكىر - خىيالى چېچىلىپ تۇرغان سەمەر ئالدىراپ كەتكەچكە ئاق قوچقارغا مىنىدىم دەپ بوز قوچقارغا مىنىپ قاپتۇ. قوچقار بولسا ئۇنى ئېلىپ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپتۇ ۋە بىر جايغا ئەكىلىپ چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ شاھزادە سەمەر يەر ئاستى مەملىكىتىدە قاپتۇ.

نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالغان شاھزادە سەمەر تەۋەككۇل دەپ بېشى قايغان تەرەپكە قاراپ سەپەر باشلاپتۇ ۋە قىرىق كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، بىر جاڭگالغا كىرىپ قاپتۇ. ئۇنى ئۇسسۇزلۇق قىيىناشقا باشلاپتۇ. ئۇ مىڭبىر جاپادا جاڭگالدىن ئۆتۈپ بىر مەھەللىگە ئۇلىشىپتۇ. چاڭقاپ كەتكەن شاھزادە سەمەر ئۇدۇللا بىر ئۆيگە كىرىپ ئۇسسۇلۇق سوراپتۇ. ئۆيدىكىلەر: «بۇ يەردە ئارتۇق سۇ يوق. ھەممىمىز چەكلىك سۇ بىلەن ئارانلا جان ساقلاپ كېلىۋاتىمىز» دەپتۇ. شاھزادە سەمەر ھەيران بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن. ئۆي ئىگىسى:

— بىزنىڭ پادىشاھىمىز خەلقپەرۋەر، ئادىل پادىشاھ ئىدى. پۇقرالارمۇ خاتىرجەم ھەم باياشات ئىدى. يېقىندا بىر ئەجدىھا شەھىرىمىزگە كېلىپ شاھقا تەھدىت سالدى. يەنى ئۆزىنىڭ شەھىرىمىزگە كېلىدىغان سۇنى توسۇۋالماقچى بولغانلىقىنى، ئەگەر سۇ ئىچمەكچى بولسا كۈنلۈك تامىقى ئۈچۈن بىر تەڭگە پۇلو بىلەن بىر قىز ئاپىرىپ بېرىش لازىملىقى، ئۇنداق قىلمىسا پۈتۈن يۇرتنىڭ قۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇڭا، پادىشاھىمىز ئەجدىھا بىلەن كېلىشىپ شەرتلەشتى. شەرتكە ئاساسەن، ئەجدىھا شەھەرگە كېلىدىغان دەريانى پۈتۈنلەي توسۇۋالمايدىغان، پادىشاھ ھەر كۈنى ئەجدىھانىڭ تامىقى ئۈچۈن بىر تەڭگە پولو بىلەن چىرايلىق بىر قىزنى ئەۋەتىپ بېرىدىغان، شۇ ئارقىلىق شەھەرنى، پۇقرالارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. ھازىر ئەجدىھا دەريانى توسۇپ ياتىدۇ. ئۇ ھەر مىدىرلىغاندا ئۆتۈپ كەتكەن سۇ بىلەن نورمىلىق تەمىنلىنىمىز. شۇڭا، شەھەر كۈندىن - كۈنگە خارابلىشىپ، پۇقرالارمۇ گادايلىشىپ كەتتى، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە سەمەر غەزەپلىنىپ، ئەجدىھا ياتقان جاينى سوراپتۇ.

— ئەجدىھا ئاشۇ ئاق تاغنىڭ يېنىدا، ئاق تاغ بولسا ئەجدىھا يېگەن قىزلارنىڭ سۆڭىكى بىلەن پەيدا بولغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۆيدىكىلەر ياش تۆكۈپ.

شاھزادە سەمەر ئاق تاغقا قاراپ يول ئاپتۇ. بېرىپ قارىسا يوغان، بەتبەشىرە، بەتھەيۋەت بىر ئەجدىھا سوزۇلۇپ دەريانى توسۇپ ئۇخلاپ ياتقۇدەك. چىرايلىق بىر قىز بىر تەڭگە پولونى تۇتۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرغۇدەك.

شاھزادە سەمەر قىزدىن ئەھۋال سوراپ ھەممىنى بىلىپتۇ. قىزغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ. سۇدىن قېنىپ ئىچىپ، پولودىن تويغۇچە يەپتۇ. قىزنى قايتۇرۇۋېتىپ، قىلىچىنى ئېلىپ جەڭگە تەييار

تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئەجدىھا ئويغىنىپتۇ. ئەتراپقا قاراپ، شاھزادە سەمەرنى ھەم بىكارلاپ قويۇلغان تەڭنىنى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن ئوت پۈركۈپتۇ. ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوتتا دەل - دەرەخ، تاغۇ تاشلار ۋىژىلداپ كۆيۈپ كېتىپتۇ. بىراق، شاھزادە سەمەرگە تەسىر قىلالماپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەجدىھا كۈچەپ دەم تارتىپتۇ. بۇنى مۆلچەرلەپ تۇرغان سەمەر ئىككى قولى بىلەن قىلىچنى توغرىسىغا تۇتۇپ، ئۆزىنى قويۇپ بېرىپتۇ ۋە ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن كىرىپ ئايىغىدىن چىقىپتۇ. ئەجدىھا ئىككى پارچە بولۇپ يىقىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن ئاققان قان بىلەن قىپقىزىل بويالغان دەريا شەھەرگە قاراپ ئېقىپتۇ.

ئەمدى گەپنى قىزدىن ئاڭلايمىز.

قىز ئەسلىدە پادىشاھنىڭ قىزى ئىكەن. شەھەرگە قىز تۆگەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىلاجسىز بۇ قىز ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بارغانىكەن. پادىشاھ ساق - سالامەت ئۆيگە يېنىپ كەلگەن قىزىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. قىز بولغان ئەھۋالنى دادىسىغا ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بىر تەرەپتىن خۇرسەن بوپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن شاھزادە تەقدىردىن ۋە كېيىن قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ قورقۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا چاپارمەنلىرى كىرىپ، دەرياغا سۇ كەلگەنلىكىنى، بىراق، سۇنىڭ قىپقىزىل قان بولۇپ ئېقىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ. بۇنىڭدىن تېخىمۇ ھەيران بولغان پادىشاھ پۇقرالارنى ئەگەشتۈرۈپ، دەريانى بويلاپ تاغقا يول ئاپتۇ.

ئەمدى شاھزادە سەمەرگە كېلەيلى. شاھزادە سەمەر ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئىسپات قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تېرىسىدىن بىر تال تاسما تىلىپ، ئۇنى سۆرەپ تاغدىن چۈشۈپتۇ. قارىسا پادىشاھ باشلىق پۈتكۈل پۇقرالار سەمەرگە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. ئادەملەرنىڭ بەزىسى ئەجدىھا تېرىسىدىن تىلىنغان تاسمىنى كۆرۈپ قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. بەزىسى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. شاھزادە سەمەر ئۇلارنى قورقماسلىققا ئۈندەپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى بىرمۇبىر بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر يىگىتكە رەھمەت - تەشەككۇر ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ. ھەم ئوردىغا باشلاپ، شاھانە كۈتۈۋاپتۇ. يۇرتقا قىرىق كېچە - كۈندۈز توي تارتىپ قىزىنى شاھزادە سەمەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ. شاھزادە سەمەر يەر ئۈستىنى، ئۆز يۇرتىنى بەكمۇ سېغىنىپتۇ. ئويان ئويلاپ - بويان ئويلاپ، ئاخىر بۇ ئويىنى پادىشاھقا ئېيتىپتۇ. چۈنكى، پادىشاھ ئۇنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى بەجا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن.

پادىشاھ ئويلىنىپ كۆرۈپ، «بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بىراق بىر ئورمانلىقتا بىر سۇمۇرغ قۇش بار. ھەر يىلى ئۇنىڭ باللىرىنى بىر چوڭ يىلان يەپ كېتىدىكەن. سىز باھادىر بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن يىلاننى ئۆلتۈرەلەيسىز. سۇمۇرغ قۇشنىڭ باللىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ قويسىڭىز ئۇ سىزگە ياردەم قىلىدۇ. يەر ئۈستىگە پەقەت شۇ قۇشلا چىقالايدۇ» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

مەسلىھەتنى قوبۇل قىلغان شاھزادە سەمەر پادىشاھ ھەم مەلىكىسى بىلەن خوشلىشىپ، يىراق ئورمانلىقنى كۆزلەپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قانچە تاغلاردىن ئاتلاپ، قانچە دەريالارنى كېچىپ، ئاخىر ئورمانلىققا يېتىپ كەپتۇ. ئىزدەپ يۈرۈپ ناھايىتىمۇ تەستە سۇمۇرغ ئۇۋىسىنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. بىرھازا ئۆتكەندە قارىسا بەكمۇ يوغان بىر يىلان كېلىپ، سۇمۇرغ باللىرىنى يېيىش ئۈچۈن قارىغايغا يامىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادە سەمەر قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ

ئېلىپ، يىلاننى پارە - پارە قىلىپ تاشلاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان سۇمۇرغ باللىرى خۇشاللىقىدىن چۇرۇقلىشىپ سايرىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار «ھەي ئادەم بالىسى، سەن بىزگە ھاياتلىق ئېلىپ كەلدىڭ. سېنىڭ قانداق تەلىپىڭ، نېمە ھاجىتىڭ بولسا ئېيتقىن. بىز تەييار» دەپتۇ. شاھزادە سەمەر «مېنىڭ يەر ئۈستى دۇنياسىغا چىقىش تەلىپىم بار» دەپتۇ. سۇمۇرغ باللىرى «ھەي ئادىمىزات، بۇ بىزنىڭ ئانىمىزنىڭلا قولىدىن كېلىشى مۇمكىن. ئانىمىز كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. كېلىپ قالسا، ئۇقۇشماي سېنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا، يوشۇرۇنۇپ كۈتۈپ تۇرغىن» دەپتۇ.

شاھزادە سەمەر يوشۇرۇنۇپ كۈتۈپتۇ. بىردەمدىن كېيىن قاتتىق بوران چىقىپ، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇ ۋە سۇمۇرغ كېلىپ قارىغاي شېخىغا قونۇپتۇ. قارىسا باللىرى ساق - سالامەت تۇرغۇدەك. سۇمۇرغ خۇرسەن بوپتۇ. شۇ چاغدا باللىرى ئۇنىڭغا «بىر يوغان يىلان بىزگە ئېتىلغانىدى. بىر ئادىمىزات كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ بىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى» دەپ مەلۇم قىپتۇ. سۇمۇرغ: «قېنى ئۇ ئادىمىزات؟ مەن ئۇنىڭ ھەر قانداق تەلىپىنى ئورۇنلاي» دەپ خىتاب قىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھزادە سەمەر يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن چىقىپ سۇمۇرغقا سالام قىپتۇ ۋە تەلىپىنى ئېيتىپتۇ. سۇمۇرغ: «ئۇنداق بولسا ئىككى كالا تېپىپ تۇلۇمچىلاپ سوي. ئۇنىڭ بىرىگە ئىككى كالىنىڭ گۆشىنى، يەنە بىرىگە سۇ ئالغىن. يول ئۈستىدە، ئوڭ تەرەپكە قارىسام گۆش بېرىسەن، سول تەرەپكە قارىسام سۇ بېرىسەن. بىز شۇندىلا مەنزىلگە يېتىپ بارالايمىز. تەييارلىق قىلغىن» دەپتۇ.

شاھزادە سەمەر تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار سەپەرگە چىقىپتۇ. سۇمۇرغ بۇلۇتلار قېتىدىن، قارلىق تاغلاردىن، ئوت - يالقۇنلۇق ھاڭلاردىن، چۆل - جەزىرىلەردىن ھالقىپتۇ. يول ئۈستىدە، سۇمۇرغ ھەر قېتىم ئوڭ تەرەپكە قارىسا شاھزادە سەمەر ئۇنىڭ ئاغزىغا گۆش ساپتۇ. سول تەرەپكە قارىسا سۇ بېرىپتۇ. ئۇلار شۇ تەرىقىدە قىرىق كېچە - كۈندۈز ئۇچۇپتۇ. ئاخىرقى قېتىم سۇمۇرغ ئوڭ تەرەپكە قارىغىنىكەن. شاھزادە سەمەر ئىككىلەنمەيلا يوتىسىنى كېسىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا ساپتۇ. سول تەرەپكە قارىغانىكەن، قىپقىزىل قېنىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا قويۇپتۇ. چۈنكى، تۇلۇمدا گۆشمۇ، سۇمۇ تۈگىگەنىكەن. ئۇلار ئاخىرى مەنزىلگە يېتىپتۇ. شاھزادە سەمەر يەر ئۈستى دۇنياسىغا چىقالىغىنىدىن خۇرسەن بولۇپ سۇمۇرغقا رەھمەت ئېيتىپتۇ.

سۇمۇرغ:

— ھەي ئادىمىزات، كېيىنكى بەرگەن گۆشۈڭ ئاجايىپ تاتلىق گۆش ئىكەن. سەن ماڭا نېمىنىڭ گۆشىنى بەرگەنىدىڭ، — دەپ سوراپتۇ.

شاھزادە سەمەر:

— گۆش تۈگەپ قالغىنى ئۈچۈن يوتامنىڭ گۆشىنى شىلىپ بەرگەنىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سۇمۇرغ بىرلا تۈگۈلۈپ قۇسۇپ، شاھزادە سەمەرنىڭ يوتىسىنىڭ گۆشىنى چىقىرىپتۇ - دە، ئۇنى شاھزادە سەمەرنىڭ كېسىلگەن يېرىگە چاپلاپ قانىتى بىلەن بىرلا سىيپاپ، ئۇنى ئۆز ئەسلىگە ئەكىلىپ ساقايتىپتۇ. ئاندىن شاھزادە سەمەرگە قاراپ:

— ھەي ئادىمىزات، سەن ھەقىقەتەنمۇ ۋاپادار ھەم مەرد ئىكەنسەن. مەنمۇ بۇنى ئەبەدىي ئۇنۇتمايمەن. قاچان بېشىڭغا كۈن چۈشسە، مۇنۇ پېيىمنى كۆيدۈرسەڭ، يېنىڭدا ھازىر بولۇپ خىزمىتىڭدە بولىمەن، — دەپتۇ ۋە شاھزادە سەمەرگە

تۆت تال پېيىنى بېرىپ خوشلىشىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

شاھزادە سەمەر ئۆز يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ ۋە شەھەرگە ئاز قالغاندا كىيىم ئالماشتۇرۇپ ئاددىيغىنا كىيىنىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى يوشۇرۇپ شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ بىكۆيۇم ئاكىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقماقچى بوپتۇ. شۇڭا، بىر تاقىچى ئۇستىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ. تاقىچى ئۇستا خېرىدارسىز بىكار تۇرغانىكەن. سەمەرنىڭ كېلىشى بىلەن بازىرى يۈرۈشۈپ، نۇرغۇن كىشىلەر تاقىلىتىش ئۈچۈن ئاتلىرىنى ئېلىپ كەپتۇ. ئىشلىرىنىڭ بىردىنلا يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تاقىچى بۇنى سەمەرنىڭ نەزەرىدىن كۆرۈپتۇ ـ دە، ئۇنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ شاھزادە سەمەر تاقىچى ئۇستىغا شاگىرت بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ جاكارچىسى كوچىدا «كىمكى يۈز قاداق ئالتۇندا قەپەس ياساپ بەرسە، يۈز قاداق ئالتۇن بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. قەپەس مەلىكىگە يارىمىسا، كاللىسى ئېلىنىدۇ. بۇ ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ يارلىقى» دەپ جار ساپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە قەپەسنى ياساشنى ئۆز ئۈستىگە ئالماقچى بوپتۇ. ئۇستىسى بولسا «بۇ كاللا كېتىدىغان ئىش» دەپ ئۇنى توسۇپتۇ. سەمەر بولسا گېپىدىن يانماپتۇ. ئۇ «ھەرقانداق ئىش بولسا، ئۆزۈم ھۆددىسىدىن چىقىمەن. سىزگە بالا كەلتۈرمەيمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئىشتىن ياندۇرالمىغان تاقىچى ئۇستا بولسا قورقۇپ: «نېمە بالا كەلسە ئۆزۈڭنىڭ شورى، مېنى ئارىلاشتۇرما. دۇكان ساڭا قالدى. مەن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىپ تۇراي» دەپ كېتىپ قاپتۇ.

شاھزادە سەمەر قىرىق كۈنلۈك سۈرۈك بىلەن قەپەسنى ياساشقا ئەھدە قىپتۇ. ئۇ يۈز قاداق ئالتۇننى ئۆيگە بېسىپ قويۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋېرىپتۇ. ئارىدىن ئوتتۇز كۈن ئۆتۈپتۇ. سەمەر شۇ چاغدا سۇمۇرغ پېيىنى كۆيدۈرۈپتۇ. سۇمۇرغ يېتىپ كەپتۇ ۋە سەمەرنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يەر ئاستى دۇنياسىدىكى دىۋە قەسرىدە قالغان يۈز قاداقلىق ئالتۇن قەپەسنى ھازىر قىپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي شاھنىڭ مۇلازىم ـ غۇلاملىرى كېلىپ: «ئەگەر ھۆددىسىدىن چىقالىساڭ، يەنە بىر يۈز يىگىرمە قاداقلىق بىر ئالتۇن قەپەس ياسىغىن. قەپەس پۈتكەندە ئىككىسىنى بىرگە ئېلىپ پادىشاھقا ھەدىيە قىلايلى» دەپتۇ. شاھزادە سەمەر بۇنىڭغا كۆنۈپتۇ. شاھنىڭ چاكىرى سەمەرگە بىر يۈز يىگىرمە قاداق ئالتۇن ئەكىلىپ بېرىپ قايتىپتۇ. يەنە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. ئوتتۇز كۈن بولغاندا ھېلىقى چاكىرى كېلىپ «ئەگەر ھۆددىسىدىن چىقالىساڭ پادىشاھ يەنە بىر يۈز ئەللىك قاداقلىق بىر ئالتۇن قەپەس بۇيرۇتماقچى» دەپتۇ. شاھزادە سەمەر بۇنىمۇ قوبۇل قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شاھزادە سەمەر سۇمۇرغ ئارقىلىق ئۈچ قەپەسنى ئەكەلدۈرۈپ خاتىرجەم ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ۋاقتى ـ سائىتى كېلىپ ئۈچ قەپەس ئوردىغا يۆتكىلىپتۇ. بۇ قەپەسلەرنى كۆرگەن شاھ كۆزىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ. ئۇستىكارغا قايىل بوپتۇ ھەمدە قەپەسلەرنى ئۈچ پەرىزاتقا كۆرسىتىپتۇ. پەرىزاتلار قەپەسلەرنى كۆرگەندىن كېيىن شاھزادە سەمەرنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ. كۆڭلى ئېچىلىپ ئىچ ـ ئىچىدىن شادلىنىپتۇ، بولۇپمۇ ئەختەر ئىسىملىك پەرىزات بەكلا خۇش بوپتۇ، ئەسلىدە ئەختەرگە، زەپەرنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قېلىپ ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويغان چاغدا، ئۇنىڭغا يۇقىرىقىدەك قەپەس ياسىتىش شەرتىنى قويغانىكەن.

— ئى مەلىكەم، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، — دەپ

سۆز باشلاپتۇ زەپەر، — قەپەسلەرنى ياساتتىم.
ئەمدى تاقىتىم قالمىدى، شۇڭا مەن بىلەن تويى
قىلىپ، قايغۇ ـ ھەسرەتتىن خالاس ئەتسىڭىز.

— ئالدىرىماڭ شاھزادە، — دەپتۇ ئەختەر
سوغۇقلا كۈلۈپ، ئەمدى ئاكا ـ ئۇكا ئىككىڭلار
ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈڭلار. قايسىڭلار ئۇتۇپ
چىقساڭلار شۇنىڭغا نىكاھلىناي.

بۇ شەرت لەشكەر ئارقىلىق ۋەزىرلەرگە، ۋە-
زىرلەر ئارقىلىق شاھقا مەلۇم بوپتۇ. شاھمۇ قا-
يىل بوپتۇ. زەپەر بىلەن ئەمىر پۇختا تەييارلىق
قىلىپ، ئۆزلىرى تاللىغان ئارغىماقلىرىنى توقۇپ
بەيگىگە چۇشۇشكە ھازىر بوپتۇ. پادىشاھ پۈتكۈل
جامائەتنى بىر چوڭ سورۇنغا يىغىپ بەيگىنى كۆ-
رۈشكە پەرمان چىقىرىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان
سەمەر بەيگىگە قاتنىشىش نىيىتىگە كەپتۇ ـ دە،
سۇمۇرغ قۇش ئارقىلىق يەر ئاستى شەھىرىدىن
ئۇچقۇر تۇلپارنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. ئاندىن تۆمۈرچى
ئۇستىسىغا ئويىنى ئېيتىپ، ئېتىنى بېرىپ تۇ-
رۇشنى ئىلتىجا قىپتۇ، ئۇستىسى ئارىسالدىلىق
ۋە تەشۋىش ئىچىدە ئېتىنى بېرىپتۇ. بەيگە باش-
لىنىش پەيتىمۇ يېتىپ كەپتۇ. بەيگە مەيدانى ئا-
دەم دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ. سەمەر ئۇستىسىنىڭ
ئېتىنى يوشۇرۇپ قويۇپ ئۇچقۇر تۇلپارنى جاب-
دۇقلاپ مىنىپ بەيگە مەيدانىغا بارسا ئىككى ئا-
كىسى بەيگىگە ئاتلانغۇدەك، سەمەر تۇلپارنى
شۇنداق قامچىلىغانىكەن، ئۇلارنىڭ ئېتى مەيداننى

بىر ئايلانغۇچە، ئۇ بەش ئايلىنىپ چىقىپتۇ. بۇنى
كۆرگەن شاھ ھەم ھەيران بوپتۇ ھەم غەزەپلىنىپ-
تۇ ـ دە، بەيگىنى توختىتىپ سەمەرنى تۇتۇپ
كېلىشكە بۇيرۇپتۇ، سەمەر شاھ ئالدىغا كېلىپ
ئەدەپ بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ ۋە بېشىدىن
ئۆتكەن ئىشلارنى قىسقىلا بايان قىپتۇ، شاھ ئوغ-
لى سەمەرنى تونۇغاندىن كېيىن ئۇنى باغرىغا بې-
سىپ شادلىق يېشى تۆكۈپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ
ئۆزىنىڭ كېيىنلىكىدىن ئەنسىرىگەن زەپەر بىلەن
ئەمىر ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە يىراق ـ يىراق
جايلارغا قاراپ قېچىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بولغان
ئەھۋاللارنى پۈتكۈل شەھەر خەلقىگە جاكارلاپتۇ،
ئىككى ئوغلىنىڭ ۋاپاسىز، نامەردلىكىگە چەكسىز
لەنەت ئوقۇپ، ئوغلى سەمەرنىڭ ھايات ئىكەنلى-
كىدىن مەمنۇن بوپتۇ. يۇرتقا قىرىق كېچە ـ
كۈندۈز داغدۇغىلىق مەرىكە ـ توي ئۆتكۈزۈپ،
مەلىكە ئەختەرنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇ-
نىڭغا تۇتۇپتۇ. قالغان ئىككى مەلىكىنى تەلىپى
بويىچە ئۆز يۇرتلىرىغا ئۇزىتىپتۇ.

پۈتكۈل شەھەر شادلىققا تولۇپتۇ. پادىشاھ
ھېلىقى باغقا ھەشەمەتلىك بىر ساراي سالدۇرۇپ
شاھزادە سەمەر بىلەن مەلىكە ئەختەرگە سوۋغا
قىپتۇ ھەم پادىشاھلىقنىمۇ ئۆتۈنۈپتۇ. شۇنداق
قىلىپ ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرلاشقىنىغا قەدەر
بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قەشقەر يوپۇرغا ناھىيەسىدىن خەيرىنىسا نىياز

(رەتلىگۈچىلەر: ئۇچقۇنچان ئۆمەر «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن دەم ئېلىشقا چىققان، ئەنۋەر ئابلەت شەيدائىي يوپۇرغا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتە)



# بېيت - قوشاقلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بوغدا ئابدۇللا

## تۇرپان قەدىمي توي - مۇراسىم تېكستلىرى

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ئەدەبىياتشۇناس ئالىم، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرىي پىرافېسسورى مەرھۇم ساۋۇتجان موللاۋۇدۇۋ بىر قېتىملىق ئۇرۇمچى سەپىرىدە بۇ قوليازمىنىڭ فوتوكوپىيەسىنى ماڭا قالدۇرۇپ، نەشرگە تەييارلىشىمنى ھاۋالە قىلغانىدى.



بۇ قوليازما پېتىربۇرگ شەھىرىدە رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ فوندىدا ساقلانغان بولۇپ، مەزكۇر قوليازمىنى ئاتاقلىق ئالىم، ئاكادېمىك سېرگېي ئولدىنبۇرگ مۇشۇ شەھەرنىڭ ئاسىيا مۇزېيىغا 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاپشۇرغانىكەن.

س . ئولدىنبۇرگ 1909 - يىلى ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيەچى سۈپىتىدە تۇرپان تەۋەسىگە كەلگەن. ئۇ ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن يارغول، بېزەكلىك، ئىدىقۇت قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇنلىغان ئاسارئەتىقىلەرنى، قىممەتلىك قوليازمىلارنى يىغقان. ئالىم 1910 - يىلى 130 پارچىغا يېقىن قوليازمىنى (بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل - قۇلۇب»، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمىنىيە»، شەمسۇلمەئالىي قابۇسنىڭ «قابۇسنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ قوليازمىلىرىمۇ بار ئىكەن) پېتىربۇرگقا ئېلىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر خەلق بېيىت - قوشاقلىرىنىڭ نەچچە ئەسىرلىك تارىخىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن بۇ يازما نۇسخا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ توي - تۆكۈن ئادەتلىرىنى بىلىشىمىزدە، ھازىر-

قى بېيىت ـ قوشاقلار، مۇقام تېكىستلىرى، ناخشا تېكىستلىرى بىلەن ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىمىزدا، بولۇپمۇ قەدىمكى توي ـ مۇراسىم قوشاقلىرىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر جەريان بويىچە، قائىدىلىك، رەتلىك ئېيتىلىش ئۇسۇللىرىنى بىلىش، ئۆگىنىشتە تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەزكۇر قوليازما «ئۇمىدى» تەخەللۇسىدىكى تۇرپان قاراغۇجىلىق كاتىپ تەرىپىدىن ياۋروپا قەغىزىگە ھۆسنخەت بىلەن ئەينى چاغدىكى چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن. ئەمما، كاتىپ ئەسەرلەرنى قەلەمگە ئېلىش جەريانىدا بەزى سۆز ـ ئىبارىلەردە كەتكۈزۈپ قويغان. قەدىمكى تېكىستلەرنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجى بويىچە بۇ تېكىستلەرگە ئومۇمىي ماۋزۇ قويۇلغاندىن باشقا تىپىك بولمىغان ئايرىم كۆپلەپتلار قىسقارتىلدى، بۇزۇلغان ئىبارىلەر تۈزىتىلدى.

توي باشلاغاندا بۇ قىسمى يەللاھ ئايتادۇر:

ئاھ يەللاھەي، ئاھ يەللاھەي، تاغدىن تۈشتۈم تويۇڭغە،
ئاھ يەللاھەي، مۇبارەك بولسۇن بويۇڭغە، ئاھ يەللاھەي.
ئاتا ـ ئاناڭ مازوز بولسۇن قىرچىن تالدەك بويۇڭغە، ئاھ ھەي يەل،
ئاھ يەللاھەي، ئاھ يەللاھەي، تاغدىن تۈشكەن، ئاھ، لاي سۇنى
سۈزۈپ ئىشكەن ئەر بارمۇ؟ ئاھ يەللاھەي، ئاھ يەللاھەي.
قىز باشىغە كۈن تۈشتى، ئاھ يەللاھەي، ئاھ يەللاھەي،
ئەۋ قاشقالى ئەر بارمۇ؟ ئاھ يەللاھەي، ئاھ يەللاھەي.
كاتتا كۆڭلەك يېڭى تار ئاھ يەللاھەي، ئاھ يەللاھەي،
كاتتا كۆزلەر ئىچىدە ئاھ يەللاھەي، ئاھ يەللاھەي،
بىرى ئالما، بىرى نار، ئاھ يەللاھەي، ئاھ يەللاھەي.
باغ ـ باغ ئەتكىن باغىرتاغ، ئاھ يەللاھەي، ئاھ يەللاھەي،
بارسام دىسەم يول يىراق، ئاھ يەللاھەي، ئاھ يەللاھەي،
يىراقدەكى، ئاھ، توققاندىن، ئاھ يەللاھەي، ئاھ يەللاھەي،
يىراقدەكى، ئاھ، توققاندىن ئاھ يەللاھەي، ئاھ يەللاھەي،
ياندار خوشنا ياخشىراق، ئاھ يەللاھەي، ئاھ يەللاھەي.

ئاندىن داپ، دۇتار، ستار چالىپ بۇ قىسمى ناقشى ئايتىپ مەشرەپ قىلادۇر:

دەرد ـ ئەلەم ماڭا كېلىپ مەن يىغلاماي كۈلەرمۇمەن،
ھالال ئاش تافىلماسە، ھەرام يېمەي ئۆلەرمۇمەن.

يار دردىدە ئاۋارە، بولدى يۈرەكىم فارە.
ئۆزۈڭ بىلەسەن يارىم، بۇ دردكە نېمە چارە.
ئاتىنىڭ ئاتلاقى باردۇر، يارنىڭ تاتلىقى باردۇر.
ھەر كىشىنىڭ يارى بولسە، جاندىن ئەزىز ياردۇر.
باراسەن بىر ـ بىر باسىپ، دەريا سۇيىدەك ئايرىلىپ.
مۇنچە باغىر قاتۇرمۇ، باقمادىڭ بىر قارىلىپ.

سەنمۇسەن سەن بىلىسەن، سەن ئۆلتۈرەي دېدىڭمۇسەن،
باشىمغە بالانى كەلتۈرەي دېدىڭمۇسەن.
سېنى مەن كۆپ بىلمەمەن، كۆڭلۈڭ ماڭا مايىل ئەمەس،
ئۆلتۈرۈپ زار يىغلاسام، سەندىن مۇراد ھاسىل ئەمەس.
سېنى ئاندا، مېنى موندا ئىنتىزار ئەتتى خۇدا.
بەندەسىگە سالماسۇن مۇنداق جۇدالىقنى خۇدا.
كەتتى دەپ كۆڭلۈڭنى بۇزما، يانماسۇن لەئنەت ماڭا،
مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن كۆڭلۈم قالۇر يارىم ساڭا.
ئات بولسە سېمىز بولسە، يول بولسە يىراق بولسە.
يىراقنى يەقىن دەيمىز، كۆڭۈلدىكى يار بولسە.

ئاندىن قىزنى كۆچۈرگەندە بۇ قىسمى ھايلاڭ ئايتادۇر:

بارسام ـ بارسام ياز بۇلادۇر، يەتسەم زېمىستان، يار ـ يار.
ئاي كەچكەن، ئاھ كۈنۈم، ئاھ، كەچكەيمۇ، ئاھ، سەندىن ئايرىلسام يارى ـ يار.
ئاھ، يامان يولبارس، ئاھ، يولدا ياتىپ، ئاھ، شىرغە يول بەرمەس، يارى يارى يار.
ئاتاسىنىڭ قارغۇشىغە كەتكەن، ئاھ ئىلگىرى كەلمەس، ئاھ، ھايلاڭ، يارى ـ يار.
ئاھ، ئاتام بولسە، ئاھ، ئانام بولسە، ئاھ، ئۆلۈم بولماسە، ئاھ، ھاي يار.
ئاھ، ئۆلگەنلەرغە، ئاھ، بېھىشت بولسە، ئاھ، دەۋزەخ بولماسە، ئاھ، ھاي يار ـ يار.
ئاھ، ئاتام سەنسەن، ئاھ، ئانام سەنسەن، ئاھ، گۈلدەك ناماتى، يارى يار ـ يار.
مىنگەن ئاتىم، ئاھ، كىيگەن، ئاھ، تونۇم، ئاھ، يارنىڭ دۆلىتى، يارى يار ـ يار.
ئاخشام بولسە ھەر ئۆيلەردە، ئاھ، چىراغ كۆيەدۇر، ئاھ، ئاھ يار.
ئاھ، چىراغ ئەمەس، ئاھ، يارغىنامنىڭ، ئاھ، باغرى كۆيەدۇر، يار ـ يار.

ئاندىن قىزنى بىر كېچە قوندۇرۇپ، غوجۇرا مەجلىس دەپ ئۇششاق يىگىتلەر يېرىم كۈن ئوينايدۇر. بۇ يىگىتلەر ئۆزۈم، قوغۇن، ئالما، ھەر قىسىم مېۋە ئالىپ جوزا، تەخسەلارغە قۇل يا بولماسە شەلفەر كۆتۈرۈپ يوسۇن قىلىپ كىرىدۇر. بۇ قائىدەسى ئوتۇرىدا بىر كىشى «ئېگىز كىر» دەپ قولىدا بىر تاياق تۇتۇپ قىيقاس سالدۇرۇپ تۇرادۇر. مېۋەلەرنى ئالىپ بۇ قىسمى سۆز قىلادۇر: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھەججىڭ سەلامەت، بەر مۇھەممەد. ئېچىتىڭىزلار، يۇرۇڭىزلەر ئەلىيا فاشالىقنىڭ ھەكىم ئاغەچەنىڭ يەقىندىن يەقىن زالايا زالايا دەپ تۆرت ئاغىنەسى بار ئىكەندۇك. دوستىمىز ئەلىيا فاشالىقغە يېتىپدۇر. ئانىڭ مۇرىسىنى بىز ئۆزاتىپ بەرسەك، دەپ جوزادا توقۇز ـ توقۇز مېۋە ۋە تاخسەدە گېزەكلەرى بىرلە دەرمەھەل يېتىپ كېلىپدۇر. باركاللا، قىيقاس!» دەيدۇر. بۇ سورۇندا ئولتۇرغان نۇرغۇن يىگىتلەر ھەممەسى قولىنى كۆتۈرۈپ سۈرەن سالادۇر. كىرگەن مېۋەلەرنى جوزادا قويۇپ مېۋە يېيىشىپ ئولتۇرادۇر. ھەممە ئاغىنەلەرى ئادابولغاندا، ئاندىن قىز قوفۇپ بىر كىشىگە بىر دانەدىن چۈشرە تۇتۇپ بېرىدۇر، ئاندىن بۇ مەيدان تارايدۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

كىتاب نۇر بېكىتى
nurkitap.com



# رىۋايەتلەر

تولۇپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەد توختى ئەھمەد

## كەپىدارلار قىسمىتى

دانىشمەن بىر كۈنى ئۆزىنىڭ كۆشادە قورۇسىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرسا، بىر ئادەم كوچىنى چالا قويماي دەسسەپ لەيلىگىنىچە كىرىپ كەلگەنىكەن، دانىشمەن ئۇنىڭ ئەپتىگە شۇنداق بىر قاراپ:

— نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى كىشى:

— هاراقكەشمەن، — دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن، دانىشمەن دەرھال:

— كوچىغا چىق! — دەپ زەردە قىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھاراق، مۇسەللەس، مەيزاپخور كىشىلەر بۇ خىل ئىچىملىكلەرنى ئۆيدە ئىستېمال قىلىپ، كوچىدا لەلەڭلەيدىغان ئادەت شەكىللىنىپتۇ. هاراقكەش چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، لەۋلىرى مايلاشقان، كۆزلىرى خۇمارلاشقان يەنە بىر كىشى ئىنتايىن خۇشخۇي ھالەتتە كىرىپ كەپتۇ.

— نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن دانىشمەن.

— ئەپيۇنكەشمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى كىشى.

— بار، كۆرپىگە چىق! — دەپتۇ دانىشمەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەپيۇنكەشلەر ئەپيۇننى كۆرپە ئۈستىدە بېشىنى ياستۇققا قويۇپ يېتىپ چېكىدىغان ئادەت ئۇدۇم بولۇپ قاپتۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي كىيىملىرى توپا، چىرايى خاپا بىر كىشى بويىنىنى قىسقان پېتى يۇمشاق دەسسەپ كىرىپ كەپتۇ.

— نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن دانىشمەن.

— نەشىكەشمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى كىشى. دانىشمەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— خارابىلىككە بار، — دەپ قەھرى قىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نەشىكەشلەر ئۆزلىرىنى

كىشىلەردىن خالىي تۇتۇپ، نەشىنى خارابىلىكلەردە ياكى ئۆيدە مورىغا كەپلىشىپ چېكىدىغان ئادەت شەكىللىنىپ، «ئەپيۇن چەككەن بەڭگىنىڭ تەلپىكى سوقا، نەشە چەككەن بەڭگىنىڭ دولىسى توپا» دېگەن سۆز تارىلىپتۇ.

نەشكەش چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر كىشى ناسۋال قاپاقنى كۆتۈرۈپ، ساقىلىغا تۆكۈرۈپ كىرىپ كەپتۇ.

— نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ دانىشمەن. ئۇ كىشى:

— ناسكەشمەن، — دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن، دانىشمەن دەرھال:

— چىق پاسكىنا! — دەپ ۋارقىراپ ئۇنى قوغلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا:

ئەپيۇن پادشاھدۇر، مۇسەللەس ۋەزىر،

ناس پاسكىنادۇر، نەشە بىنەزەر.

دېگەن بېيىت تارالغانىكەن.

## بېھى نېمە ئۈچۈن شەربەتسىز ھەم توپا چىراي بولۇپ قالغان؟

رىۋايەت قىلىنىشىچە، لوقمان ھەكىم ئۇچارقۇش، ھايۋانات، ھەتتا ئۆسۈملۈك، دەل - دەرەخلەرنىڭمۇ «تىلى»نى بىلىدىكەن. ئۇ دائىم ھايۋانلار دۇنياسى ۋە گىياھزارلىقلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆز «تىل»لىرىدا «مەن ئۇنداق كېسەللىككە شىپاھ بولىمەن، مۇنداق كېسەللىككە زەرەر قىلىمەن...» دېگەندەك گەپلىرىنى ئاڭلاپ خاتىرىلىۋالىدىكەن ۋە تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى شۇ ئاساستا داۋالايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ داڭقى يۇرت - يۇرتقا تاراپ، جاي - جايلاردىن كەلگەن بىمارلارمۇ ئۇنىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە داۋالىنىپ شىپاھ تېپىۋېرىپتۇ. ئىش - ئۇقىتى راۋان ئېقىۋاتقان كۈنلەردە، لوقمان ھەكىم ئۆزىنىڭ خاتىرىلىۋالغانلىرىنى رەتلەپ رەسمىي بىر داۋالاش رىسالىسى تۈزمەكچى بولۇپ، ھايۋانات، ئۇچارقۇش، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەرنى تۈرى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ قارىسا، قولىيازمىدا بېھى دەرىخىنىڭلا نامى كۆرۈنمەپتۇ. ئەلۋەتتە، بېھىنىڭمۇ كېسەللىككە شىپا بولۇشى مۇمكىنلىكىنى نەزەردە تۇتقان ھەكىم بېھى دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىپ قانچە ئىلتىجا قىلىسىمۇ، بېھى دەرىخى ئۆزىنىڭ تەبىئىي ۋە شىپالىق خاسىيىتى ھەققىدە «زۇۋان» سۈرمەپتۇ. شۇ سەۋەبلىك بېھىنىڭ خۇسۇسىيىتى سىر ھالىتىدە قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە لوقمان ھەكىمنىڭ ھۇزۇرىغا ئۇنىڭ بىلەن ئۆز يۇرتلۇق بىر بىمار داۋا ئىزدەپ كەپتۇ. بۇ بىمارنىڭ ھالى بەكمۇ ناچار بولۇپ، پۈتكۈل ئەزايى ئاغرىيدىكەن. ھەكىم تومۇر تۇتۇپ، ئەھۋال سوراپمۇ ئۇنىڭ كېسەللىك سەۋەبىنى بىلەلمەپتۇ. خاتىرىلىۋالغان تامامى قولىيازمىلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇپمۇ تېگىشلىك داۋا ئۇچۇرىغا ئېرىشەلمىگەن ھەكىم، بۇ ساقايمايدىغان، شىپاسى يوق كېسەل ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ، تولىمۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا: «كېسىلىڭىزگە داۋا تېپىلمىدى، بىرنەچچە كۈنلۈككىلا ئۆمرىڭىز قالغاندەك تۇرىدۇ...» دەپتۇ. كېسەلنىڭ شىپا تېپىشىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى

ئۆزگەن ھېلىقى كىشى قايغۇ ۋە خامۇشلۇق ئىلكىدە بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ شەھەر سىرتىدىكى بىر بېھىزارلىقتا بېرىپ قاپتۇ ۋە بىر تۈپ بېھىنىڭ سايىسىدا ئۇخلىسىغا ياتقىنىچە خىيال سۈرۈپ بارا ـ بارا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ئويغانغان بىمار، لېۋىگە شېرىن ھەم يېپىشقاق بىر خىل سۇيۇقلۇقنىڭ تېمىپ توختاپ قالغانلىقىنى سېزىپ، لەۋلىرىنى تەمشىگىنىچە قارىغۇدەك بولسا، بېھىلەر راسا مەي باغلاپ پىشىپ تۇرغۇدەك. ئۇ چاغلاردا بېھى مېۋىسى شۇنچە يۇمشاق ھەم شەربەتلىك پىشاركەنمىش. بىمارنىڭ لېۋىگە تامغان سۇيۇقلۇقمۇ دەل ئەنە شۇ بېھىنىڭ شەربىتى ئىكەن. بۇ بىمار «ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ، بېھىگە راسا بىر تويۇۋېلىپ ئۆلەي» دەپ ئويلاپ، مېۋىلەرنى ھەدەپ ئۈزۈپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئېگەنسېرى كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقاندەك، روھى كۆتۈرۈلۈپ، كېسىلى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىپتۇ. بۇ كىشى نەچچە كۈن شۇ بېھىزارلىقتا بېرىپ بېھى يەۋېرىپ، نەتىجىدە كېسىلى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كىشى بازار ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، لوقمان ھەكىم بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بىمارنىڭ سەللىمازا ساقىيىپ قالغانلىقىدىن ھەيران بولغان ھەكىم بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ھېلىقى كىشى قانداق بولۇپ بېھىزارلىققا بېرىپ قالغانلىقى ۋە ئۇ يەردە بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنگەن لوقمان ھەكىم «بېھى ئەسلىدە ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان كېسەلگىمۇ شىپا بولىدىغان مېۋە بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ خاسىيىتىنى ماڭا سۆزلەپ بەرمەي، خەلقئالەم ئالدىدا مېنى مات قىلغانىكەن، دەپ ئاغرىنىپ، قاتتىق غەزەپلەنگىنىدىن، بېھى مېۋىسىنى شەربىتى ئېقىپ تۆكۈلگۈچە سىقىپمۇ دەردى چىقماي، بېھىگە بىر ئوچۇم تۇپراقنى چېچىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بېھىنىڭ مېۋىسى شەربەتسىز، پوستى تۈكلۈك ھەم توپا چىراي بولۇپ قالغانمىش.

(سۆزلەپ بەرگۈچى چىرا ناھىيە گۇلاخما يېزا كونا بازاردىن مەمتىمىن سۇلايمان)

## چىرا ئۆرۈكى ھەققىدە ئۈچ رىۋايەت

### 1

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى، تېبابەتچىلىكتىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بولسىمۇ، قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن تۇرمۇشىنى ئىزغا سالالمىغان بىر كىشى يۇرتمۇيۇرت ئارىلاپ، ئۆرۈك راسا مەي باغلاپ پىشقان مەزگىلدە چىراغا بېرىپ قاپتۇ. ئۇ كىشى ئۇياق ـ بۇياققا نەزەر تاشلاپ كېتىۋېتىپ، يول بويىدىكى ئېتىزدا بىر دېھقاننىڭ يەرگە چۈشكەن ئۆرۈكلەرنى شۇپۇلاپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ھۈنىرىم بۇ يەردە ئاقىدىغان بولدى. بۇ دېھقان ئۆرۈكنى يېگەندىن كېيىن قورسىقى ئېسىلىدۇ، شۇ پۇرسەتتە ئۇنىڭغا دورا بېرىپ ساقايتسام، شۇئان نامىم پۇر كېتىپ، بۇ يۇرتلار ھاجەت تىلەپ ماڭا يېپىشىدۇ» دېگەن خىيالدا بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ. ھېلىقى دېھقان ئۆرۈكنى تويغۇچە يېگەندىن كېيىن، ئېرىقتىكى

سۈنى دۈم يېتىپ ئىچكەنىكەن. يولۇچىنىڭ ئۈمىدى تېخىمۇ قاناتلىنىپ، «قورسىقى ئەنە ئېسىلىدۇ، مانا ئېسىلىدۇ» دەپ تۇرسا، ئۇ دېھقان يەپ بولغان ئۆرۈكچىنىڭ ئۆرۈكچىلىرىنى چېقىپ مېغىزىنى يېيىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن يولۇچى: «بۇ يۇرتلۇقلار كېسەلنىمۇ، ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ ئۆزى تاپىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەمچىگە ھەرگىز ھاجىتى چۈشمەيدىكەن» دېگىنىچە ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىپ قاپتۇ.

## 2

رىۋايەت قىلىنىشىچە، سەپەردە كەچ قالغان بىر توپ كارۋان چىرانىڭ ياقىسىدىكى ئۆرۈكزار باغلىق بىر ھويلىدا چۈشكۈن قىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار ھويلا بېغىدىكى ھەر تۈرلۈك ئۆرۈكلەرنى كۆرۈپ زوقلانغىنىدىن، باغقا كىرىپ ئۆرۈك ئىرغىتىپ يەۋېتىپ، بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ قولى يەتمەيدىغان شاخلىرىدا قىزغۇچ تاۋلىنىپ تۇرغان مېۋىلەرگە كۆزلىرى چۈشۈپتۇ ـ دە، ھەرقانچە ئىرغىتىپمۇ ئۇنىڭدىن بىرەر تال مېۋە چۈشۈرەلمەي: «چۈشمىگەن مېۋە ئاچچىق بولىدۇ» دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چىراغا «ئاچچىق ئۆرۈك» لەقىمى سىڭىپ قاپتۇ. ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا، «بوي يەتمىگەن مېۋە ئاچچىق» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانمىش.

## 3

بۇرۇنقى زامانلاردا چىرالىقلار ئۆرۈك پىششىقىدا كەلگەن مېھماننى ئالدى بىلەن ئۇبدان غىزالاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆرۈكزارلىققا باشلاپ ئارام ئالدۇرۇشقا ئادەتلەنگەنىكەن. بىر كۈنى بېغىدا ھەر خىل ئۆرۈك تۈرلىرى تېپىلىدىغان بىر ئائىلىگە باشقا يۇرتتىن بىرقانچە مېھمان كەپتۇ. كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان بۇ مېھمانلىرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت كەلگىنىدىن بەكمۇ سۆيۈنگەن ئۆي ئىگىسى دەرھال قوي سويۇپ غىزا تەييارلاشقا كىرىشىپتۇ. بۇ دەل ئۆرۈك پىششىقى مەزگىلى ئىكەن. مېھمانلار داستىخاننىڭ تەييارلىنىشىغىمۇ تاقەت قىلماي، باغقا كىرىپ، ئاچ قورساققا ئۆرۈكلەرنى راسا يېيىشكە باشلاپتۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي قورساقلىرى ئاغرىپ ئىچى سۈرۈپ كېتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا بىر مېھمان مۇجۇپ ئاغرىۋاتقان قورسىقىنى سىلىغىنىچە: «ۋاي قېرىندىشىم، ئۆرۈكلىرىڭىزنىڭ تەمى شېرىن، ئاچچىقى كېيىن ئىكەنغۇ» دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ «چىرانىڭ ئۆرۈكى ئاچچىق» دېگەن گەپ تارىلىپتۇ.

(سۆزلەپ بەرگۈچى چىرا بازىرىدىن مەتتۇرسۇن مۇھەممەد)

## «گۈلاخما» نامى ھەققىدە رىۋايەت

قەدىمكى يىپەك يولى بويىدىكى چىرا ناھىيەسىنىڭ شەرق تەرىپىدە «گۈلاخما» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۇرت بار. بۇ يۇرتنىڭ نامى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

بۇرۇنقى زاماندا بۇ يۇرتتىكى خەلقلەر گۈلگە بەكمۇ خۇشتار بولۇپ، باغۋاران، هويلا ـ ئارام ۋە يول بويلىرىدا قىزىلگۈل ئۆستۈرۈشنى ئادەت قىلغانىكەن. گۈل پەسلىنىڭ بىر كۈنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر توپ كارۋان تەرەپ ـ تەرەپنىڭ هۇپپىدە ئېچىلغان قىزىلگۈللەر بىلەن قاپلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاجايىپ زوقلانغانلىقىدىن: «ۋاھ، گۈلئەھمەر، گۈلئەھمەر» دەپ ماختىشىپ كېتىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان يەرلىك كىشىلەر شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى دوراپ «گۈلئەھمەر» دېگەن سۆزنى تەكرارلاۋېرىپ، بۇ سۆز ئومۇملىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرتنىڭ ئەسلىدىكى نامى بارا ـ بارا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، «چېچەك» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «گۈل» دېگەن ئەرەبچە سۆز بىلەن «قىزىل» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئەھمەر» دېگەن پارسچە سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن هاسىل بولغان «گۈلئەھمەر» دېگەن بۇ ئىسىم يۇرتقا نام بولۇپ، «گۈلئەھمەر» دېگەن بۇ سۆز زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «گۈلئەخمەر»، «گۈلئاخمار» دېگەندەك ئۆزگىرىپ، ئاخىرى «گۈلاخما» دەپ ئۆزلىشىپ قالغانىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى گۈلاخما يېزىسىدىن مەرھۇم داستانچى مەتتۇردى ئاخۇن چوغدەك)
(توپلاپ رەتلىگۈچى خوتەن ئالىي پېداگوگىكا مەخسۇس كۇرس مەكتىپىدە)





ئەلىشىر نەۋائىي دەرۋىش مۇھەممەد سۇلتان بىلەن بىللە رەسسام : قاسىم ئەلى چېھرەكۇشاي



«شاھنامە» داستانىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىم


**源 泉** (布拉克)

(维 吾 尔 文)　　总133期

بۇلاق

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 133 - سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:阿布来提·伊明　　副主编:买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　　定价:7.50元
广告经营许可证号:6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108-58　　باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043